# تارىم

3

1984



ئۆرۈك چېچەكلىدى

سۈرەتنى نىياز ئەمەن تارتقان.

# تارىم

( ئايلىق ئەدەبىي ژورنال )

27-يىل نەشرى

1984

# تارىم

## هىكايىلار


خىجىللىق ........................................ ئايشەم ئەخمەت 37
ئاقىۋەت ........................................ تۇرسۇنئاي يۇنۇس 43
ئىككى ھىكايە ........................................ تۇرسۇن تىلىۋالدى 52
30 يىلدىن كېيىن ........................................ مەتتۇرسۇن سۇلايمان 59
مىراس ........................................ توختاجى روزى 72
رازىيە ........................................ مەھەممەت روزى يارقىن 96
«خۇش خەۋەر» ........................................ مەتقاسىم ئابدۇراخمان 103
پوزىتسىيە ........................................ غوپۇر قادىر 109


## شېئىرلار


شېئىرلار ........................................ ئەركىن ئىبراھىم 4
ئايال ........................................ مامۇت زايىت 6
ئانا مۇھەببىتى ........................................ يالقۇن نۇر 7
شېئىرلار ........................................ تۇرسۇنئاي ھۈسەيىن 26
ئىككى شېئىر ........................................ نۇرىيە ئېلاخۇن 29
ئۈچ شېئىر ........................................ زەينۇرە ئەيسا 32
تۇپراقنىڭ غەزدۇى (باللادا) ........................................ دىلبەر قەييۇم 34
شېئىرلار ........................................ تېيىپجان ئېلىيوپ 79
ئەل ۋە مەن ........................................ ئابلىمىت سادىق 86
ۋەتەن ھەققىدە غەزەل ۋە رۇبائىلار ........................................ ئابدۇشۇكۇر مەتمىن 87

# بۇ سانىدا


باھار ھەققىدە غەزەل ........................ ماخمۇت يۈسۈپ 91
ناخشا تېكىستلىرى ........................ مەھەممەت رەھىم 91
ئىككى غەزەل ........................ سادىق سادىرى 93
تۈلكىنىڭ كېسەل داۋالىشى (مەسەل) ........................ ۋاھىتجان غوپۇر 94
توي ئۈستىگە توي (داستان) ........................ ئەمەت جاپپار 112
ئىلى پەرزەنتلىرى (شېئىردي روماندىن پارچە) ........................ مۇھەممەتجان سادىق 132


### ئوبزور ۋە ماقالىلار


مەھمۇت قەشقەرىنىڭ يۇرتى، ھاياتى ۋە مازىرى توغرىسىدا ........................
........................ ئىبراھىم مۇتىئى، مىرسۇلتان ئوسمانوپ 9
ھىكايىچىلىق ئىجادىيىتىدىكى يېڭى بىخ ........................ قاھار جېلىل 55
«سىناق مەيدانىدىكى لەتىپە»نىڭ لەززىتى ........................ قادىر سىدىق 121
مەشھۇر يازغۇچىلارنىڭ ئىش ئىزلىرىدىن ........................ ئىخلاس 126


### چەتئەل ئەدبىياتىدىن


بۇلاق كۆيلىرى (ھىكايە) ........................ توپان مىنەل 138
يۇمۇرلار ........................ 143


رەسىمنى مەھەممەت ئايۇپ سىزغان، ھۆسنىخەتنى ئوبۇلقاسىم مۆمىن يازغان.

# شېئىرلار

ئەركىن ئىبراھىم

## بېلىجان سۈزۈك سۇدا يۈرەر ئۈزۈپ

يۆلىنىپ تۇرماقتىمەن قىيا تاشقا
ئالدىمدا كۆپ ـ كۆك دېڭىز، كۆز يەتكۈسىز.
گىرۋىگى ئۇپۇق بىلەن قۇچاقلاشقان،
سۈزۈكلۈك تەرىپىگە سۆز يەتكۈسىز.

تەۋرىنەر شۇنچە ئاستا، شۇنچە لەرزان،
شوخ ـ ئەركە شامالLARنىڭ سۆيۈشىدىن.
يۈرىكىم ھاياجاندا تەپمەكتە تېز،
قەلبىمدە ئىلھام ئوتى يېنىشىدىن.

قارىسام، زەڭگەر دېڭىز ئۇپۇقۇنىغا
كۆڭلۈمنى قالدى يورۇپ، دىل سۆيۈنۈپ.
قوينىدا شۇنچە ئەركىن، شۇنچە ئويناق،
بېلىجان بىخىرامان يۈرەر ئۈزۈپ.

بېلىجان، ئېخ بېلىجان، شوخ بېلىجان،
ياشاشقا سىز قوينىدا تۆرەلگەنسەن.
دولقۇنلار چوڭ قىلدۇ ئەللەي ئېتىپ،
ئۇپۇقۇنلار بۆشۈگىگە بۆلەنگەنسەن.

ئېخ، مېنىڭ يۈرىكىمۇ ئوينىماقتا،
سۇدىكى بېلىجاننىڭ ئوينىشىدىن.
سۇ ئۇنىڭ ھاياتىدۇر، ئۇنىڭ جېنى
سۇدىلا غەم يىمەيدۇ كەلمىشىدىن.

بۈگۈن ئۇ تېخى كىچىك بىر بېلىجان،
ياشاشقا ئىنتىلىدۇ، چوڭ بولىدۇ.
ۋاقىتسىز ئەجەل يېتىپ قالمىسلا
تەقدىرى ئۇنىڭ چوقۇم ئوڭ بولىدۇ.

ئېخ، بۈگۈن مەنمۇ كىچىك بىر بېلىجان،
مەرىپەت ئوكيانىدا ئۈزۈپ يۈرگەن.
ئانا يۇرت بەختى ئۈچۈن، پەخرى ئۈچۈن،
ئىجاتتىن ئۈنچە ـ مارجان سۈزۈپ يۈرگەن.

بېلىجان سۈزۈك سۇدا يۈرەر ئۈزۈپ،
مەن ھايات دولقۇنىدا ئۆسمەكتىمەن.
يالقۇنلۇق چېلىشلاردا، يېڭىشلاردا
جاۋىدلىك ئىقبالىمنى كۆرمەكتىمەن.

## نۇر ئوغلىمەن

نۇرغا چۆمدۈم، نۇر ئىچىدە تۇغۇلدۇم،
مەن كۆز ئاچقان چاغدا دەسلەپ ھاياتقا.

قۇياش چىقسا نۇرغا قاراپ تەلمۈرۈپ،
قىزىقسىنىپ باقار ئىدىم ھەر ياققا.

ئانام ماڭا قاراپ نۇرلۇق كۆزىدە
يۈرىگىمدە ئىنسانىي ھىس ئويغاتقان.
يۈزلىرىمگە يېقىپ نۇرلۇق يۈزىنى
مېھرى بىلەن ۋۇجۇدۇمنى ياشناتقان.

مەن ئۆزەمنى دەيمەن نۇرنىڭ ئوغلى دەپ
مەھسۇلى مەن چۈنكى نۇرلۇق قۇياشنىڭ.
ئالدىم ئۇندىن دىلغا سۆيگۈ - يورۇقلۇق،
كۆرۈۋالدىم نىشانەمنى ياشاشنىڭ.

مەن بىلمەن نۇرنى شۇنداق مۇقەددەس،
يورۇقلۇقتا، ھاياتلىقتا زوقلىنىپ.
بەختلىكمەن ئېقىپ كەتسەم يۇلتۇزدەك
بىر زەررىچە يورۇق چېچىپ نۇرلىنىپ.

## سەھەر ئىلھامى

يېپىنىپ ئۇچىسىغا چوغلۇق لىباس،
كۆلمەكتە تاڭ پەرىسى شولا چېچىپ.
نۇرلىنىپ كەتتى ئالەم سىياقىدىن
ئوتقاشتەك شۇنچە قىزىل جۇلالىنىپ.

دىماقتا ئۇرۇلىدۇ خۇشبۇي ھاۋا
بىر ئەجەپ يېڭىلىقتىن بېرىپ دېرەك.
ئېخ، بۇ ھال تۇيۇلىدۇ پاك بوۋاقىنىڭ
ھاياتلىق بۆشۈگىدە كۈلۈشىدەك.

يالتىرار كىرىستالدەك سۈزۈك شەبنەم،
ئاسقاندەك لەئلى - ياقۇت چۆپلۈكلەرگە.
مەگزىدە ۋىسال يېشى ئوينىغان قىز
ياققاندەك گۈزەل ھىسلار يۈرەكلەرگە.

ئۇپۇقتا جەۋلان قىلغان گۈزەللىكتىن
ھەل ئېلىپ تاۋلانماقتا كۆكتە بۇلۇت.
يۈرىگىم شەپەقسىمان بۇلۇتلاردەك
ھاياتلىق نۇرى ئىچرە سەزمەكتە قۇت.

يېپىنىپ ئۇچىسىغا چوغلۇق لىباس،
كۆلمەكتە تاڭ پەرىسى شولا چېچىپ.
ئېخ، شۇ تاپ مەنمۇ گويا قىزىل گۈلدەك
نۇرلىنىپ كېتىپتىمەن، جۇلالىنىپ.

ھاياتلىق قۇچىغىدا تۇغۇلدۇم مەن،
ياشلىغىم تاڭ سەھەرنىڭ جۇلاسىدۇر.
ئۇپۇقتا بەرق ئۇرغان ئالتۇن قۇياش
ئۆتكۈنچى بۇ ئۆمرۈمنىڭ سىماسىدۇر.

## غازاڭ قەسىدىسى

كەچكى شامال سوقار ئىدى تىنىمسىز،
قۇرۇق ياپراق تۇرار شاختا تەۋرىنىپ.
گويا ئەجەل شەپىسىنى سەزگەندەك
سىلكىنەتتى ھەر تەرەپكە مۈگدىنىپ.

چۈشتى ئاستا يەرگە جانسىز غازاڭلار،
ئۇچۇپ كەتتى شامال بىلەن يىراققا.
كۆز ئالدىمدا تۇرار ئىدى دەرەخمۇ
چۆككەن كەبى خۇددى قايغۇ - پىراققا.

ئەمەس ئۇمۇ ئاددىغىنە بىر غازاڭ،
بار ئۇنىڭمۇ ئۆز ئالدىغا كەچمىشى؛
بار ئۇنىڭدا ھەر مىنۇتتىن خاتىرە،
ھەر مەنادا ئاقتان ھەر خىل كۆز يېشى.

ئۇ بولسىمۇ شۇنچە يۇمران ۋە نازۇك،
لېكىن ئۆتكەن بورانلاردا ھاياتى.
تۇيۇلۇشى مۇمكىن بەلكىم ئىنسانغا
شۇنچە ئاددى بولۇپ ئۇنىڭ ماماتى.

قېنى ئەمدى، يېشىللىقتىن نەنشان،
دەل - دەرەختە گۈزەللىكتىن نۇر - زىيا؟
ئەمەسمىدى بوك - باراقسان سايىسى
ئىنسانلارغا تومۇزلاردا باشپانا.

مەن سۆيۈمەن يېشىللىقنى، ھاياتنى،
سىڭىپ كەتتى سۆيگۈم ئاشۇ ياپراققا.
ياپراقچىلىك بولسا ئىدى قىممىتىم،
ئارمانسىزدىم كۆمۈلسەممۇ تۇپراققا.

## مەن بىر قۇشمەن

مەن بىر قۇشمەن، ئۈمىد مېنىڭ قاناتىم،
ئۇچماقتىمەن كۆك قەھرىگە ئىنتىلىپ.
تۇمانلاردا نىشانىمدىن ئاداشسام،
ئۈمىد بىلەن ئۇچتۇم يەنە ئىزلىنىپ.

چاقىرماقتا مېنى ھۆرلۈك پەرىسى،
قانائەتنى تەرك ئەتتىم دىلىمدىن.
ئاشماقتىدۇر كەلگۈسىگە ئىشەنچىم،
ئۈمىد ئوتى چاقنىماقتا كۆزۈمدىن.

قايرىلسا گەر بورانلاردا قاناتىم،
قۇياش يەنە يېڭى ئۈمىد بېغىشلار.
يۈرىگىمدە يالقۇنجىشى ئۈمىدىنىڭ
ۋۇجۇدۇمدا ئالەمچە كۈچ قوزغىتار.

قۇچاق ئاچار ئەجەل ھامان بىر كۈنى،
ئۆمۈر چەكلىك، بارماس ئانچە ئۇزاققا.
ئىجات بىلەن ئۇزارتىمەن ئۆمرۈمنى،
ھەر مىنۇتتىن گۈل كەلتۈرۈپ ھاياتقا.

مۇھەببىتىم چوڭقۇر مېنىڭ ھاياتقا،
لېكىن بەزەن چىقار توسقۇن يولۇمدىن.
بىراق يەنە كۈرەشمەن ھايات دەپ
بۈيۈك بولغاچ ئەتە ھامان بۈگۈندىن.

مەن بىر قۇشمەن، ئۈمىد مېنىڭ قاناتىم،
مۇھەببىتىم چوڭقۇر مېنىڭ ھاياتقا.
ئۈمىد مېنى قۇچىغىدا ياشنىتىپ،
باشلىماقتا غەيرەت بىلەن يىراققا.

# ئايال

### مامۇت زايىت

بارمىدۇ چولپاندىن گۈزەلرەك يۇلتۇز،
سۇبھىنىڭ ئەرشىدە كامالغا يەتكەن؟
بارمىدۇ جاھاندا بىر ئۆلمەس ئەدىپ،
گۈزەللىك توغرىلىق كۈيلىمەي ئۆتكەن؟

ئانىسىز — بۇ ئالەم مەھرۇم ئەۋلاتتىن،
ئانىسىز — پەرزەنتمۇ بىناۋا يېتىم.
بولمايدۇ ئانىنىڭ سۈت ھەققى ئادا،
بۇ يولدا ئۆمرۈڭنى بەرسەڭ مىڭ قېتىم.

گۈزەللىك ھەققىدە بولار ئىكەن سۆز،
كېلىدۇ ئاياللار ئېسىمگە دەرھال.
نۇر، يالقۇن، ھاياتلىق بۆشۈكى ئۇلار،
ئانىمۇ، سىڭلىممۇ، يارىممۇ ئايال.

ھەدىلەر، سىڭىللار شەپقەت بۇلىغى،
مېھرىدىن ۋۇجۇدۇڭ كۈچ ئالار ھەردەم.
ئۇلارسىز بولمايدۇ تويۇڭمۇ تويدەك،
مۇسىبەت كۈنىمۇ ئۇ ساڭا ھەمدەم.

قىرانلىق پەيتىگە يەتكەن ئەر ئۈچۈن
بىر بەخت - ئۆمۈرلۈك نىگارنى سۆيمەك.
ياشلىقتا بىر مەزمۇن، كۈچ قوشىدۇ يار،
نىگارسىز يالقۇندىن مۇستەسنا يۈرەك.

ۋاپادار ئايالسىز ئۆي مىسالى گۆر،
ئايالنىڭ مېھرىسىز لەۋگە يات كۈلكە.
ئايالسىز تۇرمۇشتا يوق لەززەت - هوزۇر،
ئايال ئۇ ئۆي ئۈچۈن گويا تاج - قۇببە.

ئايالسىز خانىگە تولمايدۇ مېھمان،
ئۇلارسىز قىزىماس سورۇن ۋە بەزمە.
ئۇلارسىز يوق ئۆيدە ھەقىقى بەركەت،
ئاياللار — ئەر ئۈچۈن گۆھەر غەزىنە.

ئاياللار مەنبەئى جۇشقۇن ئىلھامنىڭ
ئۇلارسىز ياڭرىماس شائىر قوشىقى.
ئۇلارسىز ئاچمايدۇ باغلار گۈل - چېچەك،
ئۇلارسىز مۇز گويا ھايات قۇچىقى.

ئاياللار قاتناشماي، كۈچ قاتماي پەقەت،
تاپالماس ئىنقىلاپ ئىستىقبال، ئۈمىت.
بولماستىن مەھبۇبىنىڭ مەدەت - ئىلھامى،
جەڭگاھتا شان - زەپەر قۇچالماس يىگىت.

ئاياللار — ماھىرى ھۈنەر - سەنئەتنىڭ،
ئەڭ نازۇك ماشىنا گويا جۈپ قولى.

تەبىئەت مىسالى، ئۇ چىۋەر، ئىشچان،
مۆجىزە — يىڭنىدە ياراتقان گۈلى.

ئاياللار تۆھپىكار بىلىم - ئىرپاندا،
تارىختا ئۇلارنىڭ بار — ئورنى، شانى.
ئالىمە، شائىرە... ھەمشىرىلەرنىڭ
ئۆچمەدى، ئۆچمەيدۇ ۋەتەندە نامى.

كۆيلىگەن لۇتپى ھەم نۆبىتى، گۇمنام،
ئاياللار توغرىلىق غەزەل - قەسىدە.
شېئىرىيەت داھىسى بۈيۈك ئەلىشىر
ياراتقان چوڭ داستان شىرىن ھەققىدە.

ماختالغان نىزارى قەلىمى بىلەن،
ئاياللار — ئۈلگىسى بولۇپ ۋاپانىڭ.
ئىزھارى رابىغۇزى يازغان زۇلەيخا،
ئاياللار مەرتلىگى، سۇبات، جاپانىڭ.

ھەمشىرە رىزۋانگۈل كەبى ئاياللار
جەڭ قىلغان ئەرلەرگە تۇرۇپ يانمۇ - يان.
ئۇلارنىڭ ئىچىدىن چىققان بىھىساپ
ۋاپادار مەھبۇبە، باتۇر، قەھرىمان.

تەرىپى تۈگىمەس كۆيلىسە قانچە،
ئۇلار — چىن گۈزەللىك، مەرتلىككە سىما.
ئۇلارسىز بولالماس مەۋجۇت بۇ ئالەم،
ئاياللار — مۇنبەتلىك كەڭ يېرىم دۇنيا!...

# ئانا مۇھەببىتى

**يالقۇن نۇر**

تاڭ ئاقاردى ئانا سېنىڭ چېچىڭدەك،
سانسىز يۇلتۇز ئاڭا سىڭىپ يوقالدى.
كۆرگەنىمدى قۇياش ياكى قەلبىڭنى،
قىزاردى زەپ يۈرىگىڭدەك رەڭ ئالدى.
سۇبھى ۋاقتى پۈتۈن جاھان ئويغاندى،
مېھرىڭ شۇئان ئىلھامىمنى قوزغاتتى.

ئۆتكەن ئىدى باللىغىم قوينۇڭدا،
تۇمار ئىدىم گويا سېنىڭ بوينۇڭدا.
ئەللەي ئېيتىپ كۆز يۇممايتتىڭ كېچىسى،
گىرە سېلىپ بۆشۈگۈمگە ئۇيقۇڭدا.
سەن تۆكەتتىڭ مېھرىڭنى زەر قۇياشتەك،
مەن ياتاتتىم جىسمىم ساڭا تۇتاشتەك.

مەن يىغلىسام يىغلار ئىدىڭ قوشۇلۇپ،
كۆلگىنىمدە تەڭ كۈلەتتىڭ سۆيۈنۈپ؛
مەن ياناتتىم گويا شامدەك دىلىڭدا،
سەن ئۇچاتتىڭ پەرۋانىدەك ئۆرتىنىپ.
ئانا جىسمىڭ پۈتكەنمۇ يا تۆمۈردىن،
بېغىشلىدى مېھرىڭ ھايات ئۆمۈردىن.

ئۆتكەن ئىدى قانچە كېچە ئاشۇنداق،
تىنىقلىرىڭ تىنىقىمغا قوشۇلۇپ.
ئۇلۇغ ئانا ئىدىڭ پۈتمەس بايلىقىم،
قانماس ئىدىم خۇش ھىدىڭغا تويۇنۇپ.
خىسلىتىڭنىڭ سىمۋولى تىيانشان،
تەرىپلەشكە تىلىم ئاجىز ئانىجان!

بىراق ئۇ چاغ سەبى ئىدىم ئەقىلسىز،
چاپچىپ يۈرەر ئىدىم توسۇن تاي كەبى.
ئويلىمايتتىم بەگۋاشلىقىم تۈپەيلى،
ئەگسە جاپا قامىتىڭنى ياي كەبى.
ھايات يولى سېنى شۇنداق ھېرىتتى،
ياشلىقىڭنى ئېلىپ كەتتى، قېرىتتى.

تۆۋە قىلدىم، بىراق ئەمدى كېچىكتىم،
بېرەلمەيمەن ياشلىقىڭنى قايتۇرۇپ.
ئاتا قىلدىم بارلىقىمنى ۋەتەنگە،
ساڭا بولغان مۇھەببىتىم جۇش ئۇرۇپ.
ئەھدىڭ ئاقلاش پۈتۈن ئارزۇ - تىلىكىم،
چىراق بولسۇن ساڭا ئوتلۇق يۈرىكىم.

ئادا بولماس قەرزىم يەنە شۇندىمۇ،
چۈنكى سىڭگەن ئارمانلىرىڭ تېنىمگە.
كەمەر بولدى ئەجداتلارنىڭ نىيىتى،
سەن باغلىدىڭ ئۇنى مەھكەم بېلىمگە.
تاڭ شەپىقى بولدى يېڭىش بايرىقىم،
خاتىرجەم بول، جېنىم ئانا، ئامرىقىم.

بەرگىن ماڭا بوۋام تۇتقان قىلىچنى،
كېسەي پەرھات كەسكەن ئاشۇ تاغلارنى.
پەخىرلەنسۇن خەلقىم گويا شىرىندەك،
ئەھيا قىلسام چۆلدە گۈزەل باغلارنى.
بىزنى كۈتەر گۈزەل ئىقبال - كېلەچەك؛
ئاچار «ئانا» ئارزۇلىرىڭ گۈل - چېچەك.

# مەھمۇت قەشقەرىنىڭ يۇرتى، ھاياتى ۋە مازىرى توغرىسىدا

ئىبراھىم مۇتىئى
ئەمرسۇلتان ئوسمانوپ

مەملىكىتىمىزنىڭ 11-ئەسىردە ئۆتكەن مەشھۇر ئالىمى مەھمۇت قەشقەرىنىڭ يۇرتى، ھاياتى ھەم قەيەردە ۋاپات بولغانلىقى ئىلىم دۇنياسىدا ھازىرغىچە تولۇق ئېنىقلانماي كېلىۋاتقان بىر مەسىلە ئىدى. بۇ ھەقتە تۈرلۈك كۆزقاراش ۋە پەرەزلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولسىمۇ، لېكىن، يەنىلا كەڭ جامائەتچىلىكنى قانائەتلەندۈرەلمەي كەلدى. بەزى كۆزقاراشلار ھەتتا رىياللىقتىن ناھايىتى يىراقلىشىپ كەتتى.

بىز ئالىمنىڭ «دىۋان»دا ئۆز يۇرتى ۋە ھاياتى ھەققىدە بەرگەن ماتېرىياللىرى ئاساسىدا، يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئىزلىنىپ كۆرۈش مەقسىدى بىلەن 1982-يىلى 12-ئايدىن 1983-يىلى 3-ئايغىچە قەشقەردە «تۈركى تىللار دىۋانى» نىڭ II-تومىنى ئۇيغۇرچە نەشرگە تەييارلاش خىزمىتى جەريانىدا قەشقەرنىڭ ئوپال يېزىسىنى نۇقتا قىلغان ھالدا بىر نۆۋەت مەخسۇس تەكشۈرۈش ئېلىپ باردۇق. بۇنىڭدا ئالدى بىلەن (1982-يىلى 12-ئاينىڭ 18-، 19-كۈنلىرى) ئوپالدىكى «ھەزرىتى موللام» مازىرى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش تارىخىي ئورۇنلارنى كۆزدىن كەچۈردۇق. ئاندىن ئوپال ۋە قەشقەردىكى پېشقەدەم ئۆلىمالار، زىيالىيلار ۋە مۇناسىۋەتلىك ئادەملەردىن ئۇلار بىلىدىغان ئەھۋاللارنى ھەم مەھمۇت قەشقەرىنىڭ مازىرىغا مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنى ئىگىلىدۇق. شۇنىڭ بىلەن 1982-يىلى 12-ئاينىڭ 30-كۈنى ئوپالدىكى «ھەزرىتى موللام» مازىرىنىڭ مەھمۇت قەشقەرىنىڭ مازىرى ئىكەنلىكى توغرىسىدا بىرىنچى قېتىملىق دوكلادىمىزنى ئاپتونوم رايوندىكى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار بىلەن قەشقەر مەمۇرى مەھكىمىسىگە ئەۋەتتۇق①. شۇ ئاساستا قەشقەر مەمۇرى مەھكىمە مەسئۇللىرىدىن يولداش مامۇتوپ ۋە ئەيسا شاكىرلارنىڭ قىزغىن قوللىشى بىلەن 1983-يىلى 1-ئاينىڭ 6-كۈنى قەشقەردىكى ئۆلىمالار، زىيالىيلارنىڭ ۋەكىللىرى ۋە مۇناسىۋەتلىك كىشىلەرنىڭ سۆھبەت يىغىنىنى ئۆتكۈزۈپ، جامائەتچىلىكتىن پىكىر ئالدۇق. شۇنىڭ بىلەن بۇ ھەقتە يەنىمۇ كۆپ ئادەملەرنىڭ دىققىتىنى قوزغىلىپ، بىزنى بىرمۇنچە قىممەتلىك ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلىدى. بۇنىڭ ئىچىدە قەشقەرنىڭ مەشھۇر ئۆلىمالىرىدىن ئىمىر ھەسەن

① بۇ دوكلات «قەشقەر ئەدەبىياتى» نىڭ 1983-يىل 2-سانىدا بېسىلغان.

قازى ئاخۇنۇم تەقدىم قىلغان، مۇندىن 150 يىلچە ئاۋال يېزىلغان بىر كىتاپ ۋەخپەنامىسى تولىمۇ قىممەتلىك ھۆججەت بولۇپ، ئۇنىڭدا ئۇيالدىكى «ھەزرىتى موللام» مازىرىنىڭ ھەقىقەتەن مەھمۇت قەشقەرىنىڭ مازىرى ئىكەنلىكى ئوچۇق بايان قىلىنغان. بۇ ھۆججەت بىزنىڭ ئاغزاكى ماتېرىياللار ئاساسىدا يېزىلغان بىرىنچى قېتىملىق دوكلادىمىزدا ئالغا سۈرۈلگەن كۆز-قاراشلىرىمىزنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى تەستىقلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىز تولۇپ تاشقان ئىشەنچ-كە كېلىپ، ئىككىنچى قېتىملىق دوكلادىمىزنى يېزىشقا مۇۋەپپەق بولدۇق ۋە ئۇنى 1983-يىلى 4-ئايدا شىنجاڭ ئىجتىمائى پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئىلمىي ھەيئەتلىرىنىڭ كېڭەيتىلگەن يىغىنىغا قويدۇق.

ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، بىز قەشقەر ۋە ئۇيالدا دەسلەپ سۆزلەشكەن كىشىلەرنىڭ تولىسى «تۈركى تىللار دىۋانى» نىڭ ئۇيغۇرچە I - تومى نەشر قىلىنغاندىن كېيىن ئۇنى كۆرگەن ياكى كۆرەلەيدىغان كىشىلەر ئەمەس، ئۇلارنىڭ بىر قىسمى ئەزەلدىن «ھەزرىتى موللام» مازىرىنىڭ شەيخلىغىنى قىلىپ كېلىۋاتقان ئاددى خەلق، بىر قىسمى كونىچە ئوقۇغان بولسىمۇ، ئىلىم دۇنياسىدا مەھمۇت قەشقەرى ھەققىدىكى تەتقىقاتلاردىن بىخەۋەر كىشىلەر. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئەۋلاتتىن-ئەۋلاتقا داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان «ھەزرىتى موللام» نىڭ مەھمۇت قەشقەرى ئىكەنلىكى ھەققىدىكى ھەرخىل رىۋايەتلەر بىزگە خەلقىمىزنىڭ ئۆزىنىڭ بۇ مۇنەۋۋەر پەرزەنتىنى بىرقانچە ئەسىرلەر داۋامىدا چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن ياد ئېتىپ كېلىۋاتقانلىقىنى، ئۇنى ئۇنتۇپ كەتمىگەنلىكىنى ھېس قىلدۇردى. بىز بۇ ماقالىمىز ئارقىلىق بۇ ماتېرىياللارنى ئۆز ئەينى بويىچە جامائەتچىلىككە مەلۇم قىلماقچىمىز ۋە ئۆزىمىزنىڭ بىرىنچى، ئىككىنچى قېتىملىق دوكلادىمىزدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان كۆزقاراشلىرىمىزنى تەپسىلى بايان قىلماقچىمىز. بىز بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈشتە ئىگىلىگەن ماتېرىياللارنى ئېلان قىلىشتا ئۇلارنىڭ مېغىزىدىن پايدىلاندۇق، شاكىلىنى تاشلىدۇق، يەنى مەسىلىگە ئالاقىدار بىر قىسىم رىۋايەتلەر ئىچىدىكى ئەسىرلەر داۋامىدا قوشۇلۇپ قالغان بەزى ئەپسانىۋى يىپىنچىلارنى نەزەردىن ساقىت قىلدۇق.

مەھمۇت قەشقەرىنىڭ يۇرتى، ھاياتى ۋە مازىرى ھەققىدە بىز ئىگەللىگەن ماتېرىياللار تۆۋەندىكىچە:

## 1. مەھمۇت قەشقەرىنىڭ يۇرتى

مەھمۇت قەشقەرىنىڭ قەشقەرلىك ئىكەنلىكى ئۇنىڭ تەخەللۇسىدىن ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ. ئىلىم دۇنياسىدا چىنلىققا ھۆرمەت قىلىدىغان كىشىلەرنىڭ ھېچقايسىسى بۇنىڭدىن قىلچە گۇمانلانمايدۇ.

ئالىمنىڭ قەشقەرنىڭ قايسى يېرىدىن ئىكەنلىكىگە كەلسەك، بۇ ھەقتە «تۈركى تىللار دىۋانى» دىكى مۇنداق بىرنەچچە پاكىت بىزنىڭ دىققىتىمىزنى ئۆزىگە تارتىدۇ:

مەھمۇت قەشقەرى «دىۋان» دا قەشقەر ئەتراپىدىكى 20 دىن ئارتۇق يەر ئىسمىنى ئىزاھلىغاندا، ئۇلارنىڭ كۆپىنى «اِسمِ بَلْدَةٍ كانَتْ قُرْبَ كاشْغَرْ» (قەشقەر يېنىدىكى بىر شەھەر-

نىڭ ئىسمى)، «اِسْمِ قَرِيَةِ الْكاشْغَر» (قەشقەردىكى بىر يېزا ئىسمى) دىگەندەك ئىبارىلەر بىلەن ئىزاھلىغان بولسىمۇ، لېكىن «اَذْغ *ażïq*» سۆزىنى① ۋە «اُبَلْ *opal*» سۆزىنى② «اِسْمِ قَرِيَةِ لَنا» (بىزنىڭ يۇرتىنىڭ نامى) دەپ ئىزاھلىغان. «قَسى *kasï*» سۆزىنى③ «اِسْمِ مَوْضَعِ لَنا» (بىزدىكى بىر يەر ئىسمى) دەپ ئىزاھلىغان.

توغرىسىنى ئېيتقاندا، بىزنىڭ قەشقەر ئوپال يېزىسىدىكى تەكشۇرۇشىمىز مانا مۇشۇ يىپ ئۇچى ئاساسىدا، يەنى مەھمۇت قەشقەرىنىڭ يۇرتى ئوپال، ئوپالنىڭ «ئازىق» مەھەللىسى دىگەن ئاساستا ئېلىپ بېرىلدى.

ئوپال قاتناش لېنىيىسى ھىساۋىدا، قەشقەر شەھرىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان 45 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى جاي بولۇپ، ھازىر قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسىگە قاراشلىق بىر يېزا. ئۇ پامىر تاغلىرىنىڭ شەرقىي ئېتىكىدىن ئورۇن ئالغان، ھاۋاسى ساپ، تەبىئى مەنزىرىسى گۈزەل بىر جاي. مەھمۇت قەشقەرى «قەشقەر ــ خان تۇرىدىغان جاي، قەشقەرنىڭ ھاۋاسى ياخشى بولغانلىقتىن، خاقان ئەفراسىياپ شۇ يەردە تۇرغان»④ دىگەندە، قەشقەرنىڭ، شۇ جۈملىدىن، ئوپالنىڭ مۇشۇنداق ساپ ھاۋاسىنى ۋە گۈزەل مەنزىرىسىنى كۆزدە تۇتقان بولسا كېرەك.

«اَذْغ *ażïq*» دىگەن يەر ئىسمىغا كەلسەك، مەھمۇت قەشقەرى «بىزنىڭ يۇرتىنىڭ نامى» دەپ ئىزاھلىغان بۇ مەھەللىمۇ خۇددى شۇ ئوپالنىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان. «ھەزرىتى موللام» مازىرىنىڭ تەخمىنەن 300 - 400 مېتىر جەنۇبىدىكى «ئازىق تىكەن دارىسى» (ھازىرقى ئاتىلىشى «سوسەر ئاغزى») دىگەن ئېقىننىڭ ئاغزىغا جايلاشقان.

«قسي *kasï*» ئازىق مەھەللىسىگە تۇتاش بىر جاي ئىسمى، ھازىر بۇ سۆزدىكى «س» تاۋۇشىدا فونېتىك ئۆزگىرىش يۈز بەرگەن بولۇپ، بۇ جايدىن ئۆتكەن ئۆستەڭ «قاچى ئۆستەڭ» دىيىلىدۇ.

ئازىق مەھەللىسىدىن 92 ياشلىق داۋۇت زۇنۇنىنىڭ ئۆز دادىسىدىن نەقىل كەلتۈرۈپ ئېيتىپ بېرىشىچە، بۇ مەھەللىنىڭ ئەسلى ئىسمى «ئازىق» بولۇپ، بۇرۇن سۆسەر ئاغزىدىن بىر قېتىم سەل كېلىپ قۇم سىلىقۇەتكەنلىكتىن «قۇمباغ» دەپمۇ ئاتىلىدىغان بولغان. مۇندىن 50 يىللار ئىلگىرىكى ۋاقىتقىچە خەلق «ئازىق» دىگەن ئىسمىنىمۇ تەڭ قوللىنىپ كەلگەن. يەرلىك خەلقنىڭ چۈشەندۈرۈشىچە، «ئازىق تىكەن دارىسى» دىگەن سۆز «ئاق تىكەن دارىسى» مۇ دىيىلىدىكەن. چۈنكى «ئازىق تىكەن» بىلەن ئاق تىكەن، بىرلا خىل ئۆسۈملۈكنىڭ ئىككى خىل ئاتىلىشى بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇششاق قىزىل مېۋىسى بولىدىكەن بۇ مېۋىنى ئېيىق يەيدىكەن.

بىرگە مەلۇم، «ئېيىق» سۆزى خاقانىيە تىلىدا «*ażïq*» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ

① «تۈركى تىللار دىۋانى» يازما نۇسخە، 44 - بەت، 1 - ، 2 - قۇرلارغا قاراڭ.
② 〃 〃 〃 〃 49 - بەت، 7 - قۇر.
③ 〃 〃 〃 〃 544 - بەت، 5 - قۇرغا قاراڭ.
④ «تۈركى تىللار دىۋانى» يازما نۇسخە، 173 - بەت، ئۇيغۇرچە I توم، 447 - بەتلەرگە قاراڭ

شۇڭا «دىۋان»دا «اَذِغْ *azïq*» دەپ تىلغا ئېلىنغان ۋە ھازىر «ئازىق» دېيىلىۋاتقان بۇ مەھەللىنىڭ ئىسمى ئەنە شۇ «ئازىق تىكەن دارىسى» دېگەن سۆز بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ قاراشقا بولىدۇ.

11 - ئەسىردىكى خاقانىيە تىلىنىڭ ئاساسەن «ز - z» لىق تىل ئىكەنلىكى، كېيىنچە بۇ تاۋۇشنىڭ «ي - y»غا ئۆزگەرگەنلىكى، لېكىن بەزى يەر ئىسىملىرىدا، مەسىلەن، ئوپالدىكى «ئازىق» ۋە ئاتۇشتىكى «ئازاق» سۆزلىرىدە «ي - y»غا ئۆزگەرمەي (جۇغراپىيىۋى ئىسىملار ئومۇمەن تۇراقلىق بولغاچقا، مۇنداق ئۆزگىرىش ئاز بولىدۇ)، ئەسلى تەلەپپۇزى ساقلىنىپ قالغانلىقىغا دىققەت قىلىنسا، يۇقۇرقى قاراشنىڭ ئاساسسىز ئەمەسلىكى ئۆز - ئۆزىدىن مەلۇم بولىدۇ.

مانا بۇ بىزنىڭ مەھمۇت قەشقەرىنىڭ يۇرتى قەشقەر، قەشقەردىكى ئوپال يېزىسى ۋە ئوپالدىكى «ئازىق» مەھەللىسى دېيىشىمىزدىكى بىرىنچى ئاساس.

شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش كېرەككى، مەھمۇت قەشقەرى «بىزنىڭ يۇرتنىڭ نامى» دەپ ئىزاھلىغان بۇ ئىككى يەر ئىسمى ئېنىقلانغاندىن كېيىن، بىز بىرىنچىدىن، «تۈركى تىللار دىۋانى»نىڭ بىزدىن ئاۋۋالقى تەرجىمىلىرىنى نەشر قىلدۇرغان بورككېلمان، بېسىم ئاتالاي ۋە سالىھ مۇتەللىبوۋلارنىڭ «ابُل» سۆزىدە يېزىلىشتىكى سەۋەنلىك تۈپەيلىدىن «ا - ئېلىف» بىلەن «ب - b» ئوتتۇرىسىغا قويۇلۇپ قالغان دىاكرىتىك بەلگە ــ زەممىنى «ب - b» غا تارتىپ «*abul*» دەپ ئوقۇغانلىقىنىڭ توغرا بولمىغانلىقىنى، بىزنىڭ زەممىنى «ا - ئېلىف» قا تارتىپ «*opal*» دەپ ئوقۇغانلىقىمىزنىڭ پۈتۈنلەي توغرا بولغانلىقىنى ھېس قىلدۇق؛ ئىككىنچىدىن، بىز 1980 - يىلى 6 - ئايدا «دىۋان»نىڭ 1 - تومىنىڭ تەرجىمە خىزمىتىگە ئالاقىدار تىل تەكشۈرۈش بىلەن قەشقەرگە بارغان ۋاقتىمىزدا، پەيغەمبەر ئەتراپىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ھەر يىلى ئالدى بىلەن پەيغەمبەردىكى «ھەزرىتى بېگىم»، ئاندىن «ئوردا خېنىم»، ئاندىن ئاتۇشتىكى ھەزرىتى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان، ئاندىن قەشقەر پانىياپتىكى يۇسۇپ خاس ھاجىپ ــ يۇسۇپ قادىرخان، ئاندىن ئوپالدىكى «ھەزرىتى موللام» مازارلىرىنى تاۋاپ قىلىپ قايتىدىغانلىقىغا بىنائەن، بۇلارنىڭ ھەممىسى قاراخانىلار جەمەتىگە ئائىت شەخسلەرنىڭ مازارلىرى بولغاچقا، «ھەزرىتى موللام» نىمۇ قاراخانىلار جەمەتىدىن دەپ تونۇغان ۋە «ئېھتىمال، مەھمۇت قەشقەرى بولسا كېرەك» دەپ «دىۋان»نىڭ ئۇيغۇرچە 1 - تومىدا ئاز - تولا بىشارەت بېرىپ ئۆتكەن ئىدۇق. بىراق، بىزنىڭ بۇ ھەقتىكى قاراشلىرىمىزدا (بۇ بەزى ئىزاھلاردا ۋە كىرىش قىسمىدا كۆرۈلىدۇ) مۈجمەللىك بولدى، ئاتۇشتىكى «ئازاق» بىلەن ئوپالدىكى «ئازىق»نى ئارىلاشتۇرۇپ قويغانلىقىمىز ئۈچۈن، بەزى سەۋەنلىكلەرگە يول قويۇلۇپ قالدى.

بىز «دىۋان»نىڭ 1 - تومىنى ئۇيغۇرچە نەشرگە تەييارلاش خىزمىتىنىڭ قاتناشقۇچىلىرىدىن بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن مۇنداق مۇھىم بىرئىلمىي مەسىلىدە يەڭگىلتەكلىك قىلغانلىقىمىزنى ۋە شۇنىڭ بىلەن سەۋەنلىك ئۆتكۈزگەنلىكىمىزنى ئېتىراپ قىلىمىز.

ئوپال ئازىقتىكى «ھەزرىتى موللام» مازىرىنىڭ تەزكىرىسى ۋە مۇشۇ تەزكىرىدىكى

بايانلارغا ياندىشىقان ھالدا، بۇ مازارنىڭ تا مۇشۇ كۈنگىچە خەلقىمىز تەرىپىدىن «ئىلىمگە ھۆددىگار پىرىم» دەپ، سۆيۈپ، ئاسىرلاپ كېلىۋاتقانلىقى، «ھەزرىتى موللام» مازىرى شەيخلىرىنىڭ مازار ھەققىدە سۆزلەپ بەرگەنلىرى (بۇ ھەقتە ئايرىم توختىلىمىز) ۋە يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتۈلگەن ۋەخپىنامە — مانا بۇلار بىزنىڭ مەھمۇت قەشقەرىنىڭ يۇرتى ئۇپال، ئۇ ھەقىقەتەن ئۇپال ئازىقتا تۇغۇلغان ۋە ئۇپال ئازىقتا دەپنە قىلىنغان دەپ تونۇشىمىزغا ئىككىنچى ئاساس ھېساپلىنىدۇ؛ ئۈچىنچىدىن، ھازىرقى ئۇپالدا «خان بېغى» ياكى «سۇلتانباغ»، «تەكيەگاھ» (خانلارنىڭ چەتئەل ئەلچىلىرىنى كۈتۈۋالىدىغان مەخسۇس مېھمانخانىسى) دېگەن جاي ئىسىملىرىنىڭ ساقلىنىپ قېلىشى، شۇنىڭدەك، «قاراخان پاشايىم» مازىرى، «ھەزرىتى پاشايىم» مازىرى، «سوپ تېكىن (سەبۇك تېگىن؟)» مازىرى، «ئوپ تېكىن (ئالپ تېگىن؟)» مازىرى، «قىلىچ بۇغراخان» (ئېھتىمال يۇسۇپ قادىرخاننىڭ دادىسى ئوبۇلھەسەن ھارۇن ئىبنى سۇلايمان بولسا كېرەك) مازىرى دېگەندەك مازارلارنىڭ بولۇشى ۋە تىل ئالاھىدىلىكى جەھەتتە، مەھمۇت قەشقەرى «دىۋان»دا ئېيتىپ ئۆتكەن. ئۆز ئەجدادى تىللىرىنىڭ سۆز بېشىدا «ھ-h»نى كۆپەيتىش ھادىسىسىنىڭ ھازىرقى ئۇپال جانلىق تىلىدا قويۇق ساقلىنىپ كېلىۋېتىشى ئۇمۇمەن، ئۇپالنىڭ قاراخانىلار جەمەتى بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتلىك جاي ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

بولۇپمۇ، تەزكىرىدە نامى تىلغا ئېلىنغان «بۇزرۇكۋارلىرىم» دېگەن نام ئاستىدىكى مەھمۇت قەشقەرىنىڭ بوۋىسى مۇھەممەت ۋە ئاتىسى ھۈسەيىنلەرنىڭ مازىرى؛ «سەيپىدىن بۇزرۇكۋار» دېگەن نام بىلەن ساقلىنىپ كېلىۋاتقان مەھمۇت قەشقەرىنىڭ ئانا تەرەپ بوۋىسى خوجا سەيپىدىننىڭ مازىرى (تەزكىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، بۇ كىشىگە «بۇزرۇكۋار» دېگەن ئۇلۇغلاش ئىنۋانى مەھمۇت قەشقەرى دۇنياغا كېلىش بىلەن خان تەرىپىدىن بېرىلگەن)؛ «بۇبى رابىيە خېنىكەم» دېگەن نام ئاستىدا ھۆرمەتلىنىپ كېلىۋاتقان مەھمۇت قەشقەرىنىڭ ئانىسىنىڭ مازىرى؛ مەھمۇت قەشقەرىنىڭ شاگىرتلىرىدىن بولغان ئىمام ئەكبەر (ياكى ئىمام ئەژدەر)، ئىمام ئەسقەرلەرنىڭ مازارلىرى، مەھمۇت قەشقەرى باغداتتىن قايتقاندىن كېيىن، 8 يىل دەرس ئۆتكەن «مەھمۇدىيە» مەدرىسىسىنىڭ خارابىسى؛ ئالىمنىڭ ئۆز تالىپلىرى بىلەن ھەر پەيشەنبە كۈنى سەيلى قىلىدىغان ۋە ھەر يىلى نورۇز ئېيىدا تالىپلىرىنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىملىرىنى ئۆتكۈزۈپ، ئۇلارغا ئىلمىي ئۇنۋانلار بېرىدىغان، تارىخىي ئورۇن — ئالىمنىڭ تىرىك گۇۋاچىسى سۈپىتىدە ھازىرمۇ بولدۇقلاپ قايناپ تۇرغان «نورۇز بۇلاق» قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ ھەممىسى مەھمۇت قەشقەرىنىڭ يۇرتى ھەقىقەتمۇ ئۇپال يېزىسى، ئۇپالنىڭ «ئازىق» مەھەللىسى ئىكەنلىكىنى روشەن كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇ.

## 2.«ھەزرىتى موللام» مازىرى — مەھمۇت قەشقەرىنىڭ مازىرى

«ھەزرىتى موللام» (بۇ سۆز ئەسلى ئەرەپچە «مولى *məvla* — ئىگە، خوجايىن» دېگەن سۆزدىن ئۆزگىرىپ كەلگەن بولۇپ، ئاخىرىغا ھۆرمەت يۈزىسىدىن ئۇيغۇر تىلى بويىچە بىرىنچى شەخس بىرلىك تىكى تەۋەلىك قوشۇمچىسى قوشۇلغان) مازىرى ئۇپالنىڭ غەربىي

شىمالىي بۇرجىكىدىكى «ھەزرىتى موللام تېغى» دەپ ئاتالغان تاغ باغرىدا①. بۇ تاغدا ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى بۇددىست ئۇيغۇرلارغا ئائىت خارابىلەرنىڭ ئىزلىرى ھازىرمۇ تولۇق يوقالماي كەتمىگەن②. كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، مۇندىن 60 يىللار ئىلگىرى بۇ تاغدا بىر بۇددا ئىبادەتخانىسىمۇ بولغان. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە قەشقەردىكى مانجۇر ئەمەلدارلىرى ۋە ئەسكەرلىرى ھەر يىلى بۇ بۇتخانىغا چىقىپ ئىبادەت قىلىپ تۇرغان. ھازىر بۇ تاغدىن قەدىمقى دەۋرلەردىن قالغان دەپىنلەر دائىم چىقىپ تۇرىدۇ. ئومۇمەن، بۇ جايدا تاش دەۋرىدىن تارتىپ تاكى چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرىغىچە بولغان ھەرقايسى دەۋرلەردىكى مەدەنىيەت ئەكس ئەتكەن③. بۇ يەردىن تېپىلغان قاراخانىلار دەۋرىگە ئائىت يارماقلار ھازىر قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ مەدەنىيەت يۇرتىدا ساقلانماقتا. «ھەزرىتى موللام» مازىرى ئەنە شۇ تاغ باغرىدىكى «مارجان بۇلاق» («چەشمە زۇلال»مۇ دېيىلىدۇ) سەھنىسىگە جايلاشقان. بۇ بۇلاقنىڭ شىمال تەرىپىدە يەنە بىر بۇلاق بولۇپ، ئۇنىڭ تۈۋىدە «ھەزرىتى موللام» جامەسى جايلاشقان. «مارجان بۇلاق» تۈۋىدە خەلقنىڭ ئېيتىشىچە، سەل كەم مىڭ يىلدىن بۇيان قايتا-قايتا كۆكلەپ كېلىۋاتقان «ھاي-ھاي تېرەك» دېگەن تېرەك بار. مەسچىتتىن تۆۋەن چۈشكەندە «ئۈژمىلىك كوچا» دېگەن كوچا باشلىنىدۇ. مازاردىن 30-40 مېتىرچە جەنۇپتىكى دۆڭلۈكتە «مەھمۇدىيە» مەدرىسىسىنىڭ خارابە ئىزلىرى بار. مازارنىڭ كۈن چىقىش تەرەپ پەستە «موللام بېغى» دەپ ئاتىلىپ كېلىۋاتقان مەھەللە بولۇپ، بۇ مەھەللىدە «ھەزرىتى موللام» مازىرىنىڭ شەيخلىرى ۋە ئۇلارنىڭ جەددى-جەمەتى ئولتۇراقلاشقان. تاھازىرغىچە نورۇز بايرىمىدا ياكى ئۈژمە پىشقاندا، ھەرقايسى ۋىلايەتلەردىن خەلقلەر كېلىپ تاۋاپ ۋە سەيلى قىلىشىدۇ. ئوقۇمۇشلۇق كىشىلەر بولسا، بۇ مازاردا ياتقان شەخسنى «ئىلىمگە ھوددىگار پىرىم» دەپ ھۆرمەتلەپ، دۇئا-تەكبىر قىلىشىپ، ھەتتا بىر مەزگىل تۇرۇپ يېنىشىدۇ.

بىز بۇ مازاردا خەلقنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان بىر زاتنىڭ ياتقانلىقىنى ھۆلچەرلەپ، ئۇنىڭ كىملىكىنى ئېنىقلاش مەقسىتىدە مۇنداق ئۈچ جەھەتتىن تەكشۈرۈش ئېلىپ باردۇق.

1) مازارنىڭ شەيخلىرىدىن تەكشۈرۈش:

«ھەزرىتى موللام» مازىرىنىڭ ھازىرقى شەيخلىرىدىن باۋدۇن قارى، ئوسمان قارى ۋە مەمەت رېھىم شەيخلەرنىڭ ئاغزاكى كۆۋالىقىچە «ھەزرىتى موللام» مازىرىغا دەپنە قىلىنغان

---

① ئوپالنىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان «ئوپال ئارت» كۆز جىلغا بويىدىكى خارابە «تاشبالىق» دېيىلىدۇ. تۆۋەندىكى شېئىردىن قارىغاندا، تاغمۇ شۇ نام بىلەن ئاتىلىپ، كېيىن «ھەزرىتى موللام تېغى» دەپ ئاتالغان. ئوپال دۆلەت ئۈستەڭ لەڭگەرلىك «خوجا قونداق ئاتام» مازىرىنىڭ خەتىبى سۇلايمان ئىمىن (72 ياش)نىڭ رىۋايىتىچە، مەھمۇت قەشقەرىگە ئاتاپ تۆۋەندىكىدەك مەرسىيەلەر يېزىلغان:

تاشبالىق بولۇن ئەبەد ھەزرىتى موللامنىڭ تاغى،
نامى ئۆچمەس گۈل چېچەكلەپ مۇڭ بولغاي موللام باغى.

② ئوپالدىن يەنە غەربىي شىمالغا ماڭسا «ئۇيغۇر قەلئە» دېگەن بىر خارابە بار.

③ «قەشقەر ئەدەبىياتى» 1983-يىل، 6-سان، 18-بەت، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى مەدەنىي يادىكارلىقلار باشقارمىسى، قەشقەر ۋىلايەتلىك مەدەنىي يادىكارلىقلارنى قوغداش ئورنى ئارخېئولوگىيە گۇرۇپپىسىنىڭ دوكلادى»غا قاراڭ.

زاتىنىڭ تولۇق ئىسمى «ھەزرىتى مەۋلام شەمسىددىن مەھمۇدىيە ئىبنى ھۇسەيىن» ئىكەن. ئۇلارنىڭ چۈشەندۈرۈشىچە: مەۋلام — ئالىملىقىغا قارىتىلغان، شەمسىددىن — دىنىنىڭ قۇياشى، ھۆرمەتلەش يۈزىسىدىن بېرىلگەن ئۇنۋان، مەھمۇدىيە — بۇ زاتىنىڭ ئىسمى (بىرنەچچە ئەسىر ئۆتكەنلىكتىن، مەدرىسىگە بېرىلگەن «مەھمۇدىيە» دىگەن نامى ئۇلار دەپىن قىلىنغان زاتنىڭ ئىسمى دەپ ئادەتلىنىپ قالغان)، شۇنىڭدەك، ئۇنىڭ ئەخلاقلىقلىقىنى كۆرسىتىدۇ، ھۇسەيىن — دادىسىنىڭ ئىسمى. «ھەزرىتى موللام» شەيخلىرىنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ زات ئالىم كىشىكەن، ئەرەپ، پارسى، تۈركى، رومانى... قاتارلىق 8 - 9 تىلنى بىلىدىكەن، ئىران، ئىراق تەرەپلەردە ئىلىم تەھسىل قىلغان ۋە مۇدەررىس بولغان، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا «مەن يۇرتۇمغا قايتىسام» دەپ مۇشۇ يەرگە قايتىپ كېلىپ، مۇشۇ مازارنىڭ يېنىدىكى مەدرىسىدە (يەنى مەدرەسەئى مەھمۇدىيە) مۇدەررىس بولغان ۋە تۆت ئەتراپقا ئىلىمنى شۇ كىشى تارقاتقان، قايتىپ كېلىپ 8 يىلدىن كېيىن 97 يېشىدا ۋاپات بولغان، ئالىم كىشى بولغاچقا، ئۇلۇغلاپ «ھەزرىتى مەۋلام» دىيىلىدىكەن...

قارا خانىلار دەۋرىدىكى قائىدە بويىچە، خان جەمەتىدىن بولغان شەخسلەرنىڭ مازارلىرىغا خان تەرىپىدىن مەخسۇس شەيخ، جارۇپكەش (قەبرە سۇپۇرگۈچى)، سۇپارىخان، يانتاقچى، مۇتىۋەللى تەيىنلىنىپ، ئۇلار شۇ مازارنىڭ ۋەخپىلىرى بىلەن تەمىنلىنىپ تۇرغان، مۇنداق شەيخلىق ئاتىدىن بالىغا مىراس قالغان.

«ھەزرىتى موللام» مازىرىنىڭ شەيخلىقىمۇ مۇشۇ قائىدە بويىچە داۋاملاشقان. يەنى بۇ مازارنىڭ شەيخلىقى ۋە ئۇنىڭ ئالدىدىكى «موللام بېغى» دىگەن كىچىك مەھەللىنىڭ ھەممە يېرى تاكى 1949 - يىلىغىچە بۇ ئەۋلاتقا مىراس ۋە ئەۋلادى ۋەخپ (ئەۋلاتتىن - ئەۋلاتقا پايدىلىنىدىغان، لېكىن ساتقىلى بولمايدىغان ۋەخپ) بولۇپ كەلگەن. شۇڭا، 1942 - يىلى 10 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ئوپال مەھكىمەئى شەرئىيەسى بىر مەزگىل باشقىلار تەرىپىدىن قانۇنسىز ھالدا تارتىۋېلىنغان شەيخلىقنى «ھەزرىتى موللام» شەيخلىرىنىڭ ئەۋلاتلىرىدىن بولغان قۇددۇس قارى ھاجىم (ھازىرقى شەيخ — ئوسمان قارىنىڭ دادىسى)غا قايتىدىن ئېلىپ بېرىش ھەققىدە ھۆكۈم چىقارغان①.

بۇنىڭدىن شۇ نەرسە ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، «ھەزرىتى موللام» مازىرىنىڭ شەيخلىرى بىر مەزگىللىك شەيخلەر بولماستىن، بەلكى بۇ مازار تىكلەنگەن ۋاقىتتىن ئېتىۋارەن قانۇنىي ھالدا ئەۋلاتتىن ئەۋلاتقا شەيخ بولۇپ كېلىۋاتقان كىشىلەر. ئۇلار ھەتتا ئۆزلىرىنىڭ يەتتىنچى، سەككىزىنچى ئەۋلادىنى خاتىرىسىدە ساقلاپ كەلگەن، شۇنىڭدەك، ئاتا - بوۋىلىرىدىن تارتىپ ئىشلىتىپ كەلگەن مەخسۇس موھرىمۇ بولغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ شەيخلەردىن بەزىلىرى ئۆز دەۋرىنىڭ ئاتاقلىق ئالىملىرى بولغان. مەسىلەن، بىزگە ئاغزاكى مەلۇمات بەرگەن باۋدۇن قارىنىڭ بوۋىسى تۇردى ھاجىم شەيخ (تەخمىنەن 1923 — 1793) قەشقەرنىڭ ئاتاقلىق ئۆلىمالىرىدىن بولۇپ، ئۆز دەۋرىنىڭ ئۆلىمالىرىدىن موللا سادىق ئەلەم ئاخۇنۇم، ئەلنەزەر ئاخۇنۇم، ئابدۇرېھىم نازارى، تۇردۇش كاتىپ (غەرىبىي)، نورۇز كاتىپقا ئوخشاش كىشىلەر بىلەن ھەمسۆھبەت بولغان. تۇردى ھاجىم شەيخ يازغان ئەسەرلەردىن «سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان تەزكىرىسى» ھازىر قەشقەر ۋىلايەتلىك مەدەنىي يادىكارلىقلارنى ئاسراش

① بۇ ھۆكۈم «ھەزرىتى موللام» مازىرىنىڭ ھازىرقى شەيخى ئوسمان قارىنىڭ قولىدا ساقلانماقتا.

ئىدارىسىدا ساقلانماقتا.

شۇڭا، بىز بۇ شەيخلارنىڭ «ھەزرىتى موللام» مازىرى ھەققىدىكى رىۋايەتلىرىنى ئۇلار ئەنە شۇنداق مەشھۇر كىشىلەردىن ئاڭلىغان بولغاچقا، مەلۇم ئاساسقا ئىگە دەپ قارايمىز.

تۆۋەندە «ھەزرىتى موللام» شەيخلىرىنىڭ ھازىرغىچە مەلۇم بولغان ئىسىملىكى سىخىما بويىچە كۆرسىتىلدى:

موللا زوھورىددىن شەيخ
↓
ئابدۇكېرىم شەيخ
↓
ئابدۇراخمان شەيخ
↓
موللا نىياز شەيخ
↓
مەھەممەت رېھىم شەيخ
↓

1 تۇردى ھاجىم شەيخ (1793 — 1923) ←
- 1 ئابدۇرشت ئاخۇن ←
  - 1 تەۋەككۇل
  - 2 باۋدۇن قارى (ھازىر 75 ياش)
- 2 مامۇتخان

2 موللا نىيازھاجىم شەيخ ← مەھەممەت رېھىم شەيخ (ھازىر 60 ياش)

3 قادىر ئاخۇن

4 قۇددۇس قارى ھاجىم شەيخ ←
- 1 پەيزۇللا قارى
- 2 ھىدايەتۇللا
- 3 رەھيان ئاخۇن
- 4 قۇدرەت ئاخۇن
- 5 ئوسمان قارى (ھازىر 80 ياش)

5 قايىم ھاجىم

6 سەيدۇللا ھاجىم

2) «ھەزرىتى موللام» مازىرىنىڭ تەزكىرىسىنى تەكشۈرۈش:

بۇ مازارنىڭ تەزكىرىلىرىدىن بىرى ياقۇپ بەگ زامانىسىدا يېڭىسارغا ئېلىپ كېتىلگەن، يەنە بىرىنى ئوپاللىق مەھەممەت چوڭسا دېگەن كىشى ساقلاپ كەلگەن بولسىمۇ، 1956 - يىلدىن كېيىن قولدىن - قولغا ئۆتۈپ يۈرۈپ يوقالغان. گەرچە بۇ تەزكىرە قولىمىزدا بولمىسىمۇ،

ئەمما، ئۆز دەۋرىدە مازارنى تاۋاپ قىلىشقا كەلگەنلەر ئوتتۇرىسىدا دائىم ئوقۇلۇپ كەلگەن بولغاچقا، نۇرغۇن كىشىلەرگە ياد بولۇپ كەتكەن. بىر ئۆتمۈشتە ئۆمەر داموللا، قۇناخۇن خەلپەت قاتارلىق كىشىلەردىن بۇ تەزكىرىنى كۆپ قېتىم ئاڭلىغان مەتنىياز ئەخمەت، قاسىم قازى ئاخۇنۇم (بۇ كىشى ئالىمنىڭ ئانىسى بۇبى رابىيە مازىرىنىڭ شەيخلىرىنىڭ ئەۋلادى، ھازىر 93 ياش)، مۇھەممەت ئوسمان قاتارلىق كىشىلەرنىڭ ئۆز خاتىرىسى ئاساسىدا رەتلەپ چىققان ماتېرىياللىرى (بۇ ماتېرىياللار «قەشقەر ئەدەبىياتى»نىڭ 1983 - يىللىق 1 - سانىدا بېرىلدى) دىن ئۇنىڭ ئومۇمى مەزمۇنىدىن ۋاقىپ بولدۇق.

بۇ تەزكىرىدە «ھەزرىتى موللام» مازىرىغا دەپنە قىلىنغۇچى زاتنىڭ تولۇق ئىسمى — ھەزرىتى مەۋلام شەمسىددىن مەھمۇت ئىبنى ھۇسەيىن بولۇپ، ئازىق مەھەللىسىدە تۇغۇلغانلىقى، خان ئەۋلادى ئىكەنلىكى، ھۇسەيىننىڭ دەسلەپ «ئەمىرى شەب» بولۇپ، كېيىن «ئەمىرى سۇلتان»لىق دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەنلىكى بايان قىلىنىدۇ.

بىزگە مەلۇم، مەھمۇت قەشقەرى «تۈركى تىللار دىۋانى»دا ئۆزىنىڭ خانزادىلىكىنى، تۈرك ئۇلكىلىرىنى (تۈركى تىلدا سۆزلەشكۈچى قەبىلىلەر ئولتۇراقلاشقان يەرلەرنى) سامانى ئوغۇللىرىدىن قايتۇرۇۋالغان كىشى ئۆزىنىڭ بوۋىلىرىدىن ئىكەنلىكىنى قەيت قىلىپ ئۆتكەن①.

قاراخانىلار تارىخىنى تەتقىق قىلغان ئالىم ئو. پرىتساكنىڭ تەھلىلىگە قارىغاندا، سامانى ئوغۇللىرىدىن بىرىنچى قېتىم ھىجرى 382 (مىلادى 992) - يىلى بۇخارانى ئالغان كىشى شەرقىي قاراخانىلارنىڭ ھۆكۈمدارى ئوبۇلھەسەن ھارۇن بىننى سۇلايمان (قىلىچ بۇغراخان) ئىدى، خوتەننى ئالغان يۈسۈپ قادىرخان ئەنە شۇ ئوبۇلھەسەن ھارۇننىڭ ئوغلى ئىدى.

ئەرەپ تارىخچىسى ئىبنۇلئەسىردىن مەلۇم بولۇشىچە، يۈسۈپ قادىرخاننىڭ 2 - ئوغلى مۇھەممەت بىن يۈسۈپنىڭ يېنىدا ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى ھۇسەيىن بىن مۇھەممەت «ئارسلان ئىلىك» دىگەن ئۇنۋان بىلەن ھىجرى 449 - 448 (مىلادى 1057 - 1056) - يىللىرى بارسخان ئەمىرى بولۇپ تۇرغان ۋە ئۆز نامىدىن ئاقچىلار سوقتۇرغان. 1048 - 1058 - يىللاردا «شەمسىددەۋلە ئارسلان ئىلىك» دىگەن نام بىلەن سوقۇلغان ئاقچىلار بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلايدۇ.

دىمەك، مەھمۇت قەشقەرى يۈسۈپ قادىرخاننىڭ ئەۋرىسى، ئوبۇلھەسەن ھارۇننىڭ پەينەۋرىسى ھىساپلىنىدۇ. ئالىمنىڭ «تۈرك ئۇلكىلىرىنى سامانى ئوغۇللىرىدىن قايتۇرۇۋالغان كىشى بىزنىڭ بوۋىلىرىمىز» دىگەن بايانلىرى مۇشۇ تارىخىي ئەمىلىيەتكە ئۇيغۇن.

ئىبنۇلئەسىر يەنە، بۇغراخان مۇھەممەت بىن يۈسۈپ ئۆزىنىڭ ئاكىسى سۇلايمان بىن يۈسۈپ بىلەن بولغان توقۇنۇشتا غەلىبە قىلىپ، شەرقىي قاراخانىلارنىڭ بۈيۈك خانى بولۇپ 11 ئاي ئۆتكەندىن كېيىن، تەختىنى ئوغلى ھۇسەيىن بىننى مۇھەممەتكە ئۆتۈنۈپ بەرگەن، دەيدۇ. تەزكىرىدىكى «ئۇنىڭ ئاتىسى ھۇسەيىن ئاۋال ‹ئەمىرى شەب› بولغان، كېيىن ‹ئەمىرى سۇلتان بولغان›» دىگەن سۆزلەر مۇشۇ تارىخىي ئەمىلىيەت بىلەن ناھايىتى مۇۋاپىق كېلىدۇ.

يەنە شۇ پرىتساكنىڭ ئىبنۇلئەسىردىن نەقىل كەلتۈرۈشىچە، ھىجرى 449 - 448 (مىلادى 1057 - 1056) - يىللىرى قەشقەردىكى قاراخانىلار ئوردىسىدا بىر پاجىئەلىك ۋەقە يۈز بەرگەن، يەنى، بۇغراخان مۇھەممەت بىن يۈسۈپ تەختىنى ئوغلى ھۇسەيىنگە ئۆتكۈزۈپ بەرمەكچى بولغاندا، مۇھەممەتنىڭ كىچىك خوتۇنى ئۆز ئوغلى ئىبراھىمنى خان قىلىش مەقسىدىدە، تەختنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش مۇراسىمىدا زىياپەتتە مۇھەممەتكە ۋە ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى

① «تۈركى تىللار دىۋانى» ئۇيغۇرچە، 1 - توم، 152 - بەتكە قارالسۇن.

ھۆسەيىنگە زەھەر بېرىپ ئۆلتۈرىدۇ، مۇھەممەت بۇغراخاننىڭ قېرىندىشى ئارسلانخان بىن يۈسۈپنى بوغۇپ ئۆلتۈرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئىبراھىم بىن مۇھەممەت تەختكە چىقىرىلىدۇ.

تەزكىرىدە مۇھەممەت بىن يۈسۈپ بۇغراخاننىڭ ئىسمى زىكىر قىلىنماي، «شاھى ئېھرام» دېگەن نامى بىلەن ئاتىلىدۇ. بىزچە بۇ مۇشۇ پاجىئەلىك ۋەقەنى ئەسلىتىشتىن ئېھتىيات قىلىنغانلىق بولسا كېرەك.

تەزكىرىدە مەھمۇت قەشقەرى «مۇق يولى» ئارقىلىق چەتكە چىقىپ كەتكەن دېيىلىدۇ. دېمەك، ئالىم قانداقتۇر مۇشۇ پاجىئەلىك قىرغىنچىلىقتىن ئامان قالغان ۋە يوشۇرۇنۇپ يۈرۈپ، كىشىلەرنىڭ ھېكىمىشى ئىنتايىن خەتەرلىك بولغان «مۇق يولى» ئارقىلىق چەتكە چەقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان. شۇنداق قىلىپ، ئۇ كۆپ ئۆمرىنى سىرتتا ئۆتكۈزگەن. ئاخىرى، ئۆز ئانا يۇرتىغا بولغان چەكسىز مۇھەببەت ئۇنى ياشانغىنىدا بولسىمۇ، شۇنچە قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، «ئازىق»قا قايتىپ كېلىشكە مەجبۇر قىلغان.

ئالىمنىڭ «تۈركى تىللار دىۋانى» دا ئۆزىنىڭ قاراخانىلار ئوردىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ھەققىدە ئارتۇق بىرنىمە دېمىگەنلىكىمۇ ئۆز ئائىلىسىدە يۈز بەرگەن بۇ پاجىئەلەر ئۈستىدە ئېغىز ئېچىشتىن ساقلانغانلىقى بولسا كېرەك. شۇنىڭدەك، ئوپالدا مەھمۇت قەشقەرىنىڭ ئەجداتلىرىدىن ئانا تەرەپ بوۋىسى خوجا سەيپىدىن بۇزرۇكۋارنىڭ مازىرى تىلغا ئېلىنىپ، مۇھەممەت بۇغراخان ۋە ھۆسەيىنلەرنىڭ مازارلىرى ئۇچۇق تىلغا ئېلىنماي، ئومۇمەن «بۇزرۇكۋارلىرىم» دېيىلا ئاتىلىشى يەنە شۇ يۇقىرىدا بايان قىلىنغان قانلىق ۋەقە بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك.

تەزكىرىدە مەھمۇت قەشقەرى «شەمسىددىن ــ دىنىنىڭ قۇياشى» دەپ ئۇلۇغلىنىدۇ. ئالىمنىڭ ئاتىسى ھۆسەيىننىڭ بارسغان ھاكىمى بولۇپ تۇرغىنىدا «شەمسىددەۋلە (دۆلەتنىڭ قۇياشى) ئارسلان ئىلىك» دېگەن نام بىلەن ئاتالغانلىقى نەزەردە تۇتۇلسا، ئۇنىڭ ئالىم ئوغلىنىڭ «شەمسىددىن ــ دىنىنىڭ قۇياشى» دەپ ئاتىلىشى ئەجەپلىنەرلىك ئەمەسلىكى، شۇ دەۋرنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇنلۇقى ئۆز - ئۆزىدىن مەلۇم بولىدۇ.

دېمەك، تەزكىرىدە بايان قىلىنغانلار «ھەزرىتى موللام» مازىرىغا دەپنە قىلىنغان زاتنىڭ خانزادە ھەزرىتى مەۋلام شەمسىددىن ھۆسەيىن ئوغلى مەھمۇت ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ بايانلار بىزدىن ئىلگىرى ئالىمنىڭ ھاياتى ھەققىدە تەتقىقات ئېلىپ بارغان پەرەزلەرگە تامامەن ئۇيغۇن كېلىدۇ.

3 ) «ھەزرىتى موللام» مازىرىغا تەقدىم قىلىنغان كىتاپتىكى ۋەخپنامىدىن تەكشۈرۈش:

1983 - يىلى 1 - ئاينىڭ 6 - كۈنىدىكى سۆھبەت يىغىنىدىن كېيىن، قەشقەرنىڭ ئۇلىمالىرىدىن ئېمىر ھەسەن قازى ئاخۇنۇم ئىچىدىكى بىر ئاق بەتكە كىتاپنى مازارغا ۋەخپ قىلىش ھەققىدىكى ۋەخپنامە يېزىلغان بىر «مەسنەۋى شېرىپ»نى تەقدىم قىلدى. بۇ كىتاپ مەھمۇت قەشقەرىنىڭ مازىرىدا قورۇلغان - كىتاپخانىغا كىشىلەرنىڭ بۇ زاتنى ئۇلۇغلاش يۈزىسىدىن تەقدىم قىلغان كىتاپلىرىنىڭ بىرى. 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا يۈز بەرگەن قالايمىقانچىلىقلاردا بۇ مازارغا توپلانغان كىتاپلار تالان - تاراج بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ، بۇ «مەسنەۋى شېرىپ» بەختكە يارىشا ئېمىر ھەسەن قازى ئاخۇنۇمنىڭ ئاتىسى مەرھۇم قۇتلۇق ھاجىم (شەۋقى) نىڭ قولىدا ساقلىنىپ قالغان.

تۆۋەندە بىز بۇ ۋەخپنامىنىڭ ئەسلى تېكىستى ۋە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا بولغان تەرجىمىسىنى كۆرسىتىپ ئۆتىمىز.

① ۋەخپنامىنىڭ ئەسلى:

تا در تحقیق برمنگ ایکی یوز [illegible] ماه رجب [illegible] نیک کون قدرت بقریلی مضافات کاشغر کلمه دار القضا

مسند شریعت ملا صادق اعلم بن شاه [illegible] خادم فی الشرع شریف و مسئله فی حاله برموندا [illegible]

توررت باشی سالم [illegible] علم [illegible] اشتیاق ادبلیغ کیفیات [illegible] دیکی بر [illegible]

معرفت شمس دفتری مثنوی علم عرفان معنوی قلم اجتهاد [illegible] اوراق صحیفه سنگ زینت برگان

قبیت [illegible] کاشغر در موضع اوپال تحت اجل چشم زلالی صحیفه [illegible] مدفن

معنوی عرفان حضرت مولانا شمس الدین حسین صاحب قلم محمود الکاشغری نینگ [illegible]

معانی و تصدیق [illegible] بولوغ ادیب معرفت [illegible] علم [illegible] مولانا شمس الدین

حسین صاحب قلم محمود الکاشغری نینگ قبر منبر یک صحیفه سیده چشم زلالی آطرافیدا [illegible]

مذکور کتابی مطالع [illegible] صاحب قلم حضرت مولانا شمس الدین حسین محمود الکاشغری

[illegible] فضل کمال [illegible]

[illegible] باش [illegible] خلیفت بن ملا عوض نی متولی نصب قلدیم

[illegible] ملا صادق [illegible] مهر [illegible] باسدیم

مذکور [illegible] ملا عبد الرحیم [illegible]

[illegible] کاشغر [illegible] شیخ [illegible]

[illegible] شاهد [illegible]



② مەزمۇنى:

ھىجرى 1252 (كالا) - يىلى ئۇلۇغ رەجەپ ئېيىنىڭ 14 - كۈنى شەرىئەتنىڭ تۆۋرۈگى.
بولغان قەشقەر ۋىلايىتى قازى مەھكىمىسىنىڭ قازىسى، تۆۋەندە مۆھرۈمنى باسقۇچى مەنكى
موللا سادىق ئەلەم شاھ ئەلا ئاخۇن ئوغلى بىر يۈز ئون تۆت ياشقا كىرگەن تەندۇرۇسلۇق
ھالىتىم، ئىلىمگە بولغان ھىسسىياتىم، ئىشتىياقىم ۋە ئەدەپلىك كەيپىياتىم بىلەن ئىلىم - مە -
رىپەتنى مەزمۇن قىلغان، ئالتە دەپتەرنى بىر مۇقاۋىغا تۈپلەپ، ۋاراقلىرىغا ئىجتىھات قەلىمى
بىلەن زىننەت بېرىپ يېزىلغان قىممەت باھالىق، ئالتۇنغا سېتىۋالغان مۈلكۈم بولغان «مەس -
نەۋى شېرىپ» ناملىق كىتاۋىمنى قەشقەرنىڭ ئوپال رايونى تاغ باغرىدا، سۈزۈك بۇلاق سەھنى -
سىدە دەپىن قىلىنغان ھەزرىتى مەۋلام، دىنىنىڭ قۇياشى، ھۈسەيىن (ئوغلى) قەلەم ئىگىسى
بولغان مەھمۇت قەشقەرىنىڭ مازارىغا مۇتلەق ۋەخپ ۋە ئەبەدى سەدىقە (قىلدىم).

بۇ ئۇلۇغ ئەدىپكە (مۇتلەق ۋەخپ قىلغان) ئىلىم - مەرىپەت مەزمۇنىدىكى بۇ كىتا -
ۋىمنى ئەدىپلەر بىلەن ئىلىم ئەرباپلىرىنىڭ دىنىنىڭ قۇياشى، ھۈسەيىن (ئوغلى) قەلەم ئىگە-
سى بولغان مەھمۇت قەشقەرىنىڭ مۇبارەك قەبرى ئۈستىدە، سۈزۈك بۇلاق ئەتراپىدا ئولتۇ -
رۇپ مۇتالىئە قىلىپ، قەلەم ئىگىسى بولغان ھەزرىتى مەۋلام، دىنىنىڭ قۇياشى، ھۈسەيىن
(ئوغلى) مەھمۇت قەشقەرى ھەققىدە دۇئا قىلىپ، مۇسۇلمان ئەۋلاتلىرى ۋە مىللىتىمىزنىڭ
خەلق ئاممىسىغا ئىلىم ئۆگىتىپ، ئۇلارنىڭ تولۇق پەزىلەتلىك بولۇشىغا تىرىشىشىنى ئۈمىت قىلى-
مەن. ۋەخپ قىلغان مەزكۇر كىتاۋىمغا باش شاگىرتىم موللا ئەيدىخەلپەت موللا
ئېۋەز ئوغلىنى باشقۇرغۇچى قىلىپ تەيىنلىدىم، دەپ تۆۋەندە موللا سادىق
ئەلەم ئۆز مۆھرۈمنى باستىم.

مەزكۇر ئىقرارىمنىڭ راستلىقىغا مۇدەررىس ئولىما ئەلنەزەر ئاخۇنۇم، باش كاتىپ موللا
ئابدۇرېھىم نازارى، نورۇز كاتىپ، تۇردۇش كاتىپ، تۇردى شەيخ ئاخۇنۇم، موللا غوجىلاق،
ئوپالدىن زەيدىن قورۇلبېگى قاتارلىقلار گۇۋادۇر.

مۆھۈر:

داڭلىق ئولىما، دەۋرنىڭ ئالىمى موللا سادىق شاھ ئەلا ئوغلى.

(مۆھۈر ھىجرى 1208 - يىلى ئويۇلغان)

③ ۋەخپىنامىدا ئىسمى چىققان شەخسلەر توغرىسىدا:

موللا سادىق ئەلەم ئىبنى شاھ ئەلا: قەشقەر شەھىرىدىن، قەشقەر دۆلەتۋاغ يېزىسىدىكى
مەدرەسەئى ھامىدىيەدە ئوقۇپ، كېيىن قەشقەر خانلىق مەدرىسىگە مۇدەررىس بولغان. قەشقەر
قازىلار مەھكىمىسىنىڭ قازىسى، ئۆز دەۋرىنىڭ مەشھۇر ئالىمى.

ئەلنەزەر ئاخۇنۇم: ئەسلى لۈكچۈندىن، ئۆز دەۋرىدىكى قەشقەرنىڭ چوڭ دىنىي ئولىما-
لىرىدىن، ئىسكەندەر ۋاڭنىڭ مەدرىسىسىگە مۇدەررىس بولغان.

ئابدۇرېھىم نازارى: قەشقەر ئوپالدىن، ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ كۆزگە كۆرۈن -
گەن ۋەكىللىرىدىن، قەشقەر ھاكىمى زوھورىددىننىڭ ئوردا كاتىۋى.

نورۇز كاتىپ: قەشقەر ھاكىمى زوھورىددىننىڭ ئوردا كاتىۋى.

تۇردۇش كاتىپ: قەشقەر ھاكىمى زوھورىددىننىڭ ئوردا كاتىۋى، ئۇيغۇر كىلاسسىك
ئەدەبىياتىدا كۆزگە كۆرۈنگەن شەخسلەرنىڭ بىرى، ئەدىبىي تەخەللۇسى — غەرىبى.

تۇردى شەيخ ئاخۇنۇم: شۇ يىللاردا «ھەزرىتى موللام» مازىرىنىڭ شەيخى، «سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان تەزكىرىسى» نىڭ ئاپتورى، بىزنى بۇ نۇۋەت ئاغزاكى ماتىرىيال بىلەن تەمىنلىگەن باۋدۇن قارىنىڭ بوۋىسى.

موللا غوجىلاق: ئاتۇش مەشھەتتىكى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان مازىرىنىڭ شەيخى.

زەيدىن قورۇلبېگى: شۇ دەۋردە ئۇپالدا قورۇلبېگى (چېگرا بېگى) بولۇپ تۇرغان شەخس.

④ ۋەخپىنامىنىڭ تەكشۈرۈلۈشى:

مەھمۇت قەشقەرىنىڭ يۇرتى ۋە مازىرى توغرىسىدا بىردىن ئىلگىرى باشقىلاردىمۇ ئىزلىنىشلەر بولغان. مەسىلەن، ئابلىمىت روزى ئۆزىنىڭ «ئالىم مەھمۇت قەشقەرى ۋە ئۇنىڭ ‹دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك› ناملىق كىتاۋى» دېگەن ماقالىسىدا مۇنداق دەيدۇ:

«...مەشھۇر ئابدۇرېھىم نازارىنىڭ:

...يەنە ھەزرىتى شەيخ ھەببى ئەجەم،
كى قايراغىدا قىلمىش ۋۇجۇدى ئەدەم.
ئۇپالدا يېتىبدۇر ھەزرىتى مەۋلىۋى،
كى موللام ئاتاب ھەر زەئىپۇقەۋى

دېگەن بىشارەتلىرىدىن ئالىم مەھمۇت قەشقەرىنىڭ ئاتىسى ياكى ئۆزىنىڭ قەۋرىگاھلىغى خەلق تەرىپىدىن ئۇپال يېزىسىدا ‹ھەزرىتى موللام› نامىنى ئالغان بولۇشى كېرەك دەپ قىياس قىلىش مۇمكىن»①.

ماقالىدا «ھەزرىتى موللام» مازىرىنىڭ مەھمۇت قەشقەرى بىلەن ئۇنىڭ ئاتىسى ھۇسەيىندىن زادى كىمگە مەنسۇپلۇغى ئېنىق بايان قىلىنمىغان. بۇ ماقالا ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇپالنىڭ پىشقەدەم ماتارىپچىسى مەرھۇم قاسىم رېھىم «ئازىق مەھەللىسى توغرىسىدا» دېگەن بىر ماقالىسىدا، ئالىمنىڭ يۇرتى ئاتۇشتىكى «ئازاق» بولماستىن، ئۇپالدىكى «ئازىق» مەھەللىسى ئىكەنلىگى توغرىسىدىكى كۆزقاراشنى ئىلگىرى سۈردى②.

مەرھۇم قاسىم رېھىمنىڭ قالدۇرۇپ كەتكەن يازما مەلۇماتىچە، 1928 - يىللىرىدىلا ئۇپالدىن ئۆمەر زاھىرى (ئۆمەر داموللا)، ئۆزبەك ئالىملىرىدىن ئابدۇرۇسۇل داموللا، دوختۇر ئابدۇلئەزىم ۋە ئابدۇرۇپ قارى داموللىلار مەھمۇت قەشقەرىنىڭ قەشقەر ئۇپالدا تۇغۇلغانلىغى توغرىسىدا، شۇنىڭدەك، بۇخارا شەھىرىدىمۇ بۇ ھەقتە بىر مەزگىل بەس - مۇنازىرىلەر بولۇپ، نەتىجىدە، ئۇپال ئازىقتا تۇغۇلغانلىغى ئىسپاتلانغانلىغى توغرىسىدا ئۆزئارا سۆھبەتلەر قىلىشقان.

بىز بۇ قېتىم، ئاغزاكى رىۋايەتلەر، تەزكىرە خاتىرىسى قاتارلىقلار ئارقىلىق مەھمۇت قەشقەرىنىڭ مازىرى ھەققىدىكى ئېنىق كۆزقارىشىمىز ئىپادىلەنگەن .بىرىنچى قېتىملىق دوكلا - دىمىزنى يازغان بولساقمۇ، لېكىن ھەرقانداق بىر ئىلمىي ھۆكۈم ياكى بىر ئىلمىي قاراش ئەمەلىي پاكىتلار بىلەن ئىسپاتلىنىشى لازىم بولغاچقا، بىز بۇنى پەقەت مەسىلىنىڭ باشلىنىشى دەپلا قارىغان ئىدۇق. بىر گەرچە، ئۆز قارىشىمىزغا خېلى زور دەرىجىدە ئىشەنچىدە بولساقمۇ، ئۇنى ئەستىقلايدىغان بىرەر ئەمەلىي پاكىتنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىنى ئارزۇ قىلاتتۇق. ئېمىر ھەسەن

① «شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژورنىلى (ئىجتىمائى پەن قىسمى)»، 1981 - يىل، 1 - سان، 17 - بەتكە قاراڭ.
② «قەشقەر كونىشەھەر ئەدەبىياتى»، 1981 - يىل، 2 - سان، 92 - بەتكە قاراڭ.

قازى ئاخۇنۇم مۇشۇنداق ھالقىلىق پەيتتە مەزكۇر ۋەخپىنامىنى تەقدىم قىلدى. بىز 1983 - يىلى 5 - ئايدا بۇ ۋەخپىنامىنى ئاپتونوم رايونىمىز ۋە مەركەزدىكى مەخسۇس ئىلمىي ئورگانلارنىڭ ياردىمى ئارقىسىدا قەلىمى، ئىشلىتىلگەن سىياسى ۋە قەغىزى قاتارلىق جەھەتلەردىن تەكشۈرۈشتىن ئۆتكۈزدۇق. نەتىجىدە، ۋەخپىنامە يېزىلغان بەتتىكى ئىككى خىل قەغەز (يەنى، بىرسى ئەسلى «مەسنەۋى شېرىپ» كۆچۈرۈلگەن سېرىق رەڭدىكى قەغەز، يەنە بىرسى «مەس-نەۋى شېرىپ» نىڭ ئەسلى بەتلىرى تىككەن جايدىن يىرتىلىپ كەتكەچكە، ئۇنى قايتا تۆبلەش ئۈچۈن تىكىلىدىغان جايغا چاپلانغان ھال رەڭلىك قەغەز) نىڭ ھەر ئىككىلىسى يۈز يىلدىن ئاشقان قەغەز ئىكەنلىكى، خەتنىڭ قومۇش قەلەم بىلەن يېزىلغانلىقى، ئىشلەت-كەن سىيانىڭ ھازىرقى زاماندىكى كاربونلۇق قارا سىيا بولماستىن، قەدىمدە ئىشلىتىلىدىغان قارا سىيا ئىكەنلىكى، ۋەخپىنامىنىڭ ھەقىقەتەن مىلادى 1836 - يىللىرى ئەتراپىدا يېزىلغان-لىقى ئېنىقلاندى.

ۋەخپىنامىدىن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، ئالىمنىڭ نامى خەلقىمىز ئارىسىدا تاكى يېقىنقى ئەسىرلەرگىچە ئۆچمىگەن، ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا ھەرخىل يوللار بىلەن يادلىنىپ كەلگەن. نامە-لۇم بىر ئاپتور تەرىپىدىن مەھمۇت قەشقەرىگە ئاتاپ يېزىلغان:

«ئەلۋىدا ئەي شەيخ مەۋلانايى شەمسىددىن پىرىم،
ئەلۋىدا ئەي مەھمۇد ئىسمىڭ ھەمد ئۈرگەتتىڭ بىزىم.»

دەپ باشلانغان مەرسىيىدىنمۇ بۇنى ئېنىق كۆرگىلى بولىدۇ.

بۇلاردىن باشقا، بۇ مازارنىڭ ھىجرى 1245 - (يولۋاس) يىلى ۋە ھىجرى 1315 - يىللىرى قايتا - قايتا رېمونت قىلىنىپ تۇرۇلغانلىقىمۇ ئۇنى خەلقىمىزنىڭ يادلاپ كېلىۋات-قانلىقىنىڭ دەلىلى.

گەرچە ئالىمنى ئۇلۇغلاپ ئېيتىلغان «مەۋلام» سۆزى ھازىر «موللام» دېيىلىپ كەتكەن بولسىمۇ ۋە ئالىمنىڭ ئىسمى مازار شەيخلىرىنىڭ خاتىرىسىدە «مەھمۇدىيە ئىبنى ھەسەنىيە» ياكى «مەھمۇدىيە ئىبنى ھۇسەيىن» دېگەندەك شەكىللەردە كۆرۈلسىمۇ، لېكىن بۇ ۋەخپىنامىدا ناھايىتى ئېنىق قىلىپ «ھەزرىتى مەۋلام شەمسىددىن ھۇسەيىن ساھىپ قەلەم مەھمۇدىلكاشغەرى» دېيىلگەن.

شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش لازىمكى، بۇ ۋەخپىنامىدا «ھۇسەيىن» دېگەن سۆزدىن ئاۋال «ئىبنى» (ئوغلى) دېگەن سۆز چۈشۈپ قالغان. بۇ بەلكىم بىرقانچە ئەسىرلىك ئۇزاق جەرياندا ئالىمنىڭ ئاتىسىنىڭ ئىسمى ئالىمنىڭ سۈپىتى-تەرىقىسىدە چۈشىنىلىپ ۋە شۇنداق قوللىنىلىپ كەتكەن-لىكتىن بولسا كېرەك. چۈنكى، ئەرەپ تىلىدا «ھۇسەيىن» سۆزى «ھەسەن - گۈزەل، چىراي-لىق، ياخشى» سۆزىنىڭ كىچىكلىتىپ (ئەركىلىتىپ) ئېيتىلىشى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. شۇنىڭدەك، «ئويپال» سۆزىنىڭ «ئويىپال» شەكلىدە ئېلىنىشى بۇ سۆزنىڭ بىرىنچى بوغۇمىنى «ئوي» (ئوي يەر) دەپ چۈشەندۈرىدىغان خەلق ئېتىمولوگىيىسى ئاساسىدا بولغان بولسا كېرەك.

## 3. مەھمۇت قەشقەرىنىڭ ھاياتىغا دائىر بەزى مەسىلىلەر

ئالىمنىڭ خانزادە بولۇپ تۇرۇقلۇق، بىر ھەربى سەركەردە ئەمەس، بەلكى بىر ئالىم
بولۇپ يېتىشىپ چىقىشى ئۇنىڭ ھاياتى توغرىلىق بولغان تەتقىقاتتا دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك
مۇھىم مەسىلىلەرنىڭ بىرى. بۇ ئەلۋەتتە ئۆز دەۋرىنىڭ ئىجتىمائى شارائىتى ۋە شۇ جۇملە-
دىن، ئالىمنىڭ ئائىلىۋى ھاياتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

ئىجتىمائى شارائىتتىن ئالغاندا، بۇ دەۋر قاراخانىلاردا ئىلىم-مەرىپەت يۈكسەلگەن دەۋر
بولۇپ، ئالىمنىڭ بوۋىسى مۇھەممەت بىن يۈسۈپ ۋە بولۇپمۇ ئۇنىڭدىن كېيىنكى ھەسەن بىن
سۇلايمان قاتارلىقلار قاراخانىلار ھاكىمىيىتىدە ئىلىم-مەرىپەتنىڭ ھامىيسى بولغان شەخسلەر
ئىدى، مەھمۇت قەشقەرىنىڭ ئىلىم ھاسىل قىلىشى ئۈچۈن شارائىت تولۇق يار بەرگەن ئىدى.
بۇ ئەھۋال تەزكىردە «شاھى ئەھرام» نىڭ ئۆز ئوغلى ھۈسەينىگە ئىلىم ھۈنەر ئۆگىتىش
ئۈچۈن بولغان ئىزلىنىشلىرى ۋە پۇقراغا ئىلىم-ھۈنەر ئۆگىنىش توغرىلىق چىقارغان يارلى-
غى قاتارلىقلار ئارقىلىق بايان قىلىندۇ. ئائىلىۋى ھاياتىدىن ئالغاندا، ئالىمنىڭ ئانا تەرەپ
بوۋىسى خوجا سەيپىدىن ئوقۇمۇشلۇق كىشى بولغان. شۇڭا ئۇ، ئۆزىنىڭ بىردىن-بىر پەر-
زەندى بولغان بۇبى رابىيەنى كىچىكىدىن ئوقۇمۇشلۇق، ئەخلاقلىق قىلىپ تەربىيىلىگەن. مۇن-
داق ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن مەھمۇت كىچىكىدىن ھەم ئەلەم، ھەم قەلەم تەربىيىسى كۆرگەن
بولىسىمۇ، ئۇ بىر سەركەردە بولۇش ئىستىكىدە بولغان ئەمەس، بەلكى ئۇ، ئۆزىنىڭ پۈتۈن
ھاياتىنى مۇشۇنداق ئەبەدى ئۆچمەس ئىلمىي ئىشقا سەرپ قىلغان. ئالىمنىڭ ئون نەچچە
يىل قىر-سەھرالارنى كېزىپ، جاپا-مۇشەققەتكە چىداپ تەتقىق قىلىش روھى، «دىۋان»
دا كەلتۈرۈلگەن خەلق قوشاقلىرى بىلەن خەلق ماقال-تەمسىللىرى ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن
گۈزەل ئىنسانىي خىسلىتى ۋە ئەخلاق-پەزىلىتى، ئەلۋەتتە، ئالدى بىلەن ئۇنىڭ ئائىلىسىدىن
بولۇپمۇ ئانىسى بۇبى رابىيەدىن سىڭگەن تەربىيىنىڭ نەتىجىسى.

ئالىم باشلانغۇچ مەلۇماتنى ئوپال ئازىقتا، يۇقۇرى مەلۇماتنى قەشقەرنىڭ ئاتاقلىق مەد-
رىسلىرىدە ئالغان. قەشقەر دۆلەتۋاغدىكى «ھۈسەيىن پەيزۇللا غوجام» مازىرىنىڭ - شەيخلىرى-
دىن ئىگەللىگەن مەلۇماتلارغا قارىغاندا①، ھۈسەيىن پەيزۇللا غوجامنىڭ ئاتىسى سۈرىيە شاھ-
لىق بولۇپ، تەخەللۇسى «مىرى مۇئەللا» دېيىلىدىكەن، ئانىسى قەشقەر گۈلۋاغلىق بۇبى سەلىمە
ئىكەن. بۇ كىشىنىڭ قاراخانىلار جەمىيەتىدە ئابرويى چوڭ بولۇپ، سەيدئەلى ئارسلانخان
(سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ نەۋرىسى، بۇبى ئەلانۇر خېنىمنىڭ ئوغلى) ئۇ كىشىنى «دۇئاگۆيۈم»
دەيدىكەن. ھۈسەيىن پەيزۇللا غوجام سەيد ئەلى ئارسلانخان دەۋرىدە دۆلەتۋاغدىكى «مەدرە-
سەئى ھامىدىيە» دە مۇدەررىس بولۇپ تۇرغان، سەيدئەلى ئارسلانخاننىڭ ئۆلۈمىدىكى ۋەقە-
لەرگە ئارىلاشقان. بۇ كىشى ئۇزۇن ياشىغان بولۇپ، يۈسۈپ قادىرخان ئۆلگەندىمۇ ھايات
ئىكەن... بىزنىڭ قارىشىمىزچە، مەھمۇت قەشقەرى «دىۋان» دا بايان قىلغان «شەيخ ئىمام
زاھىد ھۈسەيىن ئىبىن خەلەف كاشغەرى» نەق مۇشۇ زاتتۇر. مەھمۇت قەشقەرىنىڭ ئۇنى
«ئۇستاز» دەپ تىلغا ئېلىشىمۇ شۇنىڭدىن بىشارەت بېرىدۇ. م. شاكىر ئۆلكۈ تاشىرىنىڭ

① بىزگە بۇ ھەقتە ئاغزاكى مەلۇمات بەرگۈچىلەر: مەزكۇر مازارنىڭ ھازىرقى شەيخى تۇرسۇن شەيخ (66 ياش،
ئەجداتلىرىنى 5 - ئەۋلادىغىچە سىلىدۇ) ۋە ھۈسەيىن پەيزۇللا غوجا، مەسچىتىنىڭ ئىمامى ئابلىز ئابدۇقادىرلار.

«قەشقەرلى مەھمۇت» دېگەن كىتاۋىدا كۆرسىتىلىشىچە، نېمىس شەرقشۇناسلىرىدىن مارتىن هارتمان «دىۋان» نىڭ بىرىنچى تومى بېسىلىشى بىلەن ئېلان قىلىنغان بىر ماقالىسىدا (ھىجرى 1331 - يىلى) «دىۋان» دا مەھمۇتنىڭ ئۇستازى سۈپىتىدە كۆرسىتىلگەن قەشقەرلىق خەلەف ئوغلى ھۈسەيىن ئاتلىق بىر ئالىم ھەققىدە تاجۇلئىسلام سەمئانىنىڭ «كىتابۇلئەنساب» دا مەلۇمات بارلىقىنى بىلدۈرگەن. سەمئانى قەشقەردە يېتىشكەن ئالىملارنى بايان قىلغاندا، ھۈسەيىننىمۇ تىلغا ئالغان ۋە ئۇنىڭ پەزىلەتلىك، تەقۋادار بىر شەيخ بولۇش بىلەن بىللە ئۇنىڭ سۆزلىگەن رىۋايەتلىرىگە ۋە ۋەقەلىكلىرىگە ئىشىنىشكە بولىدىغانلىقىنى ئېيتقان①.

بۇلاردىن باشقا، يەنە شۇنى ئېيتىش كېرەككى، جامال قارشىنىڭ كانپۇردا قەبۇلى مەتبەسىدە بېسىلغان «سۇرراھ» دېگەن كىتاۋىدا (يېزىلغان ۋاقتى 12 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى) بۇ كىتابنىڭ قەشقەردىكى «مەدرەسەئى ساجىيە» كۇتۇپخانىسىدا ساقلانغان تىببى قامۇس «سۇھاھ جەۋھەرى» (مىلادى 1002 - يىلى فارابلىق ئىسمايىل جەۋھەرى تەرىپىدىن يېزىلغان) دىن تاللاپ ئېلىنغانلىقى ئېيتىلغان. بۇ ئەھۋال ئۇ دەۋردە قەشقەردە ھەرقايسى پەنلەر بويىچە يۇقۇرى بىلىملەر بېرەلەيدىغان مەدرىسلەرنىڭ بارلىقىنى ۋە بۇلاردا يېتەرلىك ماتىرىياللار توپلانغانلىقىنى، يۇقۇرى بىلىم ئېلىش شەرت - شارائىتىنىڭ تولۇقلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

ئالىمنىڭ ئەرەپ تىلىنى پۈتۈن تۈركى تىللارنىڭ گىراماتىكىسىنى ۋە لۇغىتىنى يېزىپ چىقالىغۇدەك دەرىجىدە ئىگەللىشى ئۇنىڭ مۇشۇنداق مەشھۇر ئالىملاردىن تەربىيە كۆرگەنلىكىدىن دېگىلى بولىدۇ.

## 4. خۇلاسە

يۇقۇرىدا بايان قىلغانلىرىمىزغا بىنائەن تۆۋەندىكى خۇلاسىگە كېلىمىز:

1. ئالىم قەشقەر ئوپالنىڭ ئازىق مەھەللىسىدە دۇنياغا كەلگەن.

2. ئالىم ئاتا تەرەپتىن ئالغاندا، قاراخانىلار جەمەتىدىن يۈسۈپ قادىرخاننىڭ ئوغلى مۇھەممەتنىڭ نەۋرىسى؛ ئانا تەرەپتىن ئالغاندا، ئازىق مەھەللىسىدىن دەۋرىنىڭ ئوقۇمۇشلۇق كىشىسى خوجا سەيپىدىن بۇزرۇكۋارنىڭ قىزى بۈبى رابىيەنىڭ ئوغلى.

3. ئالىم ئىپتىدائى مەلۇماتنى ئوپالدا ئالىدە، يۇقۇرى مەلۇماتنى قەشقەردە ھۈسەيىن ئىبىن خەلەف كاشغەرى قاتارلىق ئالىملاردىن ئالغان.

4. ئالىمنىڭ سىرتقا چىقىپ كېتىشى تەزكىرىدىكى «ھىجرى 450 - يىلدىن باشلاپ ئىلىم نۇرىنى ئالەمگە يايغان» دېگەن ئىبارىلەرگە قارىغاندا، مىلادى 1059 - 1058 - يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ. شۇڭا، پىرىنتساكىنىڭ مۆلچەرىچە، مۇھەممەت بىن يۈسۈپ مىلادى 999 - 991 - يىللىرى، ھۈسەيىن بىن مۇھەممەت 1019 - 1010 - يىللىرى تۇغۇلغان دېيىلسە، ئۇ چاغدا تازا توغرا بولمىسىمۇ، مەھمۇت قەشقەرىنىڭ تەخمىنەن مىلادى 1037 - 1028 - يىللىرى ئارىلىقىدا تۇغۇلغانلىقىنى مۆلچەرلەشكە بولىدۇ. دېمەك ئالىمنىڭ يۇقۇرىدا سۆزلەنگەن پاجىئەلىك ۋەقەلەردىن كېيىن، سىرتقا چىقىپ كەتكەن ۋاقتى ئۇنىڭ يىگىرمە ياكى يىگىرمە توققۇز ياش ۋاقتىغا توغرا كېلىدۇ. بىرىچە، يىگىرمە توققۇز ياش ۋاقتى ئەقىلگە تېخىمۇ

① قاراڭ: م. شاكىر ئۈلكۈتاشىر، «قەشقەرلى مەھمۇت» 15 - بەت، 1972 - يىل، ئەنقەرە. «دىۋان»، ئۇيغۇرچە، 1 - توم، 456 - بەت.

ئۇيغۇن كېلىدۇ. چۈنكى، ئالىم ئون نەچچە يىل جەريانىدا تۈركىي تىلىدا سۆزلەشكۈچى قەبىلىلەرنى ئارىلاپ يۈرۈپ ماتېرىيال توپلىغان، ئاندىن بۇ ئەسەرنى يېزىشقا كىرىشكەن. «دىۋان» دىكى بايانلاردىن شۇ نەرسە مەلۇمكى، ئالىم ئالدى بىلەن «كِتابُ جَواهِرِ النَّحْوِ فِي لُغاتِ التُّرْكْ (تۈركىي تىللارنىڭ نەھۋىگە ئائىت جەۋھەرلەر) نى، ئاندىن بۇ «دىۋان» نى يازغان. شۇنداق بولغاندا، «دىۋان» يېزىلغان ۋاقىتلاردا ئالىم ئومۇمەن 50 ياشلار ئەتراپىدا بولغان بولىدۇ. بۇ ئۇنىڭ «دىۋان» ئۆمرۈمنى ئاخىرغا يەتكۈزدى، دېگەنلىرىگە ئاساسەن ئۇيغۇن كېلىدۇ.

5. مەھمۇت قەشقەرىنىڭ باغداتتا قانداق بارغانلىقى مەلۇم بولمىسىمۇ، ئەمما ئۇ باغداتتا قالغان ئەمەس. مەيلى تەزكىرىدىن، مەيلى خەلق ئاغزىدىكى رىۋايەتلەردىن قارىغاندا، ئۇ، 89 يېشىدا قايتىپ كەلگەن ۋە ئوپالدا 8 يىل مۇدەررىسلىك قىلىپ، ئەتراپقا ئىلىم - مەرىپەت تارقىتىپ، 97 يېشىدا ۋاپات بولغان. شۇڭا، ئالىمنىڭ ۋاپاتىغا گەرچە 900 يىلغا يېقىن ۋاقىت ئۆتكەن بولسىمۇ، خەلق ئۇنى ئەنئەنە بويىچە «ئىلىمگە ھودۇگارپىرىم» دەپ ھۆرمەتلەپ كەلمەكتە.

ئالىمنىڭ قانداق قايتقانلىقىغا كەلسەك، خەلق رىۋايىتىدە، باغداتتا مەخسۇس سودا كارۋىنى ئەۋەتىلگەن ۋە بۇ كارۋان «مۇق يولى» ئارقىلىق تۆگىنىڭ ئۈستىگە شۆھلىك ياساپ، شۇنىڭدا ئولتۇرغۇزۇپ، يامان يەرلەردە كىشىلەر يۆدۈپ ئېلىپ كەلگەن، دېيىلىدۇ.

تارىخىي ئەھۋالدىن قارىغاندا، مىلادى 1103 - 1102 - يىللىرى ھۈسەيىن بىن مۇھەممەتنىڭ بىر نەۋرە تۇققانلىرىدىن ھەسەن بىن سۇلايماننىڭ ئوغلى ئەخمەت بىن ھەسەن ئارسلانخان تەختكە ئولتۇرغان ۋە 1105 - يىللىرى مەھمۇت بىن ئابدۇ جېلىل قەشقەرى يېتەكچىلىكىدە باغداتتا ئەلچىلەر ئۆمىكى ئەۋەتكەن. قاراخانىلار تارىخىدا بۇ دەۋر بەۋلاتلار ئوتتۇرىسىدىكى نىزالار تۈگەپ، بىرقەدەر تېچلىق، ئىناقلىق ھۆكۈم سۈرگەن دەۋر بولغاچقا، ئالىمنىڭ مۇشۇنداق بىر شارائىتتا قايتىپ كەلگەنلىكى تارىخىي ئەھۋالغا ئۇيغۇن كېلىدۇ. شۇڭا، بىز ئالىمنىڭ مەيلى خەلق ئەۋەتكەن سودا كارۋىنى ئارقىلىق ياكى باغداتتا ئەۋەتىلگەن شۇ ئەلچىلەر ئۆمىكى ئارقىلىق قايتىپ كەلگەنلىكىدىن ئىبارەت ھەر ئىككى خىل ئېھتىماللىنى چەتكە قاقمايمىز. ئەگەر ئۇنى 97 يېشىدا ۋاپات بولدى، دېگەن رىۋايەت توغرا بولسا، يۇقۇرقى پەرىزىمىز بويىچە ئالىمنىڭ ۋاپاتى 1126 - يىللارغا توغرا كېلىدۇ.

6. ئوپالدىكى «ھەزرىتى موللام» مازىرى ھەققەتەن مەھمۇت قەشقەرىنىڭ مازىرى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى مەدەنىي يادىكارلىقلار باشقارمىسى، قەشقەر ۋىلايەتلىك مەدەنىي يادىكارلىقلارنى قوغداش ئورنى ئارخېئولوگىيە گۇرۇپپىسىنىڭ ئوپالدا ئېلىپ بارغان مەخسۇس تەكشۈرۈشىدىن چىقىرىلغان خۇلاسە بىزنىڭ بۇ قارىشىمىزنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلىدى.

7. مەسىلىنىڭ مۇنداق ئېنىقلىنىشى — بىزنىڭ پارتىيە 12 - قۇرۇلتىيىنىڭ پارلاق لۇشيەنىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئىلىم - پەن ساھەسىدە قازانغان زور ئۇتۇقلىرىمىزنىڭ بىرى. بۇ — ئىلىم دۇنياسى ئۈچۈن بىر يېڭى خۇش خەۋەر، شۇنىڭ بىلەن بىللە، مەھمۇت قەشقەرىنىڭ ۋەتىنى، يۇرتى توغرىسىدا غەرەزلىك ھالدا بۇرمىلاپ ئوتتۇرىغا قويۇلغان قاراشلار ئۈچۈن بىر ئەمەلىي جاۋاپ.

1983 - يىل 12 - ئاينىڭ 22 - كۈنى، ئۈرۈمچى.






**تۇرسۇنئاي ھۇسەيىن:** شېئىرىيەت سېپىدە كەڭ جامائەتچىلىكنىڭ دىققەت - ئېتىۋارىغا سازاۋەر بولۇۋاتقان شائىرە تۇرسۇنئاي ھۇسەيىن 1944 - يىلى قەشقەر شەھىرىدە تۇغۇلغان، 1962 - يىلى شىنجاڭ پېداگوگىكا ئىنىستىتۇتىنىڭ تىل - ئەدەبىيات پاكۇلتېتىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، قەشقەر، خوتەن قاتارلىق جايلاردا ئوتتۇرا مەكتەپ تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ ئىشلىگەن. 1976 - يىلى «تارىم» ژورنىلىغا يۆتكىلىپ، شۇندىن بۇيان مۇھەررىرلىك خىزمىتىنى ئىشلەپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇ، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى.

يولداش تۇرسۇنئاينىڭ تۇنجى شېئىرى «گۈل تاقايمەن كۆكسىڭگە» 1958 - يىلى «شىنجاڭ ياشلىرى» گېزىتىدە ئېلان قىلىنغان. شۇندىن تارتىپ ھازىرغىچە ھەرقايسى گېزىت - ژورناللاردا «بەشكىرەم گۈلباغلىرى»، «ئۇچرىشىش» قاتارلىق شېئىرلارنى؛ «سەپەر ناخشىسى»، «يەتتە پارچە سۈرەت» قاتارلىق داستانلارنى يازدى. 1981 - يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ئۇنىڭ «جەننەتتە» ناملىق شېئىرلار توپلىمىنى، 1983 - يىلى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى «بۇلبۇل ناۋاسى» شېئىرلىرى توپلىمىنى نەشر قىلدى. مۇندىن باشقا شائىرەنىڭ «كىچىك مانتىيور»، «ياردەمچىلەر» قاتارلىق بالىلار ھېكايىلىرىمۇ بار.

تەھرىردىن.

# شېئىرلار

## سۆگەت ۋە سۇ

سېرىق سۆگەت تۇرىدۇ مەسخۇش،
نىمە خىيال باسقاندۇ ئۇنى؟
ئېگىلىپتۇ ئۆستەڭگە قەددى،
سۆيمەكچىدەك شوخ ئېقىن سۇنى.

سۆگەت دىدى: «كېلىسەن جېنىم،
ھەر باھاردا مېنى يايرىتىپ.
مەنمۇ سېنى ئالىمەن كۈتۈپ،
چاچلىرىمغا جالالار سېلىپ.

سورىدى سۇ: «ئامرىغىم سېنى
بۇ باھاردا بېسىپتۇ خىيال.
يەر - زېمىننى كېيىپ بېشىمغا
كەلگىنىمگە بولماستىن خوشال.»

يازمۇ ئۆتەر، كەلگەندە كەچكۈز،
قارىماستىن كېتىسەن يىراق.
قەھرىتاندا پۈتۈن قىش بويى
ھىجرانىڭدا چېكىمەن پىراق.»

سۇ دېدى: «بار ئىشقىڭ دىلىمدا،
ئايلانسامۇ سوغاقتا قارغا.
سېنىڭ ئىشقىڭ بىلەن ئۆرتىنىپ
ئايلىنىمەن سۇغا باھاردا.

جېنىم، يەنە پۈتمەس - تۈگۈمەس
بىر ئوت - پىراق ئۆرتەر تېنىمنى.
مىڭ ئاشىقلىق مۇھەببەت بىلەن
مەن سۆيىمەن يەرۇ - زېمىننى.»

## ئەي نادان

چىقىپ كەتتىڭ كەينىڭگە باقماي،
ياش ئايالنى قالدۇرۇپ داغدا.
يىغلاپ قالدى بىر قىز ۋە ئوغاۋۇڭ
قول ئۇزۇتۇپ ئەنە شۇ چاغدا.

ئۇزۇپ ئاپسەن باشقا بىر گۈلنى،
سەن بۆلەكتىن تارتىپ ئىشتىياق.
ئېكىن ئۇمۇ كېتىپتۇ ئۆيدىن،
ئارىلىقتا ئۆتمەستىن ئۇزاق.

دەيسەن قاخشاپ «خوتۇن خەق دېگەن
بىلمەس ئىكەن سۆيگۈ - ۋاپانى!»
مەن دەيمەنكى، ئۆزەڭگە ئۆزەڭ
تاپتىڭ شۇنداق پۈتمەس جاپانى.

كېتىپ قالغان پەيتى بەختىڭنىڭ
بىر ئايالنى قاخشاتقان چېغىڭ.
باشلىنىشى ئىدى دەردىڭنىڭ
مەسۇملارنى زارلاتقان چېغىڭ.

## ئۈچ شائىرە

ئىزدەپ مەن بىرەر نىشان سىماسىنى،
كەزدىم گۈل دىيارىمنىڭ دالاسىنى.
بارخانلار، يۇلغۇنلارنى تۇتۇپ ئۇلپەت
ئىزدىدىم ساناقسىز قۇم ئاراسىنى.
ئاسمانغا باقتىم، ياندى يورۇق يۇلتۇز،
تۆكتى ئۇ يولۇمغا نۇر جىلاسىنى.
ئۇ دېدى: «تۇرغان يېرىڭ نىشانەڭدۇر،
ئاڭلىدىم يۈرىگىڭنىڭ ساداسىنى.
ئىزدىسەڭ ئاشۇ جايدا تاش پۈتۈك بار،
تاپىسەن ئەجدادىڭنىڭ ئىزناسىنى.
ئوقۇپ باق، مىڭ يىللارنىڭ ئالدىدىكى
ناتىۋان قىز - جۇگاننىڭ نىداسىنى.»
ئېھتىرام، ئىززەت بىلەن ئېيتىپ رەھمەت،
قازدىمەن قەدىمقى قۇم دۇنياسىنى،
ئالدىدا چىراي ئاچتى ساراي، ھەيكەل،
كۆردۈمەن بۇت دەۋرىنىڭ گۇۋاسىنى.
ئوقۇدۇم سارايدىكى تاش پۈتۈكنى،
ئاڭلىدىم ئوتلۇق شېئىر ساداسىنى:
«نە بولغاي ئىدى ئەگەر قىز بولمىسام!»
دېگەن شۇ دەرت - ئەلەملىك مىسراسىنى.
تۇرالماي كۆزلىرىمدىن تۆكتۈم مارجان
كۆرگەندە مەزلۇملار دىل ياراسىنى.
يالقۇنلۇق ئاشۇ ئوتلۇق مىسرالارغا
باغلىدىم رىشتە قىپ دىل ئىخلاسىنى.
ئېخ، ئۇيغۇر شائىرەسى سىلىق تېگىن①،
ھەيرەتتە قويدۇڭ شېئىر دۇنياسىنى.
بولساڭدىڭ، تۇتار ئىدىم مەڭگۈ ئۇستاز،
سەندەك بىر شېئىرىيەت پېشۋاسىنى.
كۆرسەڭدىڭ، ئېخ بۈگۈنكى دىيارىمنى،
كۆيلەرگە قاتاتتىڭ گۈل گىياسىنى.

*

بىر كۈينى ئاڭلاپ دىلىم بولدى ھەيران،
ھەسرىتى دىل قەسرىنى قىلدى ۋەيران.
يۈرەككە چۈشكەن ئىشق ئىزتىراپتىن

① سىلىق تېگىن — بۇددا دەۋرىدە ئۆتكەن ئۇيغۇر شائىرەسى.

ئىزىغا تىنتىزار بوپ باقتىم ھەريان.
ۋىسالىن ئىزدەپ شۇئان يولغا چىقتىم،
يەركەننىڭ يوللىرىدا بولۇپ سەرسان.
ئويلىدىم: «ئىزلىرىنى قىلاي سۈرمە،
ئاۋازى كۆلكىسىدىن تاپاي دەرمان.
ساتادىن قايتا ياڭراپ، ئىشرەت ئەنگىزى،
قەلبىمنىڭ باغلىرىدا بولسۇن مېھمان.
مۇقامنىڭ بالقىپ تۇرغان زۆھرەسىنى
ھەيرانلىق كۆزلىرىدە كۆرسۇن دەۋران.»
تاپالماي ئۇنىدىن سەھرا رەئناسىنى
يۈرىگىم لەختە بولۇپ يىغلىدىم قان.
«دېمى مەن ئامانىنانىڭ» دىدى شۇ چاغ،
شوخ سابا گۈل بەرگىنى ئېگىپ لەرزان.
نەرگىس گۈل خەۋەر بەردى كىرپىگىدىن
«كۆزى مەن ئامانىنانىڭ» دىدى چولپان.
«سۆزىمەن ئامانىنانىڭ» دىدى كاككۇك
تالزاردا قەھ - قەھ ئۇرۇپ كۈلدى خەندان.
«كۈيىنى ئىشتمەك بولساڭ قولاق سالغىن»
دەپ كۈمۈش دەريا سۈيى بولدى قىيان.
«ھىدى مەن» دەپ ئېگىلدى ئەتىر گۈللەر
ئىپاردەك ھىدلىرىنى سەپتى رەيھان.
«بويى مەن» دىدى نازلىق گۈزەل لالە
سىلكىندى تەبىئەتتە قوزغاپ غەليان.
«مەن بولسام دىۋان نەپىس ۋارىغىمەن»
دىيىشتى ھەر بىر ياپراق نەپەس يازغان.
«بىر ئۆلمەس تارىخىمەن» دىدى زىمىن،
شاھىد بوپ كۈلدى شۇ چاغ ئېگىز ئاسمان.
«قەلبىمنىڭ ئاسمىنىنىڭ يۇلتۇزىسەن،
دىيىشتى بارچە يۈرەك — يوروق يانغان».
يۈرىگىم غورۇر بىلەن تولۇپ - تاشتى
ھەم بىر ئوت لاۋۇلدىدى بولۇپ گۈلخان.
ئامانىنا، مۇشۇ دەمدە بولغان بولساڭ،
بولاتتىڭ ئارزۇيىڭغا راسا قانغان.
ياڭرىدى رادىيودىن ياڭراق مۇقام،
قەلبىمدە قوزغاپ ئۈمىد، زور ھاياجان.

*

ئاقىدۇ تۇمەن دەريا ئويناپ سۈزۈك،
گويا ئۇ ياقۇت كۆزلۈك زەر بىلەيزۈك.
جۆر بولۇپ تاشقىنغا تاشار كۆلكە،
چالغاندا دۇتارىنى خۇما كۆزلۈك.
جۇپ تارلار جاراڭلىشى بايان قىلار
ئاجايىپ بىر قىسسىنى شۇنچە ئۇنلۇك
ئاڭلىغان چاغدا كۈيىنى يۈرەك ئوخچۇپ
ئازاتتى رېتىمىدىن بوپ بىر تۇرلۇك.
كىنودەك بىر كۆرۈنۈش بولدى پەيدا،
تۇمان ۋە جۇت ئارىلاش ئەجەپ سۈرلۈك.
كېلىدۇ يولدا بىر توپ قىز ۋە يىگىت،
ئىلىغا سۈرگۈن بولۇپ بىر ئۆمۈرلۈك.
پۇت - قولى كىشەنلەنگەن رەئنا قىزلار،
ھەم بەرنا يىگىتلەر بار بادام بۆكلۈك.
ئاق يەكتەك، لىچەكلەردە قان دېغى بار،
ئارقىدىن چېرىك كېلەر تەرى سۈرلۈك.
تەۋرەتتى ئالامىنى توپ ئىچىدىن
بىر سادا يېرىپ چىقىپ شۇنچە كۈچلۈك:
«ئەلۋىدا! مېھرىۋانىم، جانىم ئانا،
ئەلۋىدا! يۇرتداشلىرىم، دىلى ئۈزۈك.
ئەلۋىدا! يارۇ - دوستلار، بىللە ئۆسكەن،
ئەلۋىدا، تۇمەن دەريا، سۈيى سۈزۈك.
زۇلمەتكە بولغان قەھرى خۇددى چاقماق،
ئەي خەلقىم، سېنى سۆيگەن قىزمەن نۇزۇك.
ئەركىنلىك ۋە سائادەت بەخت ئىزلەپ،
جاھالەت پەرەسلەرگە قىلىپ ئۆچلۈك؛
مەلئۇنلار يۈرىكىگە ئۇردۇق خەنجەر،
بولسۇن دەپ يۇرتىمىزدا مەڭگۈ ھۆرلۈك.
بالاخور زالىم دۆۋلەت قان قاخشاتتى،
قان ئىچىپ ياشىدىغۇ ئۇ كۆڭۈللۈك.
باشلارنى كەستى، چاپتى، دارغا ئاستى،
پالىدى بولمىسۇن دەپ يۇرتتا ئۆملۈك.
بىكارغا كەتمەس ئاققان قان ۋە ياشلار،
ئاخىرى پارتلار ھامان ۋولقان كۈچلۈك.
ھەر ئىزدىن قانچە مەرتلەر باش كۆتەرگەي،
قان ياشقا تولغان دىيار بولغاي گۈللۈك.»
ياڭرىدى شۇ چاغ دۇتار يېڭىۋاشتىن،
كۈيىگە ئاۋاز قوشتى دەريا ۋە كۆك.
قوش كۈيى بىلەن تولدى تالزار شۇدەم،
جۆر بولۇپ سايرىغاندا بىر جۇپ كاككۇك.
تۇمەننىڭ سۈيى ئاقار شۇنچە سۈزۈك،
بويىدا سەيلە قىلار سانسىز نۇزۈك.



**نۇرىيە ئىلاخۇن:** 1939 - يىلى غۇلجا ناھىيىسىنىڭ روزىمەتيۈزى يېزىسىدا دېخان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1957 - يىلى ئىلى قىزلار تولۇق ئوتتۇرا مەكتىۋىنى پۈتتۈرگەن، شۇندىن باشلاپ ھازىرغىچە غۇلجا ناھىيىلىك دارىلمۇئەللىمىن ۋە ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش مەكتەپلىرىدە تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ ئىشلەپ كەلمەكتە. ئۇ جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزاسى.

شائىرەنىڭ دەسلەپكى ئىجادىي پائالىيىتى 1952 - يىلى باشلانغان ئىدى. ئۇنىڭ «سالام» ناملىق شېئىرى 1956 - يىلى «شىنجاڭ ئەدەبىيات - سەنئىتى» ژۇرنىلىنىڭ 3 - سانىدا ئېلان قىلىنغان، شۇنىڭدىن باشلاپ ھەرقايسى گېزىت - ژۇرناللاردا شېئىرلىرى ئېلان قىلىنىپ كەلمەكتە. ئۆتكەن يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ئۇنىڭ «باھار شاتلىقى» ناملىق شېئىرلار توپلىمىنى نەشر قىلدى.

تەھرىردىن.

# ئىككى شېئىر

## باھار كەلدى يۇرتۇمغا

كەلدى بۇ يىل گۈل باھار، جەۋلان بىلەن باشقىچە،
مېنىڭ ئانا يۇرتۇمغا، يېڭى ھايات بېغىشلاپ.
ئىللىق باھار شامىلى چاچلىرىمنى يەلپۈتۈپ،
ئەركىلىتىپ يۈزۈمنى سۆيدى يەنە يېنىشلاپ.

تاغ - ئېدىرلار، ئېتىزلار، كىيىپ يېشىل لىباسنى،
كۆن نۇرىدا جىلۋە قىپ، يالتىرىدى پاقىراپ.

ئۈستەڭلەردە شوخ سۇلار قىيغىتىشتى توختىماي،
گىرۋەكلەرنى قۇچاقلاپ، ئاقتى ھەريان شاقىراپ.

چوكان تاللار بىخ سۈرۈپ، كۆزنى ئاچسا ھاياتقا،
لالە - رەيھان غۇنچىلار پورەك بولۇپ ئېچىلدى.
چالسا چاۋاك دەل - دەرەخ، بىر - بىرىنى ئاقشلاپ،
ئۇسۇل ئويناپ مايسلار بۇ سورۇنغا قېتىلدى.

يىپەك رومال پۈركىنىپ، باغلار ئېچىپ گۈل چىراي،
كاككۇك بىلەن بۇلبۇللار، خەندان ئۇرۇپ سايرىدى.
ھەر تەرەپتىن نەغمىچى قۇشلار كېلىپ شاتلىنىپ،
بەزمە قۇرۇپ، جەم بولۇپ، ئەجەپ خوشال يايرىدى.

ھۆسۈن تۈزەپ كائىنات، جىلۋە قىلدى رەڭمۇ - رەڭ،
خۇش تەبەسسۇم ئىلكىدە باقتى بىرگە يېقىملىق.
بەكمۇ كۆركەم، ھەيۋەتلىك بىزەلدى بۇ تەبىئەت،
ياڭراق كۈيلەر ئەۋجىگە كۆتىرىلدى رېتىملىق.

ئېخ، يۇرتۇمنىڭ باھارى، مەنمۇ بولدۇم جۆر ساڭا،
ناخشام بىلەن ئالدىڭغا سالدىم شۇ.ا پاياندا.
چۈشتى بۈگۈن سەن بىلەن تۇمەن تۇلپار بەيگىگە،
يېتىلگۈسى چېلىشتا، سان - ساناقسىز چەۋەنداز.

## سۇ بىلەن سۆھبەت

تاماشا قىپ شوخ ئېقىننى،
ئولتۇرمەن سۇ بويىدا.
ئۇچار ئېكرىم قاناتلىنىپ،
بىر سېھرلىك ئىش كۆيىدا.

تىكىلدۇ جۇپ كۆزلىرىم،
شوخ ئوخچىغان دولقۇنلارغا.
ھەسسىياتىم ئۆركەش بولۇپ
قوشۇلدۇ ئويقۇنلارغا.

سۇغا سىرداش بولۇپ شۇدەم،
شاۋقۇن سېلىپ ئاققۇم كەلدى.
يېشىل چىمەن قىرغاقلارغا
ئويماي شۇنچە باققۇم كەلدى...

زوقۇم كېلىپ سوراپ قالدىم:
«سۇلار نەگە ئاقىسلەر؟
قانماي سۆيۈپ گىرۋەكلەرنى،
يۈزۈڭلارنى ياقىسلەر؟»

ھەيران بولۇپ سوئالىمدىن
سۇمۇ دەرھال كىردى سۆزگە:
«بىر ئاقمىز بىلمەك بولساڭ،
چوققىلاردىن دالا - تۈزگە.

تىنىم تاپماي چىپىپ ھەريان،
ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرىمىز.
ھايات شامى ئۆچسە نەدە،
بېرىپ قايتا ياندۇرىمىز.

ماكانىمىز چەكسىز زېمىن،
شۇڭا ئەركىن قىيغىتىمىز.
كىرپىك قاقماي، راۋان ئېقىپ،
قاقاس چۆلنى ئويغىتىمىز.

كۈمۈش چاشقا ‹تەڭرى› چاچقان،
بىزنىڭ ھىممەت - خىسلىتىمىز.
ھۆسنىمىز يوق قىزىققۇدەك،
بىراق ئۈستۈن ھۆرمىتىمىز.

پەرھات كەبى باشلىسا كىم
تاغۇ - دەشتنى گۈللىتىمىز.
سۇغا تەشنا قىر - دالاغا
ئۈنچە - مارجان چاچرىتىمىز.»

دىدى - دە سۇ، كەتتى ئېقىپ
سۆيۈپ ئۆستەڭ قىرلىرىنى.
بىلىۋالدىم بۇ سۆھبەتتىن
سۇنىڭ خىسلەت سىرلىرىنى.

ئۆز - ئۆزەمگە دىدىم شۇندا،
يىغىپ ئەس ۋە خىيالىمنى؛
مەنمۇ تامچا سۇدەك تېمىپ،
ياشناتسامدىم دىيارىمنى!

(بېشى 33 - بەتتە)

بولۇپ خەلقىنىڭ قەھرىگە تەڭكەش،
چاقىدۇ چاقماق ياغماقتا يامغۇر.
لەپىلدىتىپ قىپ - قىزىل تۇغنى
كېلەر بىر قوشۇن ئىلگىرىلەپ مەغرۇر.

ئىسسىق ئىچمەستىن ھەپتىدىن بۇيان،
پاتقاق سازلىقتا مۇساپە باسار.
يۈك - تاق بېسىلغان ماشىنىلارنى
سۆرەپ ئەسكەرلەر تاغلاردىن ئاشار.

بىر كۈن كەچقۇرۇن دۈشمەن تانكىسى
يەر يۈزىن چەيلەپ، بېسىپ كېلەتتى.
قەدىمى تەككەن ئۆي ۋە باغلاردىن
جەسەت پۇرىقى سېسىپ كېلەتتى.

كۆرۈپ جەڭچىلەر تانكىنى شۇدەم،
جىددى دەتالاش باشلاشتى بىردىن.
كۆكرەكتە بومبا
قانچە ئون جەڭچى،
رۇخسەت سورايتتى بىر كوماندىردىن.

«مەن» دەيتتى بىرسى،
«مەن»دەيتتى بىرسى،
دەرئىدى بىرسى: «بەرسىڭىز رۇخسەت،
ئەشۇ تانكىنى ئۇچۇراي كۆككە
مۇشۇ مىنۇتتا ئۆتكەزمەي پۇرسەت.»

تاتارنىڭ ئوغلى كۆك كۆزلۈك شەۋكەت،
ئۇيغۇرنىڭ ئوغلى ئاق موللا يەنە؛
يۈگۈردى خوشال رۇخسەتنى ئېلىپ،
تانكا ئاستىغا يۈگۈردى ئەنە ...

بوۋايمۇ شۇ چاغ ياش جەڭچى ئىدى،
ئۇمۇ قاتناشقان ئاشۇ تالاشقا.
ئىككى دەتالاش ئۆتۈپ چاقماقتەك،
بوۋاي كۆزىنى تولدۇردى ياشقا.

كۆزى ئالدىدا نۇرلۇق يۇلتۇزدەك
چاقماق چاقنانى كۆردى بىر بوۋاي.
بىرلا ئورۇندا ئىككى دەتالاش —
بولۇپ باقنانى كۆردى بىر بوۋاي.

- زەينۇرە ئەيسا: 1941- يىلى قەشقەردە تۇغۇلۇپ، ئاقسۇدا ئۆسۈپ چوڭ بولغان. 1965- يىلى شىنجاڭ داشۆ تىل- ئەدەبىيات پاكۇلتېتىنى پۈتتۈرگەن. شۇندىن بېرى ئۆزىنىڭ ئانا مەكتىۋىدە تىل- ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ ئىشلەپ كەلمەكتە.



زەينۇرەنىڭ تۇنجى شېئىرلىرى 1956- يىلدىن باشلاپ كىتاپخانلار بىلەن يۈز كۆرۈشكەن ئىدى. كېيىنكى كۈنلەردە ئۇنىڭ «قايىدىدۇر»، «تەقدىر»، «توققۇز بۇلاق» قاتارلىق بىر قاتار شېئىرلىرى ۋە «ئايىمنىسا» قاتارلىق داستانلىرى ئېلان قىلىندى. ئۇ يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزاسى.

1980- يىلى ئۇنىڭ «توققۇز بۇلاق» ناملىق شېئىرلار توپلىمى بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتىدا، 1983- يىلى «ئاق ئەتىرگۈل» ناملىق شېئىرلار توپلىمى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتىدا بېسىلىپ ئامما بىلەن يۈز كۆرۈشتى.

شائىرە زەينۇرەنىڭ ئالى مەكتەپلەر ئۈچۈن تۈزگەن «يېزىقچىلىق توغرىسىدا» قاتارلىق ئىلمىي ئەسەرلىرىمۇ بار.

تەھرىردىن.

# شېئىرلار

## بىز قەيەردە دوستلاشقان

چىلەكلەپ سۇ قۇيغاندەك
كۆكتىن يامغۇر چۈشەتتى.
كۈنلۈك تۇتۇپ بېكەتتە
مېھرىۋا يالغۇز تۇراتتى.

ئامىنەمۇ بېكەتكە
كەلدى يۈگرەپ، دۈگدەرەپ،
كوچىلاردا ئاقاتتى
يامغۇر سۈيى بوپ سەلەپ.

شۇ چاغ مېھرىۋا كۈنلۈكنى
ئىنككى باشقا تەڭ تۇتتى.
ئامىنەنىڭ قەلبىنى
مېھرى بىلەن ئۇ ئۇتتى.

ئۇلار كۈنلۈك ئاستىدا
ئىسمىڭ نىمە، دېيىشتى.
مەكتەپ ھەممە ئۆيىنىڭ
ئادرېسىنى بىلىشتى.

شۇندىن كېيىن ئىككىسى
بولدى گويا جۈپ پۆرەك.
تەڭ كۆلۈشەر، ئويىنشار
ئۇماق بىر جۈپ قوش يۈرەك.

دەيدۇ بەزەن ئىككىسى:
«بىز قەيەردە دوستلاشقان؟
بۇ دۇنيادا بارمىدۇ
ئىككىمىزدەك ماسلاشقان؟»

## باغدىمەن

شۇم ھوقۇشلار سايە سالغان چاغدىمەن،
پالىنىپ بولدۇم «گۇناھكار» تاغدىمەن،
قورۇلۇپ كۆيدۇم گويا كى ياغدىمەن،
سورىساڭ، ئەمدى نىگارىم باغدىمەن،
بىھۇدە ئۆتكەن ئۆمۈرگە داغدىمەن.

توت چايانىڭ دەۋرىدە بەك خارلىنىپ،
يۈرىكىم ھەسرەت ئوتىدا داغلىنىپ،
قاپقارا زۇلمەت ئىچىدە زارلىنىپ،
ئۆتتى كۈن دۈشمەنگە ئەخلەت چاغلىنىپ،
بىھۇدە ئۆتكەن ئۆمۈرگە داغدىمەن.

پارتىيەم چاچتى ئادالەت نۇرىنى،
تەنجىدى قاشتاق نادانلىق بورىنى،
قىزىدى ھەر ياندا شاتلىق سورىنى،
يەتتى كۆككە ناغرا - سۇنەينىڭ ئۇنى،
سورىساڭ، ئەمدى نىگارىم، باغدىمەن.

باغدا بار ھۆرلۈك ئادالەت مايىسى،
مۇسى ئالتۇن دەرەخلەر سايىسى،
تېخىمۇ پارلاق خەلقنىڭ غايىسى،
كۆلمىگەي شادمان يۈرەكنىڭ قايىسى،
مەنمۇ كۆلدۈم شاتلىنىپ، بۇ باغدىمەن.

## ئىككى دەتالاش كۆردى بىر بوۋاي

چوكانتال سۆيگەن سۇنىڭ يۈزىنى،
باغچا گىلىمى يېشىل قىياقتىن.
ئاق ساقال بوۋاي لەززەتلىنەتتى
ئەتىر گۈل چاچقان خۇشبۇي پۇراقتىن.

بىر توپ نەۋقىران يىگىت چىملىقتا
تەمبۇرلىرىنى چالار، ئولتۇرۇپ.
گويا بۇلبۇلنى قىنلار ئىدى مەس،
ئېيتقان ناخشىسى كۆكرەك تولدۇرۇپ.

ناخشا ئۇنىدىن بوۋاي دىلىدا
سۆيۈنۈش دەرياسى ياسىدى ئۆركەش.
تاس - تاسلا قالدى ئۇلار دېيىشغا
بوۋاي ئۇسۇلنى قىلغىلى تەككەش.

ئاشۇ پۇرسەتتە بىردىن بوۋاينىڭ
يۈرىكى سانجىپ چۆمۈلدى تەرگە.
كېسەل دەردىدىن ھېچبىر بولالماي،
يىقىلىپ چۈشتى شۇ چىملىق يەرگە.

كېلىپ يىگىتلەر كۆتەرمەك بولۇپ،
«مەن»
«مەن» دېيىشىپ تالىشىپ كەتتى.
بولۇپ گويا كى قاناتلىق لاچىن
دوختۇرخانىغا ئۇچىشىپ كەتتى.

×

بىر نەچچە سائەت ئۆتتى ئارىدا
بوۋاي دوختۇردا كەلدى ئۆزىگە.
شۇ چاغ بوۋاينىڭ كۆپ يىل بۇرۇنقى
بىر تالاش - تارتىش چۈشتى ئېسىگە.

قىرىق يىل بۇرۇن زەيكەشلىك ئىدى،
دەل مانا مۇشۇ باغچىنىڭ ئورنى.
بولۇپ ئۆتكەنتى بۇ يەردە چوڭ جەڭ.
بوۋاي خىيالچان ئەسلەيتتى شۇنى:

(ئاخىرى 31 - بەتتە)



**دىلبەر قەييۇم:** ئەدەبىيات سېپىمىزگە يېڭى كۈچ بولۇپ قوشۇلغان ياش شا-ئىرە 1958 - يىلى 1 - ئايدا قەشقەر شەھىرىدە خىزمەتچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1973 - يىلى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، مائارىپ ساھەسىدە ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلىگەن، ھازىر «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژور-نىلىدا مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىمەكتە. ئۇ، 1982 - يىلى جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىگە ئەزا بولغان ئىدى.

ئۇنىڭ تۇنجى شېئىرى «بولسام بىر تامچە» 1980 - يىلى قەشقەر گېزىتىدە ئېلان قىلىنغان ئىدى. شۇندىن بېرى، ئۇنىڭ «ئىككى غەزەل»، «ئەجدادىم تەشەككۈرى» قاتارلىق شېئىر، باللادىلىرى بىلەن «يەڭگەم»، «ئانا» ناملىق ھېكايىلىرى «تارىم» ژورنىلى، «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژورنىلى ۋە باشقا گېزىت - ژورناللاردا ئېلان قىلىندى.

تەھرىردىن.

## تۇپراقنىڭ غەزىۋى

(باللادا)

تۇغۇلۇپ جاھانغا كۆزۈمنى ئېچىپ،
بۇ ياشقا كەلگىچە تالاي ئىش كۆردۈم.
گاھىدا گۈللەرگە پۈركەندى باھار،
گاھىدا شۇۋىرغان، جۇدۇن، قىش كۆردۈم.

بىر ئىشنى ئۇچرىتىپ بولدۇم ھەيران - ھەس،
ئاڭلىغىلار ھېكايەت، ئېيتىلغىلار ساۋاق.
بۇ جاھان سىرلىرى سەھىپىسىدە
بار ئىكەن ئاجايىپ ئىشلار مۇشۇنداق.

1

باھارنىڭ ئىللىق، ئۇز كۈنلىرى ئىدى،
ئەتراپقا گۈزەللىك شاھى ھۆكۈمران.
باقاتتى تەبىئەت تەبەسسۇم بىلەن،
سۈت بەرگەن ئانىدەك شۇنچە مېھرىۋان.

ئورنىمدىن تۇرۇپلا ماڭدىم تاڭ سەھەر،
ئەجداتلار روھىنى يادلاش ئادىتىم.
قايغۇلار كۆڭلۈمدە ئويغىتىپ غەليان،
ھەر كەلسەم قوزغىلار دىلدا ھەسرىتىم.

بېشىمنى كۆتەردىم، بولدى نامايان،
كۆز ئالدىم پايانسىز قەۋرىگاھ ماكان.
تۇردى چوقچىيىپ ساناقسىز گۈمبەز،
بۇرۇلدۇم بوۋاملار قەۋرىسى تامان.

ئەتراپقا مۆڭلىنىپ بىر قاراپ چىقتىم،
ھەممە ياق گۈل - چېچەك ئۈسىل لاللەر.
سۇغۇرار گۈللەرنى ئۈنجىنهات بىلەن
ئەجداتلار ۋارىسى سانسىز نەۋرىلەر.

2

قارىدىم، ئەتراپقا ھاڭ - تاڭ بولۇپ مەن،
ئېچىلدى ئالدىمدىن كىچىك چىغىر يول.
ئۆزەممۇ سەزمەستىن تاشلىدىم قەدەم،
يېتىلەپ ماڭغاندەك مېنى غايىپ قول.

كېلىمەن ھەيۋەتتە ئالغا ئىلگىرلەپ،
يۈرىگىم ئۇرۇۇدۇ قىنىغا پاتماي.
پىچىرلاپ ئېيتتىممەن ئۆزەمگە ئاستا:
«ئۆزەڭنى تۇتتۇۋال، ئانچە ھودۇقماي!»

ئېپ كەلدى مېنى شۇ ئۇزۇن چىغىر يول
ئوچۇق بىر قەۋرىنىڭ يېنىغا ئاخىر.
ياتىدۇ بىر جەسەت يەردە سوزۇلۇپ،
تىترىدى تەنلىرىم ياپراقتەك دىر - دىر.

تۇرىدۇ ئۈستىدە ئاپپاق كېپەن ساق،
ۋە لېكىن قونۇپتۇ جىقلا چاڭ - توزاڭ.
ئاھ، نىمە كارامەت، قانداق ئالامەت؟!
دېدىممەن بۇ ھالغا بولۇپ ھاڭۇ - تاڭ.

بەزىلەر سۈپۈرەر قەۋرە ئالدىنى،
بەزىلەر ئەپكىلىپ قويۇدۇ كۆچەت.
بەزىلەر كۆزىدە ئەگىپ ئۈنچە ياش،
ئويۇدۇ قەۋرىلەر كاھىشىغا خەت.

سۇغاردىم مەنمۇ ھەم گۈللەرنى كېلىپ،
سۈپۈردۈم ئەتراپنى پاكىزە قىلىپ.
ئاڭلاندى شۇ دەقىق قۇلاققا ئەنسىز
بىر ياقتىن ئىڭرىغان دەرت - نىدا كېلىپ.

بىردىنلا ۋاقىراپ كۆتەردىم چوقان،
يىرىلغان تۇپراققا قىلغاندەك خىتاپ:
«ئېپ چىققان كىم ئۇنى گۆرنىڭ سىرتىغا»
دېدىم - دە، ئەتراپقا مەنلىك قاراپ.

قۇلاق سال كائىنات، قۇلاق سال ئالەم،
بۇ قانداق جەسەت - ھە؟ بۇ قانداق ئادەم؟!
نىمىشقا جىمجىتلىق بەرمىدىڭ ئاڭا،
يا بولسۇن دىدىڭمۇ يىرتقۇچلارغا يەم.

تاپىنىم ئاستىدىن چىققاندەك گويا،
ئاڭلاندى قۇلاققا يەنە بىر سادا.
«يارەببىم» دەپ كەتتىم شۈركىنىپ تېنىم،
شۇ ھالدا تېڭىرقاپ تۇردۇم بىر ھازا.

«سالىسەن نىمىشقا بۇنچىلا غەۋغا؟
سورىساڭ مېنىڭدىن بىلىپ قالىسەن، —
دەپ ماڭا دوق قىلدى قانداقتۇ بىرسى، —
نىماندا قورقانچاق جانسىز بالىسەن؟»

3

قارىدىم، ئەتراپقا ئىنسى - جىنمۇ يوق،
ئەسلىدە سۆزلىگەن ئىكەن ئانا يەر.
تىڭشىسام سۆزىنى مەن سەگەكلىشىپ،
جاراڭلىق ئۈن بىلەن ماڭا مۇنداق دەر:

ئانا بوپ ئۆستۈردۈم سانسىز ئەزىمەت،
يېتىشتى كۆپلىرى بولۇپ ئادىل، مەرت.
بەردىم نەپ ۋە لېكىن ھېچبىر كىشىگە
قىلمىدىم ھېچ مىننەت، قويمىدىم ھەم شەرت.

ھەممىسى باغرىمغا تۆكتى ھالال تەر،
مېھنەتنىڭ مېۋىسىن كۈتتى قىپ تاقەت.
بەردىممەن ئەجرىگە لايىق مۇكاپات،
ھاياتلىق مەنبىئى — ئەقىل - پاراسەت.

كۆتەردى ئۈستىمدە ئىگىز ۋە ھەيۋەت
بىنالار ئاسمانغا تاقىشىپ رەت - رەت.
سۇ بەردىم، خىش بەردىم، ئورۇنمۇ بەردىم
ئەۋلادىم ھاياتتا كۆرسۇن دەپ راھەت.

ھەممەيلەن مېنىڭدىن بولۇشتى رازى،
مەنمۇ ھەم ئۇلاردىن سۆيۈندۈم قەۋەت.
كۈتكەننى قولۇمدىن كېلىشچە بەردىم،
ھەتتاكى ئۆلگەندە ياتقىلى لەھەت.

قارىغىن، ئەي قىزچاق، كەلگەنلەرگە سەن،
ياتماقتا قوينىمدا ئۇيقىغا قېنىپ.
ئەمدى سەن قۇلاق سال مۇشۇ مۇردىنىڭ،
دەپ بېرەي ئىشىنى ھىكايەت قىلىپ:

بۇ ئىدى ئەسلىدە ياخشى ئادەمنىڭ
سۆيۈملۈك پەرزەنتى، ئارزۇلۇق بالا.
پەرزەنتلىك رىشتى بوپ كىندىك قېنىمۇ،
سىڭگەنتى باغرىمغا تۇغۇلغاندىلا!

شۇ سەۋەپ بەردىم مەن ئاقا ئاپپاق سۈت،
چوڭ قىلدىم بېشىمغا ئېلىپ كۆتىرىپ.
بولۇپ مەن ئۇنىڭغا مېھرىۋان ئانا،
ئۆستۈردۈم شۇنچىلىك ئەتىۋا بىلىپ.

ۋە لېكىن ئادەمگە ئوخشىماي ئۇنىڭ
قىلىق ۋە خىسلىتى، ئۆستى باشقىچە.
بولۇپ بىر شۇم بۇيا ئىنسانلار ئۈچۈن،
كەلتۈردى كۆپ زىيان، چەكتىن ئاشقىچە.

يۈرىكىم قېنىدىن سۇغارغان گۈلنى
چەيلىدى ئايىماي ھەر قەدەمدە بىر.
ھەر قاچان ئۆتتى ئۇ غەپلەت ئۇيقىدا،
تۇرسىمۇ كەگرى يول ئاشالمىدى قىر.

قىرقىدى ئايىماي گۈل يىلتىزىنى،
ۋە قويدى ياخشىلار يولىغا تۇزاق.
مۇشۇنىڭ دەردىدىن كۆردى نۇرغۇن جان
ئۆلمەستىن تۇرۇپلا قاراڭغۇ دوزاق.

ئاق كۆڭۈل ئادەملەر ئۈستىدە ھەر چاغ،
ئويدۇروپ چىقىرىپ پىتنە - پاساتنى؛
يوشۇروپ دىلىغا شۇملۇق، سۇئىقەست،
يار قىلدى ئۆزىگە رەشك - ھەسەتنى.

تېچ - ئىناق دوستلارنى جاڭجالغا سېلىپ،
ئولتۇروپ بەھوزۇر كۆردى ئۇ ئويۇن.
بەزىدە پىتنىنىڭ ئۇرۇغىن چېچىپ،
ھەر ياقتا چىقاردى غەلىتە قويۇن.

قىلمىدى ئۆمرىدە ئەل كۈلگىدەك ئىش،
چىللىدى شۇملۇقنى ئەلگە يازۇ - قىش.
يامانغا يانتاياق بولدى پالاقلاپ،
ئەجدىھار ئاغزىغا بولۇپ ئۆتكۈر چىش.

ئىنسانلار ئۇنىڭغا بەرگەندە تەنبىھ،
ئاڭلىماي، ئىشىنى قىلدى ئۇ داۋام.
ئىلتىجا ئەيلىدى ئەزارائىلغا ئەل،
«تۈز كورنىڭ ئۆمرىنى ئەيلىگىن تامام!»

ئاقىۋەت ئەكىلىپ بىراۋلار ئۇنىڭ
جەسىدىن باغرىمغا كۆمۈشتى تېخى.
چىقاردىم ئىتتىرىپ باغرىمدىن ئۇنى،
مەن ئەمەس تۈزكورغا ئەزەلدىن سېخى.

ئەتىسى كۆرگەنلەر بولۇشتى ھەيران،
ئەكىرىپ كۆمۈشتى قايتىدىن يەنە.
يېرىلدىم غەزەپتە ئاخىرقى قېتىم،
دېيىشتى: «ۋاي، جەسەت تۇرمامدۇ ئەنە.»

شۇ سەۋەپ ئىرغىتىپ ئاتتىم يىراققا،
بەرمىدىم سىققىدەك قوينۇمدىن ئورۇن.
بۇ ناكەس ھاياتتا كىشىلەر ئۈچۈن
باھارنى قىلماقچى بولغانتى جۇدۇن.

☆

تۇپراقنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ چۈشەندىم،
كەچمىشىن سوزۇلۇپ ياتقان مۇردىنىڭ.
بىلسىكەن ھەر ئىنسان ئانا تۇپراقتا
قانچىلىك ئىكەننى قەدرى - ئورنىنىڭ.



**ئايشەم ئەخمەت:** 1942 - يىلى 5 - ئايدا قۇمۇل كونا شەھەردە كىچىك تىجارەتچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1958 - يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تىل - ئەدەبىيات پاكولتېتىنى پۈتتۈرۈپ، 1960 - يىلغىچە ئۈرۈمچى 2 - دارىلمۇئەللىمىندە تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى، ئۇنىڭدىن كېيىن «قۇمۇل گېزىتى» دە مۇھەررىر بولغان، ھازىر «قۇمۇل ئەدەبىياتى» ژورنىلىدا مۇھەررىرلىك قىلىۋاتىدۇ.

ئايشەم ئەخمەت ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدىلا شېئىر - ھېكايىلارنى مەشق قىلىشقا باشلىغان. 1957 - يىلى «تارىم» ژورنىلىدا «باھار شامىلى» ناملىق تۇنجى شېئىرى ئېلان قىلىنغان. شۇندىن باشلاپ ھەر قايسى گېزىت - ژورناللاردا «باشلىقنىڭ رايى»، «ھەسرەت» قاتارلىق ھېكايە، ئوچېركلىرى ئېلان قىلىنىپ كەلدى. يازغۇچىنىڭ «ئۆچمەس ئىزلار» رومانى 1983 - يىلى 1 - ئايدا نەشردىن چىقىپ، كەڭ كىتابخانلار بىلەن يۈز كۆرۈشتى.

يولداش ئايشەم ئەخمەت ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى ۋە يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

تەھرىردىن

# خىجىللىق

(ھېكايە)

سىم - سىم يامغۇر يېغىشقا باشلىدى. يول تېيىلغاق بولۇپ كەتكەن ئىدى. گۈلسۈمخان كىچىك قىزى ئارزىگۈلنى باغرىغا بېسىپ دوختۇرخانىغا كېتىپ باراتتى. ئۇنىڭ يۈرىكى سىقىلغاندەك بولاتتى ۋە پات - پات بالىسىنىڭ يۈزىنى ئېچىپ قاراپ قوياتتى. ئۇ ئاخىرقى قېتىم قارىغىنىدا، كىچىككىنە ئارزۇگۈلنىڭ يۈزلىرى كۆكىرىپ، نەپەس ئېلىشى ئىنتايىن قىيىنلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردى - دە، يۈرىكىدە ئەنسىزلىك پەيدا بولۇپ، كۆزلىرى قاراڭغۇلىشىپ كەتتى.

ئۇ، دوختۇرخانىغا يېتىپ كەلگەندە سەمەت دوختۇر ئاق خالىتىنى سېلىۋېتىپ، يۈز - كۆزلىرىنى سوپۇنداپ يۇيۇۋاتاتتى. باشقا

دوختۇرلارنىڭ ھەممىسى ئىشتىن چۈشۈپ قايتىپ كەتكەن بولۇپ، سەمەتمۇ قايتىشقا ئالدىراپ تۇراتتى.

— ئۇكام، — دېدى گۈلسۈمخان تاقەتسىزلىك بىلەن، — بالامنى كۆرۈپ قويۇڭا.

سەمەت دوختۇر يۈزىنى سۈرتۈپ بولۇپ تىڭشىغۇچنى ئالدىرىماي قولىغا ئالدى-دە، بالىنى تەكشۈرۈشكە كىرىشتى. ئۇ، بالىنى تەكشۈرۈپ بولۇپ بېشىنى چايقاپ قويدى. بۇ ھال گۈلسۈمخانغا ناھايىتى قاتتىق تەسىر قىلدى. ئۇ بېشىغا بىر قاپاق سوغاق سۇ تۆكۈلگەندەك ئەندىكىپ كەتتى.

— نېمە، نېمە بوپتۇ؟ بالامنىڭ كېسىلى ئېغىرمۇ؟

— ئېغىر، تېزرەك چوڭ دوختۇرخانىغا ئېلىپ بېرىڭ، — دېدى سەمەت بىپەرۋا قىياپەتتە.

— نېمە دېگىنىڭىز ئۇ، سىزمۇ دوختۇرغۇ، ئاۋال بىر داۋالاپ كۆرسىڭىز بولمامدۇ؟ — گۈلسۈمخاننىڭ يۈرىكى داۋالغۇشقا باشلىدى.

— بىزدە ھازىر ياتاق يوق، چوڭ دوختۇرخانا ياتاققا ئېلىپ داۋالىمىسا بولمايدۇ.

گۈلسۈمخاننىڭ چىرايى ئۆچۈپ، لەۋلىرى تىترىدى:

— ئۇنداق دېمەڭ، جېنىم ئۇكام، چوڭ دوختۇرخانا يىراق تۇرسا، ئۇ يەرگە بېرىپ بولغىچە بالامنىڭ ئەھۋالى نېمە بولۇپ كېتەر؟ ئۆزىڭىز بىر ئامال قىلىپ داۋالاپ باقسىڭىز.

— تولا سوزلەيدىكەنسىز، بالىڭىزنىڭ كېسىلى ئېغىر دەۋاتىمەنغۇ، چوڭ دوختۇرخانىغا ئېلىپ بېرىڭ. ئۇلاردا ئېسىل دورىلار بار. بالا تېزلا ساقىيىپ قالىدۇ.

گۈلسۈمخان سەمەتكە گەپ يىگۈزەلمەي، بالىسىنى باغرىغا باسقىنىچە بۇقۇلداپ يىغلاۋاتقاندا، ئىشىكتىن ھەمدۇل دوختۇر كىرىپ كەلدى. ئۇ كۆك دىكادىن چاپان، سۇررەڭلىك نىلۇن ئىشتان، قارا بەتىنكە كىيگەن بولۇپ، ئوتتۇرا بويلۇق، پېشانىسى كەڭ، بۇغداي ئۆڭلۈك، ئورۇق كىشى ئىدى. چوڭ - چوڭ قارا كۆزلىرىدىن نۇر يېغىپ تۇراتتى. ئۇ ئاق خالاتنى كىيىۋېتىپ:

— نېمە كېسەلكەن؟ — دەپ سورىدى سەمەتتىن.

— كېسەل يۈرەكتە، تۇغما يۈرەك كېسىلى بولسا كېرەك. دەرھال چوڭ دوختۇرخانىغا ئېلىپ بارمىسا بولمايدۇ.

— چوڭ دوختۇرخانىغا؟ نېمىشقا ئۆزىمىز داۋالىمايمىز؟

سەمەت دوختۇر ئورنىدىن تۇرۇپ بەتىنكىسىنى سۈرتكەچ دېدى:

— چوڭ دوختۇرخانا ھەر ھالدا ياخشى - دە.

— ئۇنداق دېسىڭىز بولمايدۇ. بىزدىمۇ خېلى ياخشى دورىلار بارغۇ؟

ھەمدۇلنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، گۈلسۈمخاندا بىر ئاز ئۈمىت پەيدا بولدى.

— ئۇكام، ئۆزىڭىز بىر تەكشۈرۈپ كۆرۈڭا، — دېدى ئۇ ھەمدۇلغا تەلمۈرۈپ قارىغان پېتى.

ھەمدۇل دەرھال تىڭشىغۇچنى ئېلىپ بالىنى تەكشۈردى، تېمپېراتۇرىسىنى ئۆلچىدى، تېرمومېتىر 40 نى كۆرسىتىپ تۇراتتى.

— ئۆپكە ياللۇغلانغان، — دەپ خۇلاسە چىقاردى ھەمدۇل، — شۇ سەۋەپتىن كىسلاروت يېتىشتۈرەلمەيۋاتىدۇ، تېمپېراتۇرىنىڭ ئۆرلەپ كەتكەنلىكى بۇنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ.

ھەمدۇل يېنىدا قاراپ تۇرغان سېستىرا قىزغا بالىنى دەرھال جىددى قۇتقۇزۇش بۆلۈمىگە ياتقۇزۇپ كىسلاروت بېرىشنى بۇيرۇدى. سېستىرا قىز گۈلسۈمخاننىڭ قولىدىن بالىنى ئېلىپ، جىددى قۇتقۇزۇش بۆلۈمىگە كىرىپ كەتتى. گۈلسۈمخانمۇ ئۈن - تىنسىز ھالدا ئۇنىڭغا ئەگەشتى.

ھەمدۇلنىڭ قىلىقلىرى سەمەتكە ياقمىدى. ئۇ، مېنى خەقنىڭ ئالدىدا ئوسال قىلىپ، ئۆزى ياخشىچاق بولۇۋالماقچى، دەپ ئويلىغان ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ھەمدۇلنىڭ كېسەلگە باشقىچە دىئاگنوز قويغانلىقى ئۇنىڭ ئۇغىسىنى تېخىمۇ قايناتتى. شۇڭا ئۇ:

— سىز بالىغا خاتا دىئاگنوز قويدىڭىز،

خەتەرلىك ئەھۋال كېلىپ چىقسا ئۈزىڭىز جاۋاپ بېرەرسىز، — دېدى - دە، جاۋاپمۇ كۈتمەستىن،گۈس - گۈس دەسسىگىنىچە چىقىپ كەتتى.

ھەمدۇل ئۈزىنىڭ توغرا دىئاگنوز قويالىغىنىغا ئىشىنەتتى. شۇڭا سەمەتنىڭ سۆزلىرىگە ئانچە رەنجىپمۇ كەتمىدى. ئۇ، جىددى قۇتقۇزۇش بۆلۈمىگە كىرمەكچى بولۇپ ئەمدىلا ئورنىدىن تۇرىۋىدى، شۇ چاغدا ئۇنىڭ ئايالى رەيھانەم كىرىپ كەلدى. ئۇ، قىزغۇچ گۈللۈك كوپتا، يېشىل رەڭلىك گارمۇن يوپكا، پۇتىغا ئېگىز پاشنىلىق جىگەررەڭ توپلىي كىيگەن بولۇپ، قولىدا بىر قىزىل سومكىنى كۆتىرىۋالغان ئىدى. ئۇ سومكىسىنى ئۈستەلگە قويۇپ، جاۋىلداپ سۆزلەپ كەتتى:

— بۈگۈن بىر پىشكەل ئايال بەش كوي پۇلنىڭ ماجراسىنى قىلىپ، بېشىمنى ئوچاق قىلىۋەتتى دەڭا. بىر تەرەپتىن تويغا ئالدىراپ تۇرىمەن، يا بۇ خوتۇنىنىڭ گېپى تۈگىمەيدۇ، بەكمۇ جىلى بولۇپ كەتتىم. ئاخىرى پۇلنى قايتا ھىساپلاپ كۆرۈشكە توغرا كەلدى. مانا ئەمدى تويغىمۇ كېچىكتىم. سىزنىڭمۇ ئىشىڭىز تۈگىگەندۇ، يۈرۈڭا، بىللە بارايلى...

دەل شۇ پەيتتە سىرتتىن قىز يۈگۈرۈپ چىقتى - دە، ئاسما ئوكۇلنىڭ تىمىشى بەك ئاستىلاپ كېتىۋاتقانلىغىنى خەۋەر قىلدى. ھەمدۇل خوتۇنىغا جاۋاپ بېرىشكە ئۈلگۈرەلمەي جىددى قۇتقۇزۇش بۆلۈمىگە كىرىپ كەتتى.

گۈلسۈمخاننىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى ئۈمىت ۋە تەشۋىش ئوراۋالغان ئىدى. قانداقلا بولمىسۇن، ئۇنىڭ بالىسى دوختۇرخانىغا قوبۇل قىلىندى. دوختۇر دىگەن پەرىشتىدەك ئادەملەر. ئۇلار گۈلسۈمخاننىڭ بالىسىنى چوقۇم ساقايتىپ بېرىدۇ. ئەگەر دوختۇرلار ساقايتىشقا ئامال قىلالمىسىچۇ؟ ئۇنداق بولۇشتىن خۇدا ساقلىسۇن، ھەمدۇل دوختۇر بىزدىمۇ ياخشى دورىلار بار، دەپ ئېيتتىغۇ...

گۈلسۈمخاننىڭ قۇلىغىغا بىردىنلا بىر تونۇش ئاۋاز ئاڭلانغاندەك بولدى. قۇلاق سېلىۋىدى، پىشكەل ئايال... بەش كوي پۇل... دىگەندەك گەپلەر ئاڭلاندى. ئىشىكتىن بېشىنى چىقىرىپ قاراپ باقتى. ئاھ: ئۇ قايسى كۆزى بىلەن كۆرسۇن! ھەمدۇل دوختۇرنىڭ يېنىدا ھىلىقى گەپ يىمەس، ھاكاۋۇر چوكان چاڭىلداپ سۆزلىگىلى تۇرۇپتۇ. ئۇ ئېھتىمال ھەمدۇل دوختۇرنىڭ خوتۇنى بولسا كېرەك.

گۈلسۈمخاننىڭ كۆڭلى يەنە غەش بولۇپ كەتتى. ئۇنىڭ بالىسىنىڭ كېسىلىنىڭ ئېغىرلىشىپ كېتىشىگە ئاشۇ چوكان سەۋەپچى. ئاشۇ چوكان يولسىزلىق قىلىپ، ئۇنى يېرىم كۈن ساقلاتقۇزدى. گۈلسۈمخاننىڭ ياخشى گەپلىرىگىمۇ، يېلىنىپ - يالۋۇرۇشلىرىغىمۇ قۇلاق سالمىدى.

گۈلسۈمخان بۇ كۆڭۈلسىز ئىشلارنى خىيالىدىن چىقىرىۋېتىشكە قانچە تىرىشىپ باقتى - يۇ، لېكىن زادىلا چىقىرىۋېتەلمىدى...

گۈلسۈمخاننىڭ كىچىك قىزى ئىسسىتمىداپ قالغان ئىدى. ئۇنى دوختۇرغا كۆرسىتىش كېرەك ئىدى. يەنە بىر تەرەپتىن، قۇربان ھېيت يېقىنلىشىپ قالغان ئىدى. شۇڭا، ياغ تېگىشىپ ئەكىلىپ، ئەرۋاھلارنىڭ روھىغا ياغ پۇراتمىسا تېخىمۇ بولمايتتى. خوشنىلار، ئۇرۇق - تۇغقانلار ھېيتلاپ كىرسە ئىككى قولىنى بۇرۇنغا تىقىپ ئولتۇرغىلى بولمايدۇ - دە.

گۈلسۈمخان ئاۋال ياغ تېگىشىپ ئەكېلىۋېلىپ، ئۇنىڭدىن كېيىن كىچىك قىزىنى دوختۇرغا كۆرسەتمەكچى بولدى.

— ئاپپاق قىزىم، — دېدى ئۇ چوڭ قىزى ئىپارگۈلگە، — مەن گۇڭشېدىكى دۇكانغا بېرىپ ياغ تېگىشىپ كېلەي. سەن ئۇكاڭغا قاراپ تۇرغىن. يىغلىسا ماۋۇ سۈتكە شېكەر قوشۇپ ئىچكۈزۈپ قوي. مەن بىردەمدىلا قايتىپ كېلىمەن. ئۇنىڭدىن كېيىن ساڭزا، قۇيماق سالىمىز. كۆينىگىڭنىمۇ ھېيتقا ئۈلگۈرتۈپ تىكىپ بېرىمەن، ماقۇلمۇ؟

ئىپارگۈل ماقۇل بولدى. ئۇ بۇرنىنى

شىرت - شىرت قىلىپ تارتىقىنىچە ئۇكىسىنىڭ يېنىغا بېرىپ ئولتۇردى.

گۈلسۇمخان بىر خالتا تازىلانغان زىغىرنى ۋە ياغ قاچىسىنى ئېلىپ هارۋىسىغا سالدى - دە، گۈگۈشىنىڭ ياغ دۇكىنىغا قاراپ يول ئالدى.

گۈلسۇمخان كۆپ ئۆتمەي ماي دۇكىنىنىڭ ئالدىغا يېتىپ كەلدى. 40 - 50 كىشى خالتىلىرىنى تامغا يۆلەپ قويۇپ ئۇزۇن ئۆچىرەت بولۇپ تۇرۇپتۇ. گۈلسۇمخان هارۋىسىنى توختىتىپ، خالتىسى بىلەن ياغ قاچىسىنى تامغا يۆلەپ قويدى - دە، ئۆچىرەتنىڭ ئاخىرىغا بېرىپ قوشۇلدى. بۇ يەردىكى ئادەمنىڭ كۆپلىگى ئۇنى تەشۋىشكە سېلىپ قويدى. ئەھۋالدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ نۆۋىتى خېلى ئۇزاقتا كېلىدىغاندەك تۇراتتى. ئىپار گۈل ئۇكىسىغا قانداغراق قاراۋاتىدىكىن، ئۇكىسى يىغلاپ قالمىدىمىكىن. ئۇ ياغنىلا ئېلىۋالسا باشقا ئىشلارنى قانداقلا قىلىپ بولمىسۇن هېيتقا ئۈلگۈرتەلىشكە ئىشىنەتتى. ۋاي يالغۇزلۇق، ۋاي يالغۇزلۇق، قۇرۇپ كەتسۇن، بۇنداق يالغۇزلۇق.

مانا ئەمدى گۈلسۇمخاننىڭ نۆۋىتى كەلدى ۋە دۇكاننىڭ ئىچىگە كىرىشكە رۇخسەت قىلىندى. گۈلسۇمخان ئالدىرىغان پېتى خالتىسىنى كۆتىرىپ ئەكىرىپ گىر ئۈستىگە قويدى. دان ئۆلچىگۈچى كىشى داننىڭ قانچىلىك ئىكەنلىگىنى بېلەت كەسكۈچىگە ئېيتتى. بېلەت كەسكۈچى چوكان بېرىلىدىغان ياغنى، تۆلىنىدىغان پۇلنى بىردەمدىلا هىساپلاپ، گۈلسۇمخانغا توپ - توغرا بەش كوي پۇل تۆلەشنى ئېيتتى. گۈلسۇمخاننىڭ بارى - يوق يەتتە كوي پۇلى بار ئىدى. ئۇ بەش كوينى ئاجرىتىپ ئېلىپ، بېلەت كەسكۈچى چوكانغا سۇندى.

ئەنە شۇ چاغدا سىرتتا ناغرا - سۇنەي ئاۋازى ئاڭلىنىپ دۇكاننىڭ ئىچى پاتپاراق بولۇپ كەتتى. بېلەت كەسكۈچى ئايالمۇ پۇل ۋە تالونلارنى ئۈستەلنىڭ تارتمىسىغا سېلىپ سىرتقا چىقتى.

گۈلسۇمخانمۇ سىرتقا چىقىپ قاراپ تۇردى. بۈگۈن مەلۇم ئىدارە باشلىغىنىڭ ئوغلىنىڭ توي كۈنى ئىدى. توي كۆچۈرگۈچىلەر 3 ماشىنىغا چۈشۈپ داغ - دۇغا بىلەن ماڭغان ئىدى.

بېلەت كەسكۈچى ئايال دۇكانغا قايتىپ كىرىپ ئورنىغا ئولتۇرغاندىن كېيىن، تارتمىسىنى ئېچىپ ھېلىقى تالوننى ئالدى ۋە گۈلسۇمخانغا قاراپ:

— بەش كوي تاپشۇرۇڭ، — دىدى.

— ۋاي خۇدايىم، هازىرلا بەش كوي بەردىڭىزغۇ، — دىدى گۈلسۇمخان ئالدىراپ.

— بەش كوينى بەرسىڭىز نىمە ئۈچۈن بۇ قەغەزگە تامغا ئۇرمىدىم؟

— تاڭەي، داقا - دۇمباقنى ئاڭلاپ ئېسىڭىزنى يوقىتىپ قويدىڭىزمىكىن، پۇلنى ئالدىڭىز - دە، تارتمىڭىزغا سېلىپ تاماشا كۆرگىلى ماڭدىڭىز، — دىدى گۈلسۇمخان.

— هەي، يالغان ئېيتماڭ!

— يالغان ئېيتسام خۇدايىم تۆپەمدىن ئۇرسۇن. مانا ئەتراپىڭىزدىكىلەرمۇ كۆرگەندۇ.

— بۇ ئايالنىڭ پۇل تاپشۇرغىنىنى كۆرگەنلەر بارمۇ؟

ھېلىمۇ ياخشى كۆرگەنلەر بار ئىكەن، گۇۋالىقتىن ئۆتتى.

لېكىن بېلەت كەسكۈچى ئايال:

— ياق، زادى ئېسىمدە يوق، سىز كۈتۈپ تۇرۇڭ، ئىشتىن چۈشكەندە پۇلنى ساناپ كۆرەي، راست تاپشۇرغان بولسىڭىز شۇ چاغدا مەلۇم بولىدۇ.

— ئۇنداق قىلماڭ ئۇكام، ئۆيدە بالام ئاغرىق ياتىدۇ. ئۆيۈم يىراق، ئىشتىن چۈشكىچە ساقلاپ تۇرالمايمەن، — دىدى گۈلسۇمخان. لېكىن بېلەت كەسكۈچى چوكان بۇدرە چاچلىرىنى سىلكىتىپ، باشقا كىشىنىڭ هىساۋاتىنى قىلىشقا كىرىشىپ كەتتى:

بۇ ئىشلار گۈلسۈمخاننىڭ خىيالىدىن لىپ قىلىپ ئۆتۈپ كەتتى. لېكىن كېلىشمەسلىكلەر تېخى تۈگۈمىگەن ئوخشايدۇ. ھېلىقى چوكان ھەمدۇل دوختۇرغا ئەگىشىپ جىددى قۇتقۇزۇش بۆلۈمىگە كىرىپ كېلىۋاتامدۇ!

گۈلسۈمخان ئۇ چوكاننى ئۇقايسىز ھالەتتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن، ئىشىك تەرەپكە ئارقىسىنى قىلىپ ئولتۇرۇۋالدى. ئەڭ ياخشىسى، ئۇنىڭغا كۆرۈنمەسلىك كېرەك.

ھەمدۇل دوختۇر ئۇنىڭ بالىسىنى جان كۆيدۈرۈپ داۋالاۋاتىدىغۇ. بەش كوي پۇل ئۈچۈن بۇ چوكاننى ئېرىنىڭ ئالدىدا ئوسال قىلىشىمۇ ياخشى ئىش ئەمەس. ئىشقىلىپ، دوختۇر ئۇنىڭ بالىسىنى ساقايتىپ بەرسىلا بولغىنى!...

ھەمدۇل دوختۇر كىرىپ، بالىنى يەنە تەكشۈردى ۋە بۇرنىنىڭ ئاستىغا قۇرۇق يىڭنە ئۇرۇشنى بۇيرۇدى. يىڭنە ئۇرۇلغاندىن كېيىن بالا بىر ئاز ھوشىغا كەلگەن بولسىمۇ، چىرايى ئۆزگىرىپ، بېشىنى ئۇيان-بۇيان تاشلاشقا باشلىدى.

ھەمدۇل دوختۇر بالىنىڭ يۈرىكىنى قايتىدىن تەكشۈرۈپ كۆرۈپ بىردىنلا چۆچۈپ كەتتى ۋە سېستىرا قىزغا قاراپ:

— كورامىن! — دەپ ۋاقىرىۋەتتى.

سېستىرا قىز چاقماق تېزلىكىدە ھەرىكەت قىلىپ، كېسەل بالىغا يۈرەكنى ھەرىكەتلەندۈرىدىغان ئوكۇل ئۇردى.

رەيھانەم ئىشىك تۈۋىدىلا توختاپ قالدى. ئۇ، گۈلسۈمخاننى تونۇغان ئىدى، ئارقىغا قايتىش ئەپسىز ئىدى. ئۇ گۈلسۈمخاننىڭ يىغلاپ قىزارغان كۆزلىرىنى كۆرۈپ نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي قالدى. ئۇنىڭ قۇلىقىغا: «ئۇكام، ئۇنداق قىلماڭ، بالام ئاغرىقتى...» دېگەن سۆزلەر قايتا ئاڭلانغاندەك بولدى. راس ئىكەن-دە. مانا، بۇ ئايالنىڭ بالىسى ئۆلۈم بوسۇغىسىغا كېلىپ قاپتۇ.

رەيھانەم بۇ ئايالغا قوپاللىق قىلغىنىغا پۇشايمان قىلدى. بالىنىڭ كېسىلىنىڭ بۇنچىۋالا ئېغىرلاپ كېتىشىدە ئۆزىنى ئەيىپلىك ھېس قىلدى.

بالىنىڭ ئەھۋالى بىر ئاز ياخشىلانغاندىن كېيىن، ھەمدۇل دوختۇر ئىشخانىسىغا قايتىپ چىقتى.

— تويغا ئۆزىڭىزلا بېرىپ كەلسىڭىز قانداق؟ — دېدى ئۇ ئايالغا قاراپ، — ئۆزىڭىزمۇ كۆردىڭىز، بالىنىڭ كېسىلى ئېغىر. ئۇنى تاشلاپ كەتكىلى بولمايدۇ.

— مەنمۇ بارمىسام بولارمىكىن، — دېدى رەيھانەم پەرىشان ھالدا.

— نېمىشقا بارمايسىز، شۇنچە قىزغىن ئىدىڭىزغۇ؟

— بارغۇم كەلمەي قالدى، — دېدى رەيھانەم يەرگە قاراپ.

ئۇ بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى ئېرىگە سۆزلەپ بەرمەكچى بولدى-يۇ، بىراق، ئاغزىنى ئېچىشقا جۈرئەت قىلالمىدى.

— ئۇنداق بولسا ناھايىتى ياخشى. ئۆيگە بېرىپ ماۋۇ ئايالغا تاماق ئەكىلىپ بېرەلەمسىز؟ ماقۇل دەڭ. ئۇنىڭ ئۆيىدە تاماق ئەكىلىپ بەرگۈدەك ئادەم يوقكەن.

رەيھانەم ماقۇللۇق ئىشارىسىنى بىلدۈرۈپ چىقىپ كەتتى.

خەتەرلىك پەيتلەر ئۆتۈپ كەتتى. بالىنىڭ ئەھۋالى ياخشىلىنىشقا قاراپ يۈزلەنگەن ئىدى. ھەمدۇل ئاسما ئوكۇل نەيچىسىدىكى سۇيۇقلۇقنىڭ تامچىلىشىنى، بالىنىڭ تىنىقلىرىنى كۆزىتىپ ئولتۇرغاندا، سەمەت ئالدىرىماي مېڭىپ كىرىپ كەلدى. ئۇ، ئېھتىمال پاجىئەلىك ئاقىۋەتلەرنى كۆرۈشكە تەييارلىنىپ كىرگەن بولسا كېرەك. ئۇ، بالىنىڭ رېتىملىق ھالدا پىشىلداپ نەپەس ئېلىۋاتقانلىقىنى، چىرايىغا قان يۈگۈرۈپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭدىكى جىددىيلىك ھەيرانلىققا ئالماشتى. ئۇ بىر دەم قاراپ تۇرغاندىن كېيىن، لام-جىم دېمەي ئارقىسى

غا يانىدى. ھەمدۇل ئۇنىڭ چىرايىدىن
خىجىللىق ئالامەتلىرىنى بايقاپ قالدى.

ھەمدۇل دوختۇر بۆلۈمنىڭ باققا قارى-
غان دەرىزىسىنى ئېچىۋەتتى. بۆلۈم ئىچىگە سە-
ھەرنىڭ ساپ، سالقىن ھاۋاسى كىرىشكە باشلىدى.
ئۇ دەرىزىدىن باققا بىر پەس قاراپ تۇردى.
دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرىدا ۋە گۈللەرنىڭ
شاخلىرىدا كېچىچە ياققان يامغۇرنىڭ تامچى-
لىرى يالتىراپ تۇراتتى. تەبىئەت ھۆسنىگە جان
كىرگۈزگەن بۇ تامچىلار گويا ئاسما ئوكۇلنىڭ
ئەينەك نەيچىسىدىكى تامچىغا ئوخشايتتى.

بالىسىغا تەلمۈرۈپ قاراپ ئولتۇرغان
گۈلسۈمخان تۇيۇقسىزلا:

— ھەمدۇل ئۇكام! — دەپ ۋاقىرىۋەتتى.

ھەمدۇل دوختۇر بالا تەرەپكە بۇرۇلدى.
بالا كۆزىنى ئېچىپ ياتاتتى. ئانىسىنىڭ يۈز-
لىرىدە كۈلۈمسىرەش پەيدا بولغان ئىدى.
ئۇنىڭ قورۇق باسقان يۈزلىرى كۈلكىدىن
پۇرۇشۇپ كەتتى. ئۇ ئەمدى ھەممە كۆڭۈل-
سىزلىكلەرنى ئۇنۇتقان ئىدى.

سېستىرا قىزمۇ يۈگۈرۈپ كىرىپ:
«ياخشى، ئەمدى ئوڭشىلىنىشقا باشلاپتۇ»
دەۋەتتى. ھەمدۇلنىڭمۇ كۆڭلى ئەمىن تاپتى.
بېچارە ئانىنىڭ قايغۇسى خۇشاللىققا ئايلان-
غىنىنى كۆرۈپ ئۇمۇ كۈلۈمسىرىدى. بالىنىڭ
تومۇرىنى تۇتۇپ كۆرگەندىن كېيىن، ئۆزىنى
يېنىك، خاتىرجەم ھېس قىلدى.

شۇ چاغدا ئىشىك ئېچىلىپ، رەيھانەم
كىرىپ كەلدى. ئۇ بىر قولىدا تاماق قاچىسىنى
كۆتىرىۋالغان، بىر قولىدا ئېپارگۈلنى يېتىلىۋال-
غان ئىدى. ئېپارگۈل يۈگۈرگىنىچە ئۇكىسىنىڭ
يېنىغا كېلىپ، «ئارزىگۈل، ئارزىگۈل» دەپ چا-
قىردى ۋە ئۇكىسىنىڭ قوللىرىنى سىلاپ سۆيدى.

— ئاپا، ئۇكام ياخشىمۇ؟

گۈلسۈمخان جاۋاپ بەرمىدى. ئۇ،
رەيھانەمنىڭ ئېپارگۈلنى يېتىلەپ كىرىۋاتقان-
لىقىنى كۆرۈپ، تېگىرقىغىنىچە تۇرۇپ قالغان
ئىدى. ئۇنىڭ چىرايىدىكى كۈلكىنىڭ ئورنىنى
ھەيرانلىق ئىپادىسى ئىگەللىگەن ئىدى. ئۇ
رەيھانەمنىڭ ئالدىغا ئىككى قەدەم مېڭىپ:

— كېلىڭ سىڭلىم، ياخشى تۇردىڭىزمۇ؟ —
دەپ سورىدى.

— ياخشى، ئارزىگۈل ياخشىمۇ، ئۆزى-
ڭىزچۇ؟ — رەيھانەمنىڭ چىرايىدا ئوڭايسىزلى-
نىش، خىجىللىق ئالامەتلىرى كۆرۈلۈپ تۇرات-
تى. ئۇ بىردىنلا ئۆزىنى يوقىتىپ قويۇۋات-
قاندەك بولۇپ يەرگە قارىۋالدى.

— ئاپا، ئاپا، — دېدى ئېپارگۈل خۇ-
شال ھالدا، — تۈنۈگۈن رەيھانگۈل ئاچام
كىيىملىرىمنى يۇيۇپ، چاچلىرىمنى تاراپ قوي-
دى. بۈگۈن كەچتە كۆينىگىمنىمۇ تىكىپ بې-
رىدىكەن. رەيھانگۈل ئاچامچۇ، قارا ئاپا، بىز-
گە ياغ ئەكىلىپ بەردى. ھېيتقا ئۇلگۇرتۇپ،
ساڭزا، پوشكال سېلىپ بېرىمەن، دەيدۇ.

— رەھمەت سىڭلىم، ياخشىلىقلىرىڭىزنى،
مەنمۇ قايتۇرارمەن، — دېدى گۈلسۈمخان خۇ-
شال بولۇپ.

— نىمىگە رەھمەت ئېيتىسىز، مەن،
سىزدىن كەچۈرۈم سورىسام بولىدۇ تېخى، ئۈ-
لۈشكۈنكى قىلغىنىم توغرا بولماپتۇ. بالام كې-
سەل دىگەندەك قىلىۋىدىڭىز، قۇلاق سالماپتى-
مەن. شۇ كۈنى ھەساۋاتىمىدا بەش كوي
ئارتۇق چىقتى. سىزنى ئىزلىسەم كۆرۈنمى-
دىڭىز. مېنى كەچۈرۈڭ...

رەيھانەم راستىنلا يىغلىۋېتىشكە ئاز
قالدى.

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ تۇرغان ھەمدۇل
دوختۇر:

— ھە، سىز ئۈلۈشكۈن بەش كوي پۇل-
نىڭ كېپىنى قىلغان ئىدىڭىز، شۇ گەپكەن - دە،
نىمىشقا بىخەستەلىك قىلىدىڭىز؟ — دېدى ئا-
يالىغا قاراپ.

— ھەلىقىچۇ، تويىنىڭ داقا - دۈمبىغىنى
ئاڭلاپ، ئېسىمنى يوقىتىپ قويۇپتىمەن.

گۈلسۈمخان كۆزلىرىگە ياش ئالغان
ھالدا رەيھانەمنى قۇچاقلىۋالدى.



**تۇرسۇنئاي يۇنۇس:** يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ھىكايىچىلىق بىلەن جامائەتچىلىكنىڭ كۆزىگە چېلىقىپ كېلىۋاتقان تۇرسۇنئاي يۇنۇس 1941 - يىلى قەشقەر يېڭى شەھەر ناھىيىسىدە دېخان ئائىلىسىدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن. 1959 - يىلى شىنجاڭ ئىنىستىتۇتىنىڭ سەنئەت پاكولتېتىنى پۈتتۈرگەن. ھازىر «ئۇرۇمچى كەچلىك گېزىتى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدە مۇھەررىر بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ، ئۇ، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزاسى. يازغۇچىنىڭ تۇنجى ھىكايىسى «چولپاننىڭ تويى» ژورنىلىمىزنىڭ 1981 - يىللىق 5 - سانىدا ئېلان قىلىنغان ئىدى. شۇندىن بېرى ئۇنىڭ «ساداقەت»، «ئۇممەت ئۇچقۇنى»، «ئېچىنىش» قاتارلىق 6 ھىكايىسى «تارىم» ۋە «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژورناللىرىدا ئېلان قىلىندى.

تەھرىردىن.

# ئاقسۋەت

(ھىكايە)

1981 - يىلنىڭ ياز پەسلى ئىدى.

تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتكەن بەختىيار مىنۇتلار يېتىپ كېلىپ، ماشىنا قوزغالدى. ئۆز يۇرتۇمنى كۆرۈش ئىستىكى بىلەن تولغان يۈرىكىم ھاياجان بىلەن سوقاتتى. ماشىنىنىڭ رېتىملىق سىلكىنىشى بىلەن كۆزۈمنى ئىختىيارسىز يۇمۇپ ئولتۇرغان بولساممۇ، خىيال كەپتىرىم ئۆز يۇرتۇمدا پەرۋاز قىلماقتا ئىدى.

كىندىك قېنىم تۆكۈلگەن شۇ ئانا يۇر-تۇمدىكى ئاقكۆڭۈل دېخانلارنىڭ ھالال مېھ-نىتى بىلەن يارىتىلغان گۈزەل باغلار، مول-ھوسۇللۇق ئېتىزلار، بالىلىق چاغلىرىمدا ئىچىپ قانمايدىغان سۈزۈك بۇلاق سۇلىرى، كۆل-چەكلەردە پىلتىڭلاپ ئوينايدىغان بېلىقلىرى... ئۆستەڭ بويىغا جايلاشقان چاققانغىنە چىراي-لىق قورو-جايىمىز، ياپ-يېشىل تال-بىدىش-لىرى، خۇش-پۇراق گۈللىرى بىلەن خۇد-دى بىر باغچىغا ئوخشايدىغان ھاۋالىق ئۆ-

يىمىز بىر-بىرلەپ كۆز ئالدىمدا نامايان بولۇشقا باشلىدى. «ئۇكام شۇ ئۆيىمىزدە ئاتا-ئانامنىڭ روھىنى خوشال قىلىپ، چىرىغىنى ئۆچەرمەي ئولتۇرغانمىدۇ، ياكى...»

بۇندىن بەش يىل بۇرۇن، ئانام قازا قىلىپ كەتكەن كۈنلەر ئىدى. ئۇرۇق-تۇققانلار جەم بولۇپ، ئانامدىن مىراس قالغان ئائىلىمىزنىڭ تەۋەرۈك ئۆيىنى كىمگە بېرىش ھەققىدە تالاش-تارتىش قىلىشقا باشلىدى. ئەنئەنىۋى ئادەت بويىچە بۇ ئۆي ئۇكامغا مىراس قىلىپ بېرىلىشى كېرەك ئىدى. بىراق، شۇ كۈنى ئۇرۇق-تۇققانلار ئىچىدىكى ئەڭ ھۆرمەتلىك كىشىمىز بولغان تاغام ساقاللىرىنى تىترىتىپ تۇرۇپ، يۇقۇرى ئاۋاز بىلەن:

— سىدىق ناباپ بالا بولدى. ئۆيىنى ئۇنىڭغا بەرگىنىمىز بىلەن ئاز ئۆتمەي ۋەيران قىلىۋېتىدۇ. شۇڭا ئۆيىنى ئاچىسىغا بېرەيلى، — دىدى.

ئىككىنچى تاغام:

— ئۇنىڭ قىلىغى ھەممەيلەنگە ئايان، لېكىن ئۇنى ماكانسىز قويساق رەمەتلىك سىڭلىمىز گۆرىدە ئۆرە ئولتۇرىدۇ، شۇڭا ئۆيىنى سىدىققا بېرەيلى، — دىدى.

— كىم ئۇنى ئۆيسىز قويىمەن دەپتۇ؟ — دىدى تاغام تېرىككەن ھالدا، — ئۆي مىراس سۈپىتىدە ئاچىسىغا تەۋە بولىدۇ، ئەمما سىدىق شۇ ئۆيدە ئولتۇرۇۋەرسە ئىش ھەل بولمامدۇ، ئامانەت ئۆي بولغاندىن كېيىن ئۇنى ۋەيران قىلىۋېتەلمەيدۇ، دىمەكچىمەن.

— ئەمىسە، ئاكامنىڭ دىگىنىدەك بولسۇن، شۇنداق قىلساق ئامانەتكە خىيانەت قىلماس، — دىدى ئىككىنچى تاغام.

ئۇزۇن تالاش-تارتىشلاردىن كېيىن، ئۇرۇق-تۇققانلار يۇقارقى پىكىرنى توغرا تېپىشتى. شۇ چاغدا مەن ئەدەپ بىلەن ئورنىمدىن تۇرۇپ:

— ئۇرۇق-تۇققانلار جەم بولۇپ، نەزىر-چىراقلارنى ئوبدان ئۆتكۈزۈۋالدۇق، ھەر قايسىلىرىغا كۆپ رەھمەت. ئەمدى ئۆي مەسىلىسىگە كەلسەك، مېنىڭ ئائىلەم يىراقتا، ئۇكامنىڭ بېشى باغلاقسىز قالدى. شۇڭا بامەسلىھەت ئۇنىڭ بېشىنى ئوڭلاپ، ئۆيىنى ئۇنىڭغا بەرسەك، ئۇكام بۇ ئۆيدە ئولتۇرۇپ، ئاتا-ئانامنىڭ چىرىغىنى ياقسا، ئۇلارنىڭ روھىمۇ خوشال بولىدۇ، بىزمۇ ئۇنىڭدىن خاتىرجەم بولىمىز. بۇ مېنىڭ مەسلىھەتىم، — دىدىم.

تۇققانلار خۇددى مەسلىھەتلىشىۋالغاندەكلا بىر ئېغىزدىن:

— توغرا، ناھايىتىمۇ توغرا مەسلىھەت بولدى، — دەپ قوبۇل قىلىشتى. ئۇكام بولسا زوڭزىيىپ ئولتۇرغىنىچە، بىرگىمۇ قارىماستىن يەرنى سىجاپ تۇرۇپ:

— پۇتۇمنى تۆمۈر زەنجىردە چۈشەيدىغان گەپكەن-دە، مەن ئەركىن ئۆگىنىپ قالغان ئادەم، ئۆزەمنى باقالمايۋاتقىنىمدا خوتۇننى نىمە قىلىمەن، — دەپ غۇدۇڭشىدى.

تۇققانلار ئۇنىڭ بۇ سۆزىگە ھەيران قالغىنىدىن ياقىسىنى چىشلىشىپ، چۇۋۇلدىشىپ كېتىشتى. ئاخىرى ئۇنىڭ رايىغا قارىمايلا، مەھەللىمىزدىن بىر قىزنى تېپىپ، ئۇنى ئۆيلەپ قويدۇق. شۇنىڭ بىلەن ھەممىمىز خاتىرجەملىك ھىس قىلدۇق.

مەن قايتىش ئالدىدا ئۇنىڭغا ئۇزۇندىن-ئۇزاق نەسىھەت قىلىپ، ئۆيىنى ھەر قانداق شارائىتتىمۇ قولدىن چىقىرىۋەتمەسلىكنى قاتتىق جېكىلىدىم ۋە ئۇنىڭ بۇ ھەقتە ۋەدە بېرىشىنى تەلەپ قىلدىم. ئاخىرى ئۇ، يەرگە قاراپ تۇرۇپ:

— ئائىلىمىزدىكى مۆلۈكلەردىن قىل چاغلىق نەرسىنى يوقاتسام، ئانامنىڭ بالىسى بولماي كېتەي، — دەپ قەسەم قىلغان ئىدى.

ئويلاپ مۇشۇ يەرگە كەلگىنىمدە، ئۇكامنىڭ قەسىمى قۇلىغىمنىڭ تۈۋىدە جاراڭلىغاندەك بولدى. مەن خىيالدىن بېشىمنى كۆتىرىپ، ماشىنىنىڭ ئەينىكىدىن ئەتراپقا نەزەر سېلىشقا باشلىدىم. كۆز ئالدىمدىن ئاسمانغا تاقاشقان ھەيۋەتلىك

تاغلار، پايانسىز چۆل-جەزىرىلەر، بوك-باراخسان كۆجۈم مەھەللىلەر، مول ھوسۇللۇق ئېتىزلار بىر-بىرلەپ ئۆتمەكتە ئىدى. كۆزۈم يولدا بولسىمۇ، كۆڭلۈم ھامان ئانا يۇرتۇمنىڭ تۇپرىغىنى تېزرەك كۆزۈمگە سۈرتۈش ئىستىكى بىلەن ياناماقتا ئىدى.

ئاخىرى يۇرتۇمغا يېتىپ كەلدىم. چامادانىمنى كۆتىرىپ، ماشىنىدىن چۈشتۈم-دە، ناھىيە بازىرىنى ئارىلاپ ماڭدىم، بىرنەچچە يىل بۇرۇنقى تاشيول ئورنىغا ئاسفالت يول، بىرنەچچە چوڭ ماگىزىن، قەۋەتلىك ئىدارە، قەۋەتلىك ئائىلىلىكلەر بىناسى سېلىنىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ ناھىيە بازىرىمۇ خېلى كۆركەملىشىپ قاپتۇ. مەھەللىگە بارىدىغان غول ئۆستەڭدىكى ياغاچ كۆۋرۈك ئورنىغا مۇستەھكەم سىمونت كۆۋرۈك سېلىنىپتۇ. بۇ مەنزىرىلەرگە ھەۋەسلىنىپ كېتىۋاتقىنىمدا، چوڭ تاغام بىلەن ئۇچرىشىپ قالدۇق. ئۇ، ئۇزۇن ئاق كۆينەك كىيىپ، بېلىگە قارا بەلۋاغ باغلىۋاپتۇ، چاچ-ساقاللىرى بۇرۇنقىدىن خېلىلا ئاقىرىپ كېتىپتۇ. ئۇ خۇددى ئۆز دادامدەك مېھرىۋانلىق بىلەن كۆرۈشتى ۋە پېشانىلىرىمدىن سىلاپ تۇرۇپ، كۆز يېشى قىلدى:

—سالامەت كەپسەن، باغرىم، سېنى كۆرۈپ خۇددى رەمەتلىك سىڭلىمنى كۆرگەندەك بولدۇم،—دىدى ھەم مېنى ئۆز ئۆيىگە باشلاپ ماڭدى.

بىز قورۇغا كىردۇق. قورو يېڭى سېلىنغان بولۇپ، مەنزەرلىك قىلىپ ئاقلانغان، تال بىدىشلىرىدە ئۈزۈملەر مەرۋايىتتەك يالتىراپ تۇرغان بولۇپ، كىشىنىڭ دىلىغا راھەت بېغىشلايتتى. مەن تاغامغا:

— ئەجەپمۇ ئوبدان قورۇ سېلىۋاپلا،—دىدىم خوشال ھالدا. تاغاممۇ مەغرۇر كۈلۈپ تۇرۇپ:

—ھەممە گەپ پۇلدا ئىكەن، بۇرۇنقى ئۆيىمىزنى سەنمۇ كۆرگەن، يىقىلىپ چۈشەي دەپ قالغان ئىدى. ئىككى يىلدىن بېرى قولىمىز ئۇزىراپ قالدى، ئىشنى چوڭراق باشلاپ، كېسەك تامنى ئۆرۈپ، خىشتىن قورۇ سېلىۋالدۇق، خۇدايىم بۇيرۇسا، يەنە پىلانلىرىمىز بار، ئۆمرۈم بولسا ئولتۇرغىلى نېسىپ قىلار،—دىدى.

ئۇزۇن پاراڭلاردىن كېيىن تاغام:

—سىدىقمۇ بار،—دىدى ئۇلۇق-كىچىك تىنىپ،—ئۇ كىچىكىدىن تارتىپ يامان ئۆگىنىپ قالغاچقا ھالا بوۋاقچە بىرەر ئىشنىڭ بېشىنى تۇتماي، لاغايلاپ يۈرىدۇ، بۇ يەرلەردىمۇ تۇرمۇش ياخشىلىنىشقا باشلىدى. بىكار تەلەپلەر بارغانسېرى ئازىيىۋاتىدۇ. ھەممە كىشى يەر كۆتىرە ئېلىش، سەي-كۆكتات تېرىش بىلەن جاھاندارچىلىق قىلىۋاتىدۇ. بىزنىڭ بۇ يەرلەردەك سۇيى ئەلۋەك، مول ھوسۇللۇق يەر بەلكى ئىقلىمدا كەم تېپىلار، ئۇنىڭ ئۈستىگە، شەھەر گۆشى دىگەندە نىمە. تېرىساڭ غۇچچىدە پۇل دىمەمسەن. بىز جېنىمىزدىمۇ كەمبەغەللىك قالپىقىنى چۆرۈۋېتىپ، خېلى قەد كۆتىرىپ قالدۇق، ھەتتا چۈشىمىزگىمۇ كىرمەيدىغان كىنو قويىدىغان تېلېۋىزور سېتىۋالدۇق، تۇرمۇش توغرىسىدا قاخشايدىغانلارمۇ ئازلاپ، بۇ يەرنى تاشلاپ كەتكەنلەرمۇ بىر-بىرلەپ قايتىپ كېلىۋاتىدۇ. پەقەت سىدىقلا ...—تاغام گېپىدىن توختاپ قالدى.

—جېنىم تاغا، نىمە بولدى؟ ئۇ زادى بارمۇ-يوق؟ ياكى يىغىۋېلىشقا ...

— ۋاي بالام، ئۇ يىغىۋېلىشقا كىرىپ-چىقىپ تۇرىدۇ، قوسىقى ئاچسىمۇ، ھورۇنلۇقى تۇتۇپ قالسىمۇ دەرۋازا ئالدىغا بېرىپ بىر جىدەل چىقىرىپ، ھەپتە، ئون كۈن يېتىپ چىقىدۇ. بۇ بەغەرەز نوموس دىگەننىمۇ قايرىپ قويىدى. بۇرۇن ئانچە-مۇنچە قەرت، قاتار ئويناپ يۈرۈپتىكەنمىش، ھازىر دۆكا قىمارۋازلار قاتارىغا ئۆتۈپ قالدى.

— قىمارۋاز؟! بىزنىڭ پۈشتىمىزدىن ھازىرغىچە بۇنداق ئادەم چىقىپ باقمىغان ئىدى...

— توغرا ئېيتتىڭ، ئۇ شۇنچىلىك نامەرت، لىك تاسما بىر نىمە بولۇپتىكى، ئۇنى چايناپ پۈركۈۋەتكۈم كېلىدۇ، ئۆيىنى قولدىن

چىقىرىۋەتتى.
مەن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ئورنۇمدىن
سەكرەپ تۇرۇپ كەتتىم، ئۇ ئۆيىنى دادام
پۈتۈن ئۆمرىدە قان-تەرى بىلەن پۈتكۈزگەن
ئەمەسمىدى. ئۇ ئۆي يالغۇز مىراسلا ئەمەس،
بەلكى بىزنىڭ كۆڭۈل خوشىمىز، يايلىغىمىز،
ئىدى-غۇ، ئۇنى ...
— ئولتار بالام، ئولتار، سەن بىلەن
بىزنىڭ ئۇيرىغىنىمىزدىن ئۇنىڭ پەرۋايى پەلەك،
گەپ قىلساڭ يەرگە قاراپ بۇتتەك تۇرغىنى
تۇرغان. ئۇ ياتسام خومارى، قوپسام چىكەر-
مەن بولۇپ، نەدە كەچ بولسا، شۇ يەردە
ئۇخلاپ يۈرىدۇ. «لىڭشىغان دەرەختىن قورق»
دىگەندەك، سەن بار ۋاقتىدىلا ئۆيدىكى چوڭ
شىرە، چۆيۈن مەش، چوڭ ئاناڭدىن قالغان
گۈللۈك لوڭقا، بوۋاڭدىن قالغان مىس لىگەن-
لەرگىچە ئۇتتۇرۇپ بوپتىكەن، سەن كېتىشىڭ
بىلەنلا قىمارۋازلار دولىسىنى چىقىرىپ كېلە-
شىپ، ئۆيدىكى ھەممە نەرسىنى ئېلىپ كېتىش-
تى. كېلىن قىزمۇ يىڭنە چاغلىق نەرسە قالمىغان
بۇ قۇزۇق ئۆيدىن بوخچىسىنى كۆتىرىپ ئانى-
سىنىڭكىگە كەتكىنىچە قايتىپ كەلمىدى. سىدىق
قۇرۇق ئۆيدە يېتىپ-قوپۇپ يۈردى. خەقلەر:
سىدىق بىر كۈنى ئۆيىنى گىلەم، شىرداق بىلەن
ياسىۋېتىپتۇ، دىيىشسە، يەنە بىر كۈنى ھەممە
نەرسىنى ئۇتتۇرىۋېتىپ، داق يەردە يېتىپتۇ،
دىيىشىپ يۈردى. ئۇتۇۋالسا ناخشا ئېيتىپ،
يەپ-ئىچىپ، ئۇتتۇرىۋەتسە يىغلاپ-قاخشاپ
دىگەندەك كۈنلەرنى ئۆتكۈزدى. توۋا-قانلارمۇ
كۆپ قېتىم نەسىھەت قىلدۇق، ياخشى-يامان
گەپلەرنىڭ ھەممىسىنى ئىشلىتىپ باقتۇق، لې-
كىن ئۇنى بۇ يولدىن بەزدۈرەلمىدۇق.
تاغامنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، ئىچىم زەھەر
يۇتقاندەك ئېچىشىپ، تولغىنىپ كەتتىم. كېچى-
چە كىرپىك قاقماي ساراسىمە خىياللار ئىچىدە
تاڭ ئاتقۇزدۇم. تاڭ سەھەرنىڭ سالقىن ھاۋاسى-
دا غۇل ئۆستەڭنى بويلاپ لۆمۈلدەپ ئېقىۋاتقان
سۇ بىلەن ئەگەشكەندەك ئانامنىڭ ئىشىگى
ئالدىغا بېرىپ قالغىنىمنى بىلمەي قاپتىمەن.
ئىككى قاناتلىق چىرايلىق دەرۋازىمىز-
نىڭ بىر قانىتى تامغا يۆلەگلىك، بىر قانىتى
ئۇچۇق ئىدى. بوسۇغا تۈۋى كولانغان بولۇپ،
دەرۋازىغا قەدەم قويۇشۇم بىلەنلا پۈتۈن ئە-
زايىم شۈركىنىپ كەتتى.
بۇ ئانامنىڭ ئۆيىمۇ؟! ياق، ئۇ ئاللى-
قاچان كىشىلەرنىڭ ئىلكىگە ئۆتۈپ كەتكەن،
ئىسىت، ئاتا-ئانامنىڭ بۇ ئۆيىگە تۆككەن-
ئەجرى-مېھنىتى! ئاتا-ئانام خوشنا ئولتۇرۇپ،
«ئۆيى يوقنىڭ جېنى يوق» دىگەندەك، ئۆيى-
دىن-ئۆيىگە كۆچۈپ، سورۇنچىلىق، خورلۇق
تارتقاندىن كېيىن، ئۆي سېلىشقا باشلىغان،
بىچارە دادام لاي ئېتىپ، تام قوپۇرۇپ،
ھېرىش-چارچاش، ماغدۇرسىزلىق نەتىجىسىدە
كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ قالغان ئىدى. ئۆيى-
گە ئىشلەۋاتقىنىدا بىر قانچە قېتىم كېسىلى
قوزغىلىپ، ھوشىدىن كەتكەن چاغلىرىنى كۆر-
گەن ئىدىم. ئۆي پۈتكەندىن كېيىن ئەتىگەن-
ئاخشاملىرى ياغاچچىلىق ھۈنىرىنى ئىشلىتىپ،
ھەر بىر ئويۇق، مەرەپلىرىگىچە ئەنئەنىۋى گۈل-
لۈك نەقىشلەرنى ياساپ چىققان. بۇ ئۆي
ئائىلىمىزگە شاتلىق، ئازادىلىق، خاتىرجەملىك
ھەم ئەڭ ئاخىرىدا ئۇنتۇلغۇسىز ئەلەم كەل-
تۈرگەن. دادام رەھمەتلىك دائىم:
— خۇدا بۇيرۇسا، مۇشۇ ئۆيىنى كۆڭلۈم-
دىكىدەك ياساپ پۈتتۈرۈۋېلىپ، بىر كۈن پۇت-
قولۇمنى ئۇزۇن سۇنۇپ يېتىۋېلىپ، ئاندىن
ئۆلۈپ كەتسەم ئارمىنىم يوق، — دەيتتى.
ھېلىمۇ يادىمدىن چىقمايدۇ، ئۆيىمىز
پۈتكەن كۈنى پۈتۈن مەھەللە يىغىلىپ،
ھويلىدا بەزمە قۇرۇپ، ناخشا-سازلار ئەۋ-
جىگە چىققاندا، دادام خوشلۇغىدىن ئامبارغا
كىرىۋېلىپ، تامنى قۇچاقلاپ ئۈن سېلىپ،
ئۇزۇنغىچە يىغلىغان ئىدى، شۇ كېچىسى ئۇ-
نىڭ كېسىلى قوزغىلىپ تۈن بويى ئېڭراپ
يېتىپ ئەتىسى تاڭ سەھەردە بىز بىلەن
مەڭگۈ ۋىدالاشقان ئىدى. مانا بۇ ئۆي دادام-
نىڭ ھايات خاتىرىسى، ئۇنىڭ ھاياتىي قىم-
مىتىگە تۇختىغان ئىدى. ھازىر بولسا بۇ ئۆي

بىرنىڭ ئەمەس، ئەۋلادىمىزنىڭ چىرىغى ئۆچۈپتۇ.

مەن ئارقامغا يېنىپ ئۆزەمنى تۇتۇۋالالماستىن يىغلىغان پېتى ئۆستەڭنى بويلاپ، تاغامنىڭ ئۆيىگە قايتىپ كەلدىم.

×

ئاردىن ئۈچ كۈن ئۆتتى. ئويلا - ئويلا ئاخىرى يەنە ئانامنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئۆيىنىڭ يېڭى خوجايىنىنى كۆرۈش ئارزۇسى بىلەن شۇ تەرەپكە ماڭدىم. بۇ قېتىم دەرۋازا داغدام ئوچۇق ئىدى. مەن بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ قوروغا كىردىم.

قورودىكى پېشايۋانغا تولۇپ تۇرغان تالباراڭلار پەرۋىشسىز تاشلىنىپ قالغان. هويلا - ئارام پاسكىنا، قورۇنىڭ بۇلۇڭىغا هاراق بوتۇلكىلىرى قالايمىقان تاشلانغان. خۇددى بۇ قورۇ تاشلاندۇق ۋەيرانە جايغا ئوخشاپ قالغان ئىدى.

هويلىنىڭ چېتىدىكى ئۈژمە سايىسىدا سالقىن هاۋادىن هوزۇرلىنىپ، بىر ئەر كىشى ئوڭدا ياتاتتى. ئۇنىڭ ئۇزۇن ئورۇق پۇتلىرى مەينەتلىشىپ كەتكەن بولۇپ، داق يەردە خۇددى ئۆگزىدىن يىقىلىپ چۈشۈپ هۇشىدىن كەتكەندەك ياتاتتى. ئارىلاپ - ئارىلاپ بارماقتەك يوغان ئورالغان تاماكىسىنى شوراپ بولۇپ، قىقىلىپ - قىقىلىپ يۆتۈلەتتى. ئۇ قاچاندىن بېرى بۇ يەردە يېتىۋاتىدۇ، قاچانغىچە ياتىدۇ؟ بۇ نامەلۇم ئىدى.

— قوپە، هەي هورۇن، ئۈژمە سايىسىنى سېتىۋالغاندەكلا ياتىسەنغۇ؟ — دىگەن ئاۋاز ئاڭلاندى. مەن ئاۋاز چىققان تەرەپكە قارىدىم.

ئىشىكتە مىكىچىندەك سەت، بۇرنى پاناق، قوناق شېخىدەك ئاجىز، ئاق روملىنىڭ ئۇچى پاكارلىغىدىن يەرگە تېگىپ قالغان بىر خوتۇن كوينىگىنىڭ ئېتىگىگە قولىنى سۈرتكىنىچە هىلقى ياتقان كىشىگە تىكىلىپ تۇراتتى.

هىلقى ئەر كىشى ئورنىدىن تەستە تۇردى. چاپىنىنىڭ تۈگمىلىرى ئوچۇق، ئىگىز بويى يادەك ئېگىلگەن، سىم ساقاللىرى سېرىق تۈرىنى تېخىمۇ سەت رەڭگە كىرگۈزگەن بۇ ئادەمنىڭ ئەلەس كۆزلىرىدىن يا ئىچكەنلىگى، يا چەككەنلىگى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بىردىن ئۇنىڭ تاماكا تۇتقان ئوڭ قولىنىڭ چىمچىلىغىدىكى چەش كۆزلۈك ئۈزۈككە كۆزۈم چۈشتى. مەن تۇرغان جايىمدا قېتىپلا قالدىم. «يارەببىم، بۇ مېنىڭ ئۈكاممۇ - نىمە! ئۇ تېخى قىرىق ياشقا كىرمەي تۇرۇپلا بوۋايغا ئايلىنىپ قاپتىغۇ، مەن مۇشۇ مەخلۇق بىلەن قانداقمۇ بىر قوساقتا يېتىپ، ئانامنىڭ ئاق سۈتىنى بىللە ئەمگەن بولغىيدىم؟ بۇنىڭغا ئاق سۈت بەرگەن، تۈن كېچىلەردە ئەللەي ئېتىپ»، سوغاق بوشۇكىنى تەۋرىتىپ، چوڭ قىلغان ئانامنىڭ ئارزۇ - ئۈمىتلىرى نەلەردە قالدى؟! نىمشقىمۇ مۇشۇ هالغا چۈشۈپ قالغانسەن!؟...»

— چىق، چىقە هويلىنى مەينەت قىلماي، — دىدى هىلقى خوتۇن چالۋاقاپ، — ئەر كىشىنىڭ ئىچىدىنمۇ سەندەك پەسەندى ئادەم چىقىدىكەن.

— ئۆيگە كىرمىدىمىغۇ، يېزىچە هويلىنىڭ بىر بۇلۇڭىدا يېتىپ تۇرسام نىمە بولىدۇ، ئۇنچىۋالا ئىنساپسىزلىق قىلمىغىن.

— مەن ئىنساپسىزمۇ تېخى، بۇ ئۆيىنى قىپ - قىزىل تىزىڭغا سېتىۋالغانمەن، تولا يېلىنماي چىقە نېرى!

— بوپتۇ دىگىنا، يېتىپ تۇرسام نىمە بولىدۇ، قىشقىچە بىر گەپ بولار.

— بولمايدۇ، بۇ مېنىڭ ئۆيۈم.

— ...

— كۆزۈڭنى چەكچەيتمە، بولمايدۇ دىگەندىن كېيىن بولمايدۇ، نەگە بېرىدىغان ئەرز قىلساڭ قىل! — هىلقى ئايال كەلگەن پېتى ئۈكامنىڭ قولىدىن سۆرەپ ئىشىك تەرەپكە تارتتى، ئۈكام ئۇنى بىر ئىتتىرىۋىدى، ئۇ خوتۇن ۋايجانلاپ كەتتى. شۇ ئارىلىقتا ئۆيدىن بېشىغا ئاق تۇماق، ئۇچىسىغا ئۇزۇن كۆينەك كىيىپ، بېلىنى

پوتا بىلەن باغلىۋالغان، كۆتەكتەك سېمىز بىر ئەر كىشى چىقتى.

مەن دەرھال كەينىمگە بۇرۇلۇپ، ئۆيدىن يېنىپ چىقتىم-دە، ئىشىك ئالدىدىكى تېرەكنىڭ كەينىگە ئۆتتۇم.

قورودا ئىككى ئەر، بىر ئايالنىڭ بوم-زىل ئاۋازلىرى بىلەن ئۇرۇشۇۋاتقان، تىللىشىۋاتقان، ۋاقىرىشىۋاتقانلىغى ئاڭلاندى. ئاخىرى ناتونۇش ئەر كىشىنىڭ غەزەپلىك ئاۋازىدىن كېيىن، ئۇكام قورودىن يەرگە قارىغان پېتى چىقىپ، يېنىمدىن ئۆتۈپ كەتتى. ئۇنىڭ كۆينىگىنىڭ ياقىسى يىرتىلغان، ئاپتاپتا كۆيگەن بويىنىنىڭ بىر قانچە يېرىدە قان ئىزى كۆرۈنەتتى.

ئۇكام يېنىمدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا ئىختىيارسىز:

— ئۇكام، سەن ئاخىرى مۇشۇنداق بولارىڭنى ئويلىغانمىدىڭ؟ — دەپ پىچىرلىدىم.

كىچىگىمىزدە ئۇكام بىلەن ئىككىمىز مەكتەپكە بىللە بېرىپ، بىللە قايتاتتۇق. ئۇ، يول بويى جىم ماڭماستىن بالىلارغا تاش ئېتىپ، ئىت قوغلاپ، دەرەخلەرنى ئىغاڭلىتىپ ماڭاتتى. كېيىنچە مۇئەللىمنىمۇ قاخشىتىپ، ساۋاقداشلىرىنى جېنىدىن جاق تويغازدى. پۈتۈن سىنىپتىكى ساۋاقداشلار ئۇنىڭدىن خۇددى يىرتقۇچ ھايۋاننى كۆرگەندەك قاچىدىغان بولدى. بارا-بارا ئەتىگىنى ئۆيدىن مەن بىلەن چىقىپ، كەچكىچە مەكتەپكە بارماي ئويناپ، كەچقۇرۇنلىغى ئۆيگە مەن بىلەن بىللە قايتاتتى. ئۇنىڭ بۇ ئىشىنى دادامغا ئېيتقىنىم ئۈچۈن ئۇكامنىڭ مېنى ئۇرغانلىغى ھازىرقىدەك ئېسىمدە. شۇنداق قىلىپ، بىز ئوتتۇرا مەكتەپكە چىقىپ كەتكەندە ئۇ ئىككىنچى سىنىپنىڭ «داڭلىق ئوقۇغۇچىسى» بولۇپ قالدى. ئۇ ئاخىرى، مەكتەپتىن چېكىندى. بارا-بارا بىكار تەلەپ ھورۇنغا ئايلىنىپ قالدى. ئاناممۇ ئۇنى بەك ياخشى كۆرگەچكە، نېمە دېسە شۇنىڭغا ماقۇل بولاتتى. كېيىنكى قالايمىقانچىلىق يىللىرىدا ئۇ «قورقماس، باتۇر» لاردىن بولۇپ يېتىشتى.

ئۇ شۇ تەرىقىدە بۈگۈننى ئۆتكۈزسە ئەتىسى نېمە بولۇشىنى بىلمەستىن گاڭگىراش بىلەن ياشاۋەردى. كۈنلەرمۇ ئايلارنى قوغلاپ ئۆتتۈۋەردى. تېرىقچىلىق قىلىش ئۇنىڭغا جان ئازاۋى بىلىندى، دادام ياغاچچىلىقنى ئۆگەتمەي دېسە، ئۇ «كۈنۈم قىرىندىلار ئارىسىدا ئۆتەمدۇ، مەن ياغاچنىڭ پۈتىغىنى ئالغىچە ئۆزەمنىڭ مىڭ بىر پۇتاقلىرىمنى تۈزىتەي» دەپ زادىلا گەپكە كىرمىدى. دائىم بىكار يۈرگىنى بىلەن بەزىدە ئاجايىپ شىرىن چۈشلەرنى كۆرەتتى. ھەتتا خېلى-خېلى ئىشلارنى قىلماقچى بولسىمۇ، ئەمەلگە ئاشۇرالماي ھەسرەتلىنەتتى.

مەن ئىتتىك قىلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي باشقا شەھەرگە كەتتىم. كېيىن ئوقۇشۇمچە، دادام ئۇنىڭغا گەپ ئاڭلىتالماي بىر قانچە قېتىم ئۇرغان، لېكىن ئۇ ئۆز جېنىغا ئىچ ئاغرىتماي، ئۆلگىدەك ئىچىپ، بارغانسېرى دۇنيادىن، ھاياتتىن، كىشىلەردىن بىزار بولۇشتەك بىر خىل تۇيغۇ ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى ئىگەللىگەن.

ھېلىمۇ ئېسىمدە، قايسىدۇر بىر يىلى تۇققانلار يىغىلغان سورۇندا بىرەيلەن ئۇكامنىڭ يولدىن چىقىپ كەتكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ يامان بولىدىغانلىغىنى ئېيتقىنىدا، ئانام ئۇكامنى ئاقلاپ:

— بۇ كەڭ جاھانغا مېنىڭ بىر ئوغلۇم زادى پاتمامدۇ؟ باشقىلارنىڭ گېپى چىقماي، مېنىڭ بالامنىڭلا نامى پۇر كېتەمدۇ؟ — دەپ زارلىغان ئىدى. كېيىنچە ئاناممۇ مۇشۇ بالىسىنىڭ يامانلىغىدىن قاخشاپ يۈزىنى كۆتىرەلمەي دۇنيادىن

ئۆتكەن.

كىشىلەر، «ئەرلەرگە يەتمىش ئىككى خىل ھۈنەرمۇ ئاز» دېيىشىدىكەن. ئۇكام بۇنىڭ ئەكسىچە، ئەڭ رەزىل، ئەڭ ئىپلاس ھۈنەردىن ئىككىنى تاللىۋالغان. ئۇ گويا كۈندىن-كۈنگە كەملەپ كېتىۋاتقان ئىشتىيى ئۈچۈن ياشاۋاتقاندەكلا ئىدى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، ئۇ يەنىلا مېنىڭ ئۇكام ئىدى. شۇڭا، ئۇنىڭغا ئېچىنىپ، ئىچ ئاغرىتىپ قاراپ تۇراتتىم. ئۇ كۆزۈمگە خۇددى تۇمانلىق كېچىدە غايىپ بولۇپ كېتىۋاتقان ئادەمدەك كۆرۈنەتتە ئىدى. ئۇ ھازىر قىمارخانىدا بىكاردىنلا سېتىۋەتكەن ئۆيى، مال-دۇنياسىنىڭ ئاچچىق ئازاۋىنى تارتىپ نەگىدۇ قاراپ ماڭماقتا ئىدى.

×

كەچقۇرۇنلىقى كىشىلەر تاغامنىڭ ئۆيىدىن تېلېۋىزور كۆرۈپ قايتىشتى. مەن تاغامدىن ئۆيىمىزنىڭ زادى قانداق قىلىپ قولدىن چىقىپ كەتكەنلىكىنى كوچىلاپ سورىدىم.

— بىر كۈنى ئۇكاڭ قىماردا ئۇتتۇۋاپتۇ، — دەپ سۆز باشلىدى تاغام، — پۇل ئۇتتۇرغان قىمارۋازلار ئۇكاڭغا پۇلنى سىڭدۈرمەسلىك ئۈچۈن ئۇنىڭ كەينىدىن سايىدەك ئەگىشىپ يۈرۈپتۇ. كېچىسى ئۇخلاتماي ئۆگزىدىكى چالما ئېتىپ، كۈندۈزى تاماق يېگىلى قويماي يەنە ئويناشقا قىستاپتۇ. شۇ كېچىسى قىمار راسا قىزىپتۇ، سىدىق ئارقا-ئارقىدىن ئۇتتۇرۇپ پۈتۈن ۋەسلىنى قۇرۇتۇپتۇ، قىمارغا تىكمىگەن پۈتىدىكى ئۆتۈك، چاپانلىرىنىمۇ قالماپتۇ. بۇ ۋەسۋەسىچىلىكتە يەنە ئۆزىنى تۇتالماي قولى قىزىپ، كۆزى قىزىرىپ تۇرغاندا، ھىلىقى چوتاچى مىكىجىن ئۇنىڭ چىشىغا تېگىپ:

— بۇتتەك تۇرىسەنغۇ، نېمەڭنى تىكمەكچىسەن؟ — دەپتۇ.

— نېمە تىكسەم تىكمەن، يا سەن مېنىڭ بىلەن ئوينىماقچىمۇ؟

— ئوينىساق ئوينىدۇق، پۈتۈن ھاياتىمدا قىمار ئويناپ كېلىۋاتسام، سەن بىلەن ئوينىيالماسمەندۇ؟ قېنى، نوچى بولساڭ تىكىدىغىنىڭنى تىكمەمسەن؟

ئاز ئۇچرايدىغان بۇ لوكچەك خوتۇننىڭ چوڭچىلىقى قىزىپ تۇرغان سىدىققا قاتتىق تەسىر قىپتۇ. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ:

— نېمە تىكىشىمنى خالايسەن؟ — دەپتۇ.

— نەق پۇل تىكسەن، پۇل تاپالمىساڭ ئۆزەڭنى تىككىن، — دەپتۇ خوتۇن.

جىن چىراقنىڭ يورۇغىدا گىرىدىسەن يۈرۈپ تۇرغان بۇ كىچىككىنە ئۆيدىكى قىمارۋازلار قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ، دومۇلۇشۇپ كېتىپتۇ. ھەتتا بەزىلىرىنىڭ كۆزلىرىدىن ياش چىقىپ كېتىپتۇ. ئارقىدىنلا:

— قېنى، قېنى سىدىق گەپ قىل، خوتۇن خەقنىڭ ئالدىدا مات بولۇپ قالما، — دېيىشىپ، قاراپ تۇرۇشۇپتۇ.

— ئۆزەمنى تىكسەم نېمە قىلىسەن؟ — دەپتۇ سىدىق.

— يىگىتنى ئۇتتۇۋالغان كىشىنىڭ مەيلى.

ئۆيدە يەنە كۈلكە كۆتىرىلىپتۇ. ئاچچىقتىن يىرىدىلاي دەپ تۇرغان سىدىق قوشۇمىسىنى تۇرۇپ خېلىغىچە ئويلىنىپ قاپتۇ-دە، ئاخىرى ھىلىقى مىكىجىن خوتۇننىڭ ئاق تۇماقلىق ئېرىگە قاراپ:

— بوپتۇ، ئۆيۈمنى ئۆتكەندە ئۆزەڭ چېتقان باھا بويىچە ساڭا ساتاي، ئەمما بالىخانىنى ئېلىپ قالىسەن، — دەپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلىغان ئاق تۇماقنىڭ گۆلقەقەلىرى ئېچىلىپ كېتىپتۇ. چۈنكى ئۇ، ئۇزۇندىن بۇيان سىدىقنىڭ ئاشۇ ئۆيىنى قولىغا كىرگۈزۈۋېلىشنىڭ قەستىدە يۈرگەن ئىكەن، بىر قانچە قېتىم سودىلىشىپ باھادا

كېلىشەلمەي قاپتۇ. بۈگۈن ئۇنىڭ ئۆز خوتۇنى ئارقىلىق سىدىقنى قىمارغا بۇنچىۋالا زورلىشىنىڭ سەۋەبىمۇ شۇنىڭدىن ئىكەن.

— ئۇنداق بولسا ھۆججەت ياز، — دەپتۇ ئاق تۇماق.

شۇنىڭ بىلەن قىمارۋازلاردىن ئىككىسىنىڭ شاھىتلىقى ئاستىدا ھۆججەت يېزىلىپ، بارماقلار بېسىلىپتۇ. ئاق تۇماق قوينىدىن پۇل خالتىسىنى چىقىرىپ، بۈگۈنكى قىماردا ئۇتقان پۇللىرى بىلەن قوشۇپ بىر تاتازا پۇلنى سىدىقنىڭ ئالدىغا تاشلاپتۇ. سىدىق غەزەپ بىلەن ئوشۇقنى قولىغا ئاپتۇ، ئەمما ئۇ بۈگۈن بىرەر قېتىممۇ ئامەت كەلمىگىنىنى ئويلاپ، ئوشۇقنى قولىدا خېلىغىچە تۇتۇپ تۇرىسىمۇ، يەنىلا ئىككىلىنىپ ئاتالماپتۇ. چوتاچى خوتۇنىنىڭ ئاق تۇماقلىق ئېرى مەسخىرىلىك كۈلۈپ تۇرۇپ:

— نېمىشكە ئوغۇل بالىسىنى ئاتامسەن ـ ئاتمامسەن؟ — دەپتۇ. قىمارۋازلارمۇ ئارقا ـ ئارقىدىن سۆز قىستۇرۇپتۇ:

— قىمار دېگەننى ئوغۇل بالىنىڭ ئوغۇل بالىسى ئوينىيالايدۇ، «يولۋاس ئىزىدىن، يىگىت سۆزىدىن قايتماس» دېيىشكەن.

— ئەكە، توخۇ يۈرەك، سەن ئاتمىساڭ مەن ئاتىمەن.

يۇقۇرقى سۆزلەرنى ئاڭلىغان سىدىق ئاخىرى ھېلىقى ئاق تۇماققا بۇرۇلۇپ:

— قاراپ تۇر، ئوشۇقنى مانا مۇنداق ئاتىدۇ، دەتتىكام، ياپىرىم جەمشىت، — دەپ ئوشۇقنى ئېتىپتۇ. قىمارۋازلار تەڭلا يەرگە قارىشىپ، دەرھال كەينىگە داجىپتۇ. گايىلىرى كۆزىنى يۇمۇشۇۋاپتۇ، گايىلىرى لېۋىنى چىشلەپتۇ، گايىلىرى تۇماقلىرىنى بېشىدىن ئېلىپ ۋاقىتىدە يەرگە ئېتىپتۇ:

— يارەببىم، سىدىق بۈگۈن ساڭا پەلەك تەتۈر كەلدى.

سىدىقنىڭ رەڭگى ئۆلۈكنىڭ رەڭگىگە كىرىپ، ئاللانىڭ بۇ رەھىمسىزلىگىگە غەزەپلىنىپ، كۆزلىرى چانىغىدىن چىقاي دەپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن بالىخانىدا يېتىپ كەلگەن ئىكەن، كېيىن ئۇنىمۇ ئۇتتۇرۇۋېتىپ، قىشتا ماخودا، يازدا ئۇيەر ـ بۇيەردە يېتىپ ـ قوپۇپ يۈرەرمىش، بىردىن قېچىپ تۇتۇق بەرمەيدۇ. مانا سەن كەلگەندىن بېرىمۇ سېنى ئىزلەپ كەلمىدى. ئاناڭنىڭ ئۆيى بىر قىمارۋازنىڭ چاڭگىلىغا چۈشۈپ قالدى. ئۇنىڭ بۇ يولدىن قايتىشى تەس ئوخشايدۇ، — دەپ ھېكايىسىنى تۈگەتتى.

×

مەن كۈلۈپ كېلىپ، يىغلاپ قايتىدىغان بولدۇم. مۇشۇنداق ھەسرەت بىلەن يولغا چىقىپ كېتىۋاتقىنىمدا بازاردىكى سېتىقچى ئالدىدا پاقىراپ تۇرغان مىس لەگەنگە كۆزۈم چۈشۈپ قالدى. ئۇنى ئۆرۈپ ـ چۆرۈپ كۆرۈپ، بوۋامنىڭ بوۋىسىدىن قالغان تەۋەررۈك مىراس لەگەن ئىكەنلىگىنى تونۇدۇم. بۇ لەگەننىمۇ ئۇ قىماردا ئۇتتۇرۇۋەتكەندۇر. مەن بۇ مىس لەگەننى ناھايىتى قىممەتكە سېتىۋالدىم، شۇنىڭ بىلەن كۆڭلۈم سەل ئارامىغا چۈشكەندەك بولدى. مەن بۇ مىس لەگەننى قۇچاقلاپ كېتىۋاتقىنىمدا بىر مۇنچە كىشىلەر كوچىنىڭ چېتىدىكى قاپاق تېرەكنىڭ سايىسىغا ئولۇشۇپ قاپتۇ. شۇ ئارىلىقتا تاغاممۇ پەيدا بولدى. تاغام بىلەن بىللە بېرىپ قارىساق، ئۇكام يېتىپتۇ. تاغام ئۇنى يۆلەپ قۇچىغىغا ئالدى.

ئۇنىڭ هازىرقى هالىتى بەك ئېچىنىشلىق ئىدى، يىز - كۆزى تاياق زەربىدىن كۆپتەك ئىششىغان، ئاغزى يۇمۇلالماي تۇراتتى، تاغام ئۇنىڭ يۈرىكىنى تىڭشاپ كۆرۈۋىدى، تېخى هاياتلىقتىن ئازراق بولسىمۇ نىشانە بارلىقى بىلىندى.

مەن ئۇكامنىڭ قولىنى سىلاپ تۇرۇپ، ئۇنىڭغا قارىدىم. ئۇنىڭ لاخشىگىردەك ئۇزۇن، كىر قولى هورۇنلۇقنىڭ، ئېپلاسلىقنىڭ سىمۋولى ئىدى. بۇنى ئەمگەكچىلەرنىڭ بەخت - سائادەت ئۈچۈن ئىشلەيدىغان تىنىم تاپماس قولى بىلەن سېلىشتۇرغاندا پەرق نىمىدىگەن چوڭ! ئۇ پۈتۈن هاياتىنى قىمارنىڭ نېنىنى يەيمەن دەپ ۋەھىمىدە ئۆتكۈزگەچكە ئورۇقلاپ تىرىك ئەرۋاغا ئايلىنىپ قالغان، هاياتىنىڭ ئاخىرىمۇ لەيلەپ يۈرگەن كۆپۈكتەك ئۆتكەن.

ئۇنى قىماردا ئۇتتۇرغانلىقى ئۈچۈنمۇ ياكى ئۇتقانلىقى ئۈچۈنمۇ ياكى قىمارۋازلارنى بوزەك قىلغانلىقى ئۈچۈنمۇ ئەيتاۋۇر كىشىلەرنىڭ ئۇرغانلىقى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

ئۇنىڭ ئاغزىغا سۇ تېمىتتۇق. بىر - ئىككى يۇتۇم سۇ گېلىدىن بەكمۇ تەستە ئۆتتى. ئاندىن خۇددى جىنىڭ تېپىشى ئېسىلغاندەك ئېغىر قاپاقلىرىنى تەستە كۆتىرىپ كۆزىنى ئاچتى.

ئۇ ئالدى بىلەن ماڭا ئۇزۇن تىكىلدى، ئاندىن ئەتراپىدا تۇرغان ئۇرۇق - تۇققان، مەھەللە - يۇرت ئەهلىلىرىگە قارىدى، ئۇنىڭ كۆكۈرۈپ كەتكەن مەڭزىگە تامچە - تامچە ياشلار ئاقتى.

ئۇ، دۇنياغا كېلىپ، كېتىۋاتىدۇ. بەلكى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا «مەندىن بىرەر نامۇ - نىشان قالدىمۇ - يوق؟» دىگەننى ئويلاۋاتامدىكىنە، ياكى ئەل - يۇرت ئالدىدا قىلغان - ئەتكەنلىرىگە پۇشايمان قىلىپ ئۆز هاياتىغا ئېچىنىۋاتامدىكىنە، ياكى ئۆمرىنىڭ قۇرۇت - قوڭغۇزدەك ئۆتۈپ كەتكەنلىكىگە ئازاپلىنىۋاتامدىكىنە؟

تاغام ئۇنىڭغا ئېڭىشىپ قاراپ تۇرۇپ:

— بالام، ئەل - يۇرت ئالدىڭدا تۇرۇپتۇ، ئۇلارغا دەيدىغان بىرەر ئېغىز سۆزۈڭ يوقمۇ؟ — دىدى.

ئۇكام قوللىرىنى كىرىشتۇرۇپ يەردىكى يۇمشاق توپىنى سىقىمىغا ئالماقتا هەم قاتتىق ئازاپلانماقتا ئىدى. ئاخىرى پەسىغان بىلەن ناهايىتىمۇ مىسكىن ئاهاڭدا:

— مەن...مەن ... خىجىل. ئەگەر خۇدايىم قايتا ئۆمۈر بەرسە چو ... چوقۇم ياخشى ئادەم ...

ئۇنىڭ گېپى ئۈزۈلۈپ قالدى، سىقىمدىكى توپىمۇ تۆكۈلۈپ كەتتى.

راستىنلا ئۇ قايتىدىن هاياتقا ئېرىشكەن بولسا ئىدى، بەلكىم مەنىۋى بايلىققا ئىگە بولغانمۇ بولاتتى. ياكى بىرەر توغرا كەسىپ بىلەن هايات كەچۈرگەن بولاتتى. بىراق ۋاقىت ئاللىقاچان ئۆتۈپ كەتكەن، ئۇ مەيلى ئازاپلانسۇن، مەيلى قانچە دات - پەريات قىلسۇن، كەتكەن ئۆمۈر قايتا كەلمەيتتى. ئۇ ئەڭ ئاخىرىدا بەكمۇ كېچىكىپ ئۆز خاتالىقىنى تونۇغان ئىدى.

بىز، دۇنياغا تەسادىپىي تۇغۇلۇپ قېلىپ، مەنىسىز، مەسلەكسىز ياشاپ، ئاخىرى ئېچىنىشلىق ئاقىۋەتكە دۇچار بولغان بۇ تۇققىنىمىزنى هارۋىغا سېلىپ، دوختۇرخانىغا ئېلىپ كېتىۋاتىمىز. بەلكىم ئۇ قايتا هاياتقا ئېرىشىپمۇ قالار، بەلكىم هايات بىلەن مەڭگۈگە ۋىدالىشار، هازىرچە بۇنىسى مەلۇم ئەمەس ئىدى...

# ئىككى ھېكايە

تۇرسۇن تىلىۋالدى

## مېنىڭ دادام

مېنىڭ دادام ئاجايىپ ئادەم. ئۇ، كىتاب ئېلىپ ئوقۇيمەن دېسەم زادىلا پۇل بەرمەيدۇ. دادامنىڭ دېيىشىچە، ئۆزەمنىڭ دەرسلىك كىتابلىرىمنى ئوقۇسام كۇپايە قىلىدىكەن. لېكىن مېنىڭ ھەر خىل كىتابلارنى ئوقۇغۇم كېلەتتى. بەزىدە كىتابخانىلارغا كىرىپ قالغىنىمدا تىزىقلىق تۇرغان رەسىملىك ژورنال ۋە بالىلار كىتابلىرىنى كۆرۈپ، شۇ زامان ئۇنى ئېلىپ ئوقۇۋالغىم كېلەتتى. ئەنە شۇنداق چاغلاردا دادامنىڭ ماڭا بىرەر كىتاب ئېلىپ بەرمىگەنلىكىگە ئاچچىغىم كېلەتتى.

مانا بۈگۈن يەكشەنبە. مەن كىتاب ئالمىساممۇ قانداق كىتابلارنىڭ چىققانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن كىتابخانىغا كەلدىم. ئوھوي! يەنە بىرقانچە يېڭى كىتابلار چىقىپتۇ. مەن بۇ يېڭى كىتابلارنى كۆرۈۋېتىپ ئىچىمدە بەكمۇ ئەپسۇسلاندىم، ئاشۇ كىتابلاردىن بىرنى ئېلىپ ئوقۇيالىساممۇ كاشكى. مەن كىتابخانىدىن كۆڭۈلسىز يېنىپ چىقتىم. خىيالىمدا ئۆيگە بېرىپ دادامغا قايتا-قايتا يالۋۇرماقچى بولدۇم. ياق، بۇنداق قىلغىنىمدىمۇ دادامنىڭ پۇل بېرىشى ناتايىن، بۇندىن بۇرۇن شۇنچە يالۋۇرسام بەرمىگەن تۇرسا، بۈگۈن بېرەتتىمۇ؟ ھە، توغرا، كىتاب ئالىمەن دېمەي، ئوقۇتقۇچى پۇل ئەكىلىڭلار، دېگەن ئىدى، دەپ دادامنى ئالداپلا پۇل ئېلىۋالسام، بولىدى ئەمەسمۇ. مەن شۇ خىيالدا ئۆيگە قايتتىم. قېيىشقاندەك، دادام بىلەن ئاپام ھېلىلا بىر تۇققىنىمىزنىڭ ئۆيىگە مېھمان بولۇپ كېتىپتۇ. ئۇلار پەقەت كەچ كىرگەندىلا قايتىپ كەلدى. دادام ئۆزىنى ئاران تۇتۇپ دەلدەڭشىپ كىرىپ كەلدى-دە:

— ھوي، ئوغلۇم، كەلگىنە، مېنىڭ ئاپپاق ئوغلۇم. مېنىڭ ياخشى ئوغلۇم-دە،

بۇ ...، — دېدى.

مەن دادامنىڭ يېنىغا باردىم. ئۇ مېنى قۇچىقىغا ئېلىپ سۆيۈشكە باشلىدى. ئۇنىڭ تىنىقىدىن چىقىۋاتقان هاراقنىڭ پۇرىقى مېنى سەسكەندۈرۈۋەتتى. دېمەك دادام هاراق ئىچىپتۇ - دە. مەيلى، قانداقلا بولمىسۇن، مۇشۇ پەيتتە دادامدىن پۇل سوراپ ئېلىۋالغىنىم ياخشى.

— دادا، ماڭا پۇل بېرىڭا! — دېدىم مەن ئەركىلەپ.

— پۇل ... پۇل دەمسەن؟

— هە.

— نېمە قىلاتتىڭ؟

ئاپلا، چاتاق بولدى. ئەگەر ئوقۇتقۇچى پۇل ئەكىلىڭلار، دېگەن ئىدى دېسەم، كېيىن دادام بۇ ئىشنىڭ يالغان ئىكەنلىكىنى ئۇقۇپ قالسا قانداق قىلىمەن؟ هەي، بۇنداق ۋاقىتتا، يالغان ئېيتمىسامىمۇ، دادام چوقۇم پۇل بېرىشى مۇمكىنغۇ! ئۇنىڭ ئۈستىگە، يالغان ئېيتىشمۇ ياخشى ئىش ئەمەس - تە!

— كىتاپ ئالاتتىم.

— كىتاپ ... كىتاپما؟ هە، ياخشى، كىتاپ ئال، كىتاپ ئېلىپ كۆپ ئوقۇساڭ ئەقىللىق ... ياق بىلىملىك بولىسەن. توغرا، كىتاپ ئېلىشىڭ كېرەك ... هوي ئاپىسى، قېنى سىلە؟ ... ئۇھ، ئەجەپ ئۇيقۇم كەلدى ... ماڭا ئورۇن سېلىپ بەرسەڭلاچۇ؟!

— دادا، ماڭا پۇل بەرمەمسىز؟

— پۇلما؟ بېرىمەن، سەن كىتاپ ئېلىشىڭ كېرەك - تە، ... ئەتە ساڭا چوقۇم پۇل بېرىمەن ...

بۇ چاغدا دادام مېنىڭ كۆزۈمگە بەكمۇ ئىللىق كۆرۈندى. ئۇ، ئەتە كىتاپ ئالغىلى پۇل بېرىدىغان بولدى. مېنىڭ دادام نېمە دېگەن ياخشى - هە؟! ...

دادام يېتىپلا ئۇخلاپ قالدى. ئۇزۇن ئۆتمەي، ئاپامنىڭ زورلىشى بىلەن مەنمۇ ياتتىم، لېكىن ئۇزاققىچە ئۇيقۇم كەلمىدى. خىيالىمدا ئەتە دادام بېرىدىغان ئاشۇ پۇلغا قايسى كىتاپلارنى ئېلىشنى ئويلايتتىم. كېيىن قانداق ئۇخلاپ قالغىنىمنى بىلمەيمەن. ئەتىسى ئەتىگەندە دادام هەممىدىن بۇرۇن چاي ئىچىپ بولۇپ ئىشقا ماڭماقچى بولدى. دادام ماڭا پۇل بەرمەكچى بولغان ئەمەسمىدى، ئۇنتۇپ قالغان بولمىسۇن يەنە. مەن ئۇنىڭ ئېسىگە سېلىپ قويماقچى بولۇپ:

— دادا، ماڭا پۇلنى قاچان بېرىسىز؟ — دېدىم.

— نېمە پۇل؟ — دەپ ۋاقىرىدى دادام.

مەن ئارانلا ئاۋازىمنى چىقىرىپ:

— كىتاپ ... كىتاپ ئالىدىغان پۇلچۇ ...، — دېيەلىدىم.

— نېمە كىتاپ ئۇ، ماڭ! مەكتىۋىڭگە بېرىپ دەرسىڭنى ئوقى. قاراڭلار، بۇنىڭ كىتاپ ئالىمەن، دېگىنىنى تېخى، — دېدى دادام ۋە چوڭ - چوڭ چامداپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

## ئاپا، مېنى ئۇرامسىز؟

— ئاپا، مېنى ئۇرامسىز؟

— سېنى نېمىشقا ئۇراتتىم؟

— قادىرنىڭ مومىسى ئۆلۈپ كېتىپتۇ.

— قايسى قادىرنىڭ؟

— دۆڭ مەھەللىدىكى قادىرنىڭچۇ!

— هەي بالام، نېمە داۋاتقىنىڭنى مەن زادى چۈشىنەلمىدىم. قادىرنىڭ مومىسى ئۆلۈپ كەتسە سېنى نېمىشقا ئۇرغىدەكمەن؟

— هىم، ئۇرمىساڭلا بولىدىغۇ، قادىر

بەك ياخشى بالا، ئۇ مەن بىلەن بىر سى-
نىپتا ئوقۇيدۇ. ئۇنىڭ يىراق يۇرتتا مومىسى
بار ئىدى، رەھمەتلىك قېرىپ قاپتىكەن،
ئۆلۈپ كېتىپتۇ. قادىرنىڭ تېخى يېقىندىلا
ئاپىسى ئۆلۈپ كەتكەن ئىدى.

— نىمە، ئاپىسىمۇ ئۆلۈپ كەتكەنمىدى؟

— ھەئە، ئۇنىڭ ئاپىسى كېسەل ئىدى،
داۋالانغان بولسىمۇ ساقىيالماي ئاخىر
ئۆلۈپ كەتتى. شۇ چاغدا بىز ئۇنى يوقلاپ
باردۇق، ئۇ بىزنى كۆرۈپ تېخىمۇ قاتتىق
يىغلىۋەتتى، بىزمۇ يىغلىدۇق. ئۇنىڭ تېخى
كىچىك ئىككى ئۇكىسى بار، دادىسى ئىشچى،
ئەمدى ئۇلارغا كىم تاماق ئېتىپ بېرەر،
كىيىملىرىنى كىم يۇيۇپ بېرەر؟ دەپ قاي-
غۇردۇق. ئۇ، بىر ئايدىن كېيىن مەكتەپكە
كەلدى، چىرايى تاتىرىپ بەكمۇ ئورۇقلاپ
كېتىپتۇ. بەلكىم مېھرىۋان ئاپىسىدىن ئايرى-
لىپ قالغىنىغا تولا يىغلاپ، تۈزۈككىنە تاماق-
مۇ يېمىگەن بولسا كېرەك.

— ئىسىت، بىچارە بالىغا ئۇۋال بوپتۇ.

— ئۇ بەكمۇ جىمغۇر بولۇپ كېتىپتۇ،
ئەتىگەندە سىنىپقا كىرىپ بىر ئولتۇرۇۋالسا
تاكى مەكتەپتىن قايتقۇچە سىنىپتىن سىرتقا
چىقماي قويمايتتى. بەزىدە ئۈھ تارتىپ قوياتتى.

— سىلەر ئۇنىڭغا تەسەللى بەرمى-
دىڭلارمۇ؟

— نىمىشقا بەرمەيدىكەنمىز؟ ئۇ، بىزنىڭ
ياخشى دوستىمىز-دە. ھەممىمىز ئۇنىڭغا
تەسەللى بەردۇق. شۇندىن كېيىن ئۇ سىرت-
قىمۇ چىقىدىغان، ھەتتا بەزىدە بىز بىلەن
پۇتبولمۇ ئوينايدىغان بولدى. شۇنداق
قىلىپ بىز ئۇنىڭ بىلەن تېخىمۇ ياخشى
دوست بولۇپ كەتتۇق. بەزىدە بىز ئۇنىڭ
ئۆيىگە بېرىپ ئىشلىرىغا ياردەملەشتۇق.

— ئۇنىڭ ئۇكىسىغا كىم قارايدىكەن؟

— ئۇنىڭ دېيىشىچە، دادىسىمۇ ئىشقا
چۈشۈپتۇ، ئۇلارنىڭ ياخشى بىر خوشنىسى
بار ئىكەن، ئۇنىڭ ئۇكىلىرىغا شۇ خوش-
نىسى تاماق ئېتىپ بېرىپتۇ.

— ياخشى بوپتۇ، خوشنىسى ھەقىقە-
تەن ياخشى ئىكەن.

— ئۇ بۈگۈن مەكتەپكە كەلمىدى.
ئوقۇتقۇچى مېنى، ئۇنى يوقلاپ كېلىشكە
بۇيرۇدى. مەن دەرستىن چۈشۈپ ئۇنىڭ
ئۆيىگە باردىم. ئۆيدە ئۇنىڭ ھېلىقى خوش-
نىسى ۋە ئىككى ئۇكىسى بار ئىكەن، قادىر
يىغلاۋېتىپتۇ، خوشنىسى ئۇنىڭغا تەسەللى
بەرگىلى تۇرۇپتۇ. مەنمۇ ئۇنىڭغا تەسەللى
بەردىم. قارىسام، ئۇنىڭ ئايىغى يىرتىلىپ
پۇتى كۆرۈنۈپ قاپتۇ. ئۇلار ئاپىسىنىڭ
ئۆلۈمىنى دەپنە قىلىش ئۈچۈن نۇرغۇن پۇل
سەرپ قىلغان ئىكەن، مانا ئەمدى مومىسى
ئۆلۈپ كېتىپتۇ، دادىسى كىشىلەردىن پۇل
قەرز ئېلىپ، ئاپىسىنى دەپنە قىلىشقا
كېتىپتۇ. شۇڭا دادىسى ئۇنىڭغا ئاياق ئېلىپ
بېرەلمىگەن ئىكەن...

— ھە، كېيىن قانداق بولدى؟

— مەن... مەن... ئۇنىڭ ئايىغىنىڭ
يىرتىلىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، سىز ماڭا
ئېلىپ بەرگەن ھېلىقى ئاياقنى ئېسىمگە
ئالدىم. مەن تېخى ئۇنى كىيمىگەن ئىدىم-
غۇ، شۇڭا مەن ئاشۇ ئاياقنى ئۇنىڭغا ئاپىرىپ
بەردىم. ئۇ، باشتا ئالغىلى ئۇنىمىدى،
مەن: «ئاپام بۇنى ساڭا ئاتاپ ئېلىپ بەر-
گەن، كىيمىسەڭ خاپا بولىدۇ» دەپ ئېيت-
قىنىمدىلا ئاندىن ئالدى. ئاپا، سىز يىغلاۋا-
تامسىز؟

— كەلگىنە، ئاپپاق بالام، مېنىڭ
ياخشى بالام، مەن سېنى بىر سۆيۈپ قوياي.

— ئاپا، مېنى راستىنلا ئۇرمامسىز؟

— ياق، ھەرگىز ئۇرمايمەن، سېنى
ياخشى بالام دەيمەن، كەل بالام، سېنى
ئوبدانراق بىر سۆيۈپ قوياي!

# ھېكايىچىلىق ئىجادىيىتىمىزدىكى يېڭى بىخ

قاھار جېلىل

«مېنىڭ دادام»، «ئاپا، مېنى ئۇرامسىز؟» — 18 ياشلىق ئاپتور تۇرسۇن تىلىۋالدىنىڭ ژورنىلىمىزدا ئېلان قىلىنغان تۇنجى ھېكايىلىرى. ئاپتور بۇ ھېكايىلارنى 1983-يىلى 5-ئايدا، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈش ئالدىدا يازغان بولۇپ، ئۇلار بەزى ئۆزگىچىلىكلىرى بىلەن مېنىڭ دىققىتىمنى ئالاھىدە جەلپ قىلدى.

ھېكايە — كىشىلەر تۇرمۇشىدىكى ئايرىم بىر ۋەقە ياكى ھادىسىنى بەدىئىي ئوبرازلار ئارقىلىق ئىپادىلەپ بېرىدىغان نەسرى ئەسەردۇر. ئۇنىڭدا شۇ ۋەقەدىن بۇرۇنقى ۋە كېيىنكى ئىشلار يېزىلمايدۇ. يازغۇچىنىڭ ماھارىتى — پېرسوناژلار خاراكتېرىنى قىسقا ۋە ئىخچام شەكىل ئارقىلىق ئىپادىلەشتە كۆرۈلىدۇ. شۇڭا ھېكايە ئاپتورلىرى ئەسەرنىڭ قۇرۇلمىسىنى تۈزگەندە، «قىسقا» ۋە «ئىخچام» دېگەن شەرتكە قاتتىق ئەمەل قىلىش لازىم. ھەجمى بىر نەچچە بەتلا كېلىدىغان ھېكايىلاردا بۇ تەلەپنىڭ ھۆددىسىدىن چىقماق تېخىمۇ قىيىن. ئەمدى بىز بۇ ياش ئاپتورنىڭ «مېنىڭ دادام» ناملىق ھېكايىسى ئارقىلىق بۇ تەلەپكە قانداق ياندىشالىغىنى كۆرۈپ باقايلى: ئاپتور بۇ ھېكايىدا كۈندىلىك تۇرمۇشتا كۆپ ئۇچرايدىغان ئاتا-بالا ئوتتۇرىسىدىكى كىچىككىنە بىر ۋەقەنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق، بالىلار تەربىيىسىگە ئائىت مۇھىم بىر مەسىلىنى ئەكس ئەتتۈرگەن. بۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇ، ھېكايىنىڭ بېشىدا بىر نەچچە جۈملە بايان ئارقىلىق ئاتا-بالا ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنىڭ تۈگۈنىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىدۇ، ئاندىن ئۇلارنى ئوخشىمايدىغان ئىككى خىل شارائىتتا ئۇچراشتۇرۇپ، بىر نەچچە دىئالوگ ۋە قىسقا ئەمما ئەپچىل ھالەت تەسۋىرى ئارقىلىق توقۇنۇشنى راۋاجلاندۇرۇپ ۋە يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈپ، ھەۋەس ۋە مىجەز-خۇلقى بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئىككى پېرسوناژنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكىنى خېلى روشەن ئېچىپ بەرگەن. ئاپتور ھەر بىر سۆزنى ناھايىتى تېجەپ ئىشلەتكەندىن تاشقىرى، تىپىك شارائىتتىكى تىپىك دېتاللارنى تاللاشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. مەسىلەن: بالىسىنىڭ كىتاب سېتىۋېلىشىغا «زادىلا پۇل بەرمەيدىغان» دادا مېھماندارچىلىقتىن قايتقاندا ھاراق كەيپىدىن مايدەك ئېرىپ، بالىسىغا ئالاھىدە مېھرىۋانلىق قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭ كىتاب سېتىۋېلىشى ئۈچۈن پۇل بېرىشكە ۋەدە قىلىدۇ. لېكىن ئەتىسى مەسلىكى تارقىغاندا ئاخشامقى ۋەدىسىدىن يېنىۋالىدۇ

ۋە بالىسىنىڭ ئىلتىماسىنى قوپاللىق بىلەن رەت قىلىپ، ئەسلى ماھىيىتىنى ئاشكارىلايدۇ. پىكرىمىزنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن ئەسەرگە مۇراجەت قىلايلى: «دادام ئۆزىنى ئاران تۇتۇپ، دەلدەڭشىپ كىرىپ كەلدى - دە:

«- ھوي ئوغلۇم، كەلگىنە، مېنىڭ ئاپپاق ئوغلۇم. مېنىڭ ياخشى ئوغلۇم - دە، بۇ...، - دېدى.

- مەن دادامنىڭ يېنىغا باردىم. ئۇ، مېنى قۇچىقىغا ئېلىپ سۆيۈشكە باشلىدى...

............

- كىتاپ... كىتاپما؟ ھە، ياخشى، كىتاپ ئال، كىتاپ ئېلىپ كۆپ ئوقساڭ ئەقىللىق... ياق، بىلىملىك بولىسەن، توغرا، كىتاپ ئېلىشىڭ كېرەك...ھوي، ئاپىسى، قېنى سىلە ...ئۇھ، ھەجەپ ئۇيقۇم كەلدى... ماڭا ئورۇن سېلىپ بەرسەڭلاچۇ؟!

- دادا، ماڭا پۇل بەرمەمسىز؟

- پۇلما؟ بېرىمەن، سەن كىتاپ ئېلىشىڭ كېرەك - تە،... ئەتە ساڭا چوقۇم پۇل بېرىمەن...»

«ئەتىسى ئەتىگەندە دادام ھەممىدىن بۇرۇن چاي ئىچىپ بولۇپ ئىشقا ماڭماقچى بولدى...

- دادا، ماڭا پۇلنى قاچان بېرىسىز؟ - دېدىم.

- نېمە پۇل؟! - دەپ ۋاقىرىدى دادام.

مەن ئارانلا ئاۋازىمنى چىقىرىپ:

- كىتاپ... كىتاپ ئالىدىغان پۇلچۇ؟ ...، - دېيەلىدىم.

- نېمە كىتاپ ئۇ، ماڭ! مەكتىۋىڭگە بېرىپ، دەرسىڭنى ئوقى، قاراڭلار، ئۇنىڭ كىتاپ ئالىمەن دېگىنىنى تېخى! - دېدى دادام ۋە چوڭ - چوڭ چامداپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.»

يۇقۇرىقىلاردىن شۇنى كۆرۈشكە بولىدۇكى، ئاپتور بىر نەچچە دىئالوگ ۋە ئىنتايىن ئىخچام ھالەت تەسۋىرلىرى ئارقىلىق دادىسىنىڭ ئىككى خىل ھالەتتىكى ئوخشىمىغان خاراكتېرىنى خېلى روشەن ئېچىپ بېرىش مەقسىدىگە يەتكەن. بۇنى تۇنجى ھېكايىسىنى ئېلان قىلىۋاتقان ياش ھەۋەسكارنىڭ بەدىئى دىتى دېمەي تۇرالمايمىز.

بۇ يەردە يەنە مۇنداق بىر مەسىلىنى كۆرسىتىپ ئۆتكۈم بار: ئاپتور نېمە ئۈچۈن ھېكايىنى دادىسىنىڭ ئۆز ۋەدىسىدىن يېنىۋېلىشى بىلەن ئاخىرلاشتۇردى؟ بۇ ئاساسەن، ئاپتورنىڭ پېرسوناژ خاراكتېرىنىڭ مەنتىقىسىگە قاتتىق ئەمەل قىلغانلىقىدىن كېلىپ چىققان. يەنى، دادا بالىسىنىڭ كىتاپ سېتىۋېلىشى ئۈچۈن پۇل بېرىشكە ئەزەلدىن قارشى، بۇ ئۇنىڭ خاراكتېرىدىكى ئاساسىي تەرەپ. مەس ۋاقتىدىكى «قولى ئوچۇقلىقى» بولسا بىر خىل تەسادىپى، ساختا كۆرۈنۈش. شۇڭا ئۇنىڭ ئەتىسى ۋەدىسىدىن يېنىۋېلىش خاراكتېر مەنتىقىسىگە تامامەن ئۇيغۇن كېلىدۇ. چۈنكى، ھەممىگە مەلۇمكى، ئېغىر مەس ۋاقتىدا ئادەمنىڭ پىكىر قىلىش ئىقتىدارى مەلۇم دەرىجىدە قالايمىقانلىشىدۇ. ئەگەر ئاپتور دادىسىنىڭ مەسلىكتىن ئىبارەت بىنورمال ھالەتتىكى «قولى ئوچۇقلىقى»نى خاراكتېر ئۆزگىرىشىدىكى تەبىئى سەۋەپ قىلىپ، ھېكايىنى ئۇنى ۋەدىسىگە ۋاپا قىلغان، ياكى بىر تالاي مۇنازىرىلەر ئارقى-

لىق ئۇنى ۋەدىسىنى ئورۇنلاشقا مەجبۇر قىلغان ھالەتتە ئاخىرلاشتۇرغان بولسا، كىتابخانلارنى تازا ئىشەندۈرەلمىگەن بولاتتى. لېكىن ئاپتور مۇنداق ئوڭاي ۋە قېلىپبازلىق ئۇسۇلدىن ۋاز كېچىپ، پېرسوناژ خاراكتىرىنىڭ تەبىئى راۋاجىغا ئەمەل قىلغانلىقى ئۈچۈن ھېكايىنىڭ ئاخىرىدا ئائىلىدە ئۆزىنى ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرۇش تۇيغۇسى بىلەن ياشاۋاتقان دادىنىڭ خاراكتىر ئالاھىدىلىگى بىراقلا نامايان بولغان.

«ئاپا، مېنى ئۇرامسىز؟» دېگەن ھېكايە باشتىن-ئاياق دىئالوگ ئارقىلىق بايان قىلىش شەكلىدە يېزىلغان. بەدىئى ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ ھەممىسىگە ئايانكى، دىئالوگ-ئىجادىيەتتىكى قىيىن ئۆتكەللەرنىڭ بىرى. چۈنكى ئۇ، پېرسوناژ خاراكتىرىنى بىۋاستە ئېچىپ بېرىشكە خىزمەت قىلىدىغان بەدىئى ۋاستىلارنىڭ بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن ھەم جانلىق، ھەم ئىخچام، ھەم خاسلىققا ئىگە، ھەم راۋان بولۇشى لازىم. دىئالوگقا قويۇلىدىغان بۇ تەلەپلەرنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇنلاش ئاسان ئىش ئەمەس. مۇشۇ نۇقتىدىن ئالغاندا، بىر ھېكايىنى باشتىن-ئاياق دىئالوگ بىلەن يېزىش تېخىمۇ قىيىن. چۈنكى ئۇ ھالدا يالغۇز پېرسوناژ خاراكتىرىنى ئېچىپ بېرىش مەسىلىسىلا ئەمەس، يەنە دىئالوگ ئارقىلىق كەيپىياتنى تەسۋىرلەش، باياننىڭ تەرتىۋىنى ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە ھېكايە قۇرۇلمىسىنى تۈزۈش مەسىلىلىرىمۇ بىرلىكتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مەيلى دۇنيا ئەدەبىياتى، مەيلى جۇڭگو ئەدەبىياتىدا بولمىسۇن باشتىن-ئاياق دىئالوگ بىلەن يېزىلغان ھېكايىلار بەكمۇ ئاز.

بىزنىڭ بۇ ياش ئاپتورىمىز «ئاپا، مېنى ئۇرامسىز؟» ھېكايىسىدە ئىپادىلەش ئۇسۇلىدىكى مۇشۇ ئەڭ قىيىن يولنى سىناق قىلىشقا جۈرئەت قىلىپ، خېلى ئۇنۇملۇك نەتىجىگە ئېرىشكەن. بىز بۇ ھېكايىدىكى ئىككى پېرسوناژنىڭ (ئانا بىلەن بالىنىڭ) دىئالوگلىرى ئارقىلىق 5 نەپەر ئاساسلىق پېرسوناژنىڭ (ئانا، بالا، قادىر، قادىرنىڭ دادىسى ۋە قادىرنىڭ خوشنىسى) ئۆز ئارا مۇناسىۋەتلىرىدىن شەكىللەنگەن پۈتۈن بىر ھېكايىنى (بالىنىڭ قادىر بىلەن دوستلۇغى، قادىرنىڭ ئاۋال ئاپىسى، ئاندىن مومىسىنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىگى، يېتىم بالىلارغا خوشنىسىنىڭ غەمخورلۇق قىلغانلىغى، شۇ سەۋەپتىن، ئۇلارنىڭ ئائىلىسىدە جىددى قىيىنچىلىق يۈز بېرىپ، قادىرنىڭ ئاياق-كىيىم ئالالمىغانلىغى، بالىنىڭ ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپ، ئۆزىنىڭ يېڭى ئايىغىنى ئۇنىڭغا ھەدىيە قىلغانلىغى، بۇ ئىشتىن ئاپىسىنىڭمۇ قاتتىق تەسىرلىنىپ ئوغلىنى ماختىغانلىغى)، ئانا، بالا ۋە قادىر خاراكتىرىدىكى ئالاھىدىلىكلەرنى (بۇ تەرەپ گەرچە ئانچە روشەن بولمىسىمۇ) ۋە زىددىيەت-توقۇنۇشنىڭ مەنتىقىگە مۇۋاپىق ھالدا پەيدىن-پەي راۋاجلىنىپ، ئورگانىك سيۇژېت لىنىيىسى ھاسىل قىلغانلىغىنى كۆرەلەيمىز. بۇ جەھەتتە ئالاھىدە مىسال كەلتۈرۈپ ئولتۇرۇش ھاجەتسىز بولسا كېرەك. تۆۋەندە 2 نۇقتا ئۈستىدە ئازراق توختىلىمەن. بىرى، ئاپتور باشتىلا قىزىقتۇرۇش ئۇسۇلىنى مۇۋاپىق قوللىنىپ، ئوقۇغۇچىنى ئىختىيارسىز ھالدا ھېكايىغا جەلىپ قىلىدۇ. مەسىلەن:

«— ئاپا، مېنى ئۇرامسىز؟
— سېنى نېمىشقا ئۇراتتىم؟
— قادىرنىڭ مومىسى ئۆلۈپ كېتىپتۇ.»

بۇ 3 دىئالوگنى ئوقۇپلا بىزدە خۇددى بالىنىڭ ئاپىسىغا ئوخشاشلا «قادىرنىڭ مۇسىنىڭ ئۆلۈپ كېتىشى بىلەن ئاپىسىنىڭ بۇ بالىنى ئۇرۇشىدا قانداق مۇناسىۋەت بار؟» دېگەن قىزىقىش پەيدا بولۇپ، ئىختىيارسىز ھالدا، ھېكايىنىڭ ئاخىرىنى ئوقۇشقا كىرىشىمىز. لېكىن بالا ھە، دېگەندىلا بۇ «مۇناسىۋەت»نى ئوتتۇرىغا قويماي، قادىرنىڭ ياخشى بالا ئىكەنلىكى، ئاۋال ئۇنىڭ ئاپىسى ئۆلۈپ كېتىپ 3 بالىنىڭ يېتىم قالغانلىقى، بۇ ھال قادىرنىڭ روھىغا قاتتىق تەسىر قىلغانلىقى، مۇئەللىم ۋە ساۋاقداشلىرىنىڭ شۇنداقلا خوشنىسىنىڭ ئۇنىڭغا كۆيۈنگەنلىكى، ئارقىدىن مۇسىنىڭمۇ ئۆلۈپ كەتكەنلىكى، نەتىجىدە ئۈستى-ئۈستىلەپ قىيىنچىلىق يۈز بەرگەنلىكى قاتارلىق تەپسىلاتلارنى بايان قىلغاندىن كېيىن، ھېكايىنى ئاخىرلاشتۇرۇشقا يېقىن، ئاندىن ئەسلى مۇددىئانى يەنى بالىنىڭ يېڭى ئايىغىنى قادىرغا ھەدىيە قىلغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. دەل مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ئاپتورنىڭ يەنە بىر ماھارىتى كۆزگە چېلىقىدۇ. يەنى ئۇ: «ئايىغىمنى قادىرغا بەرگەنلىكىم ئۈچۈن ئۇرامسىز؟» دېگەن سۆزنى ئوچۇق ئېيتماي، ھادىسىنىلا بايان قىلىپ، ئۇنىڭغا ئۇلاپلا: «ئاپا، سىز يىغلاۋاتامسىز؟» دەپ سورايدۇ. گەرچە يۇقۇرقى بايانلاردا ئاپىسىنىڭمۇ قادىرغا ھېسداشلىق قىلىدىغانلىقى توغرىسىدا بىر-ئىككى ئېغىز سۆز ئېيتىلغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ يىغلاشنىڭ سەۋەبى بىزگە تېخى تولۇق روشەن ئەمەس ئىدى. شۇڭا بىزدە تەبىئى ھالدا «قادىرغا ئىچ ئاغرىتىپ يىغلامدۇ؟ ياكى بالىسىنىڭ يېڭى ئايىغىنى قادىرغا بېرىۋەتكەنلىكىگە ئېچىنىپ يىغلىدىمۇ؟» دېگەن قىزىقىش تۇغۇلىدۇ. شۇندىن كېيىن ئاپتور 3 دىئالوگ ئارقىلىق ھېكايىنىڭ يېشىمىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئاپىسىنىڭ خاراكتېرىنى يۇقۇرى پەللىگە كۆتىرىدۇ. بىز ھەقىقى بەدىئى زوققا ئىگە بولىمىز؛ يەنە بىرى، ئاپتور بۇ ھېكايىسىدىمۇ، ئالدىنقى ھېكايىسىغا ئوخشاشلا ئىخچاملىق پىرىنسىپىغا ئەمەل قىلىشقا تىرىشقان. بالىنىڭ قادىر ئائىلىسىنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدا بايان قىلغان ھېكايىسىدىن باشقا دىئالوگلار ناھايىتى قىسقا، شۇنداقلا جانلىق يېزىلغان. ھەلىقى ھېكايە قىسمىمۇ باشتىن-ئاياق بىرلا دىئالوگ بىلەن بېرىلمەستىن، ئاپىسىنىڭ سوئالى بىلەن پات-پات بۆلۈنۈپ تۇرغان، نەتىجىدە، يالغۇز زېرىكىشلىكنىڭ ئالدى ئېلىنىپلا قالماي، يەنە، مۇھىمى، يېڭى تەپسىلاتلارنى بايان قىلىشقا يول ھازىرلانغان.

يۇقۇرقى ئىككى ھېكايە كەمچىلىكلەردىنمۇ خالى ئەمەس، ئەلۋەتتە. بۇ مۇھىمى، خاراكتېرنىڭ ئۆزىگە خاسلىقىنى ئېچىپ بېرىش ۋە تىلىنى تېخىمۇ پىششىقلاش مەسىلىسىدە كۆرۈلىدۇ. لېكىن مەن شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، ھېكايە ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىشقا يېڭى كىرىشكەن بۇ ياش ئاپتور بۇ سەپكە دادىل قەدەم بىلەن كىرىپ كەپتۇ. ئۇ بۇ جاپالىق ۋە شەرەپلىك يولدا جۈرئەت بىلەن ئىزلىنىپ ئۆزلۈكسىز ئالغا باسسا، ماھارەت جەھەتتە چوڭقۇر پىشىپ يېتىلىدۇ، كىتابخانلارغا تېخىمۇ كۈچلۈك بەدىئى زوق بېرەلەيدىغان ئەسەرلەرنى تەقدىم قىلالايدۇ.

# 30 يىلدىن كېيىن

(ھكايه)

مەتتۇرسۇن سۇلايمان

1

سالى ئەپەندى ئۇزۇن يوللۇق يولۇچـ
لار ئاپتوۋۇزىنىڭ ئىككى كىشلىك ئورۇندۇغىـ
دا نەۋرىسى ھەببە بىلەن ياندىشىپ ئولتۇ-
راتتى. يول بويىدىكى تال-سۆگەتلەر مەيىن
يەلپۈنۈپ، ئۇنىڭ بۇ يۇرتقا بولغان مېھرىنى
تېخىمۇ ئاشۇراتتى. ئەگەر شۇ چاغدا ھىلىقى
ئوقۇغۇچـىسى جاندىن-جاق تويغۇزمىغان
بولسا، ئۇ، پىتنىڭ ئاچچىغىدا چاپاننى ئوتـقا
سېلىپ، كېتىپ قالمىغان بولاتـتى. ئارىـدىن
نۇرغۇن يىللار ئۆتـۈپ، ئۆمۈر يىپـى ئۇنىڭ
بېشىغا قىرو قوندۇرۇپ قويدى. شۇنداقتىمۇ
ھىلىقى ئوقۇغۇچىسى تۈپەيلىدىن ئۇنىڭ دىلىغا
ئورنىـشىپ قالغان غەشلىك تېخىچە چىقىپ
كەتمىگەن ئىدى. ئەگەر پەۋقۇلئاددە خىزمەت
چىقىپ قالمىغان بولسا، ئۆز ۋاقتىدىكى ئوقۇ-
غۇچىسى ـھازىرقى دارىلمۇئەللىمىن مۇدىرى
ئادىلنىڭ تەكلىـۋىنى قانـدۇرۇپ، بۇ يەرنى
زىيـارەت قىلىـشقا پۇرسەت تۇغدۇرالمىغان
بولاتـتى. ئۇ، ئۇزۇن بىر نەپـەس ئىلىـپ،
قۇچىغىدا ئۇخلاپ ياتقان ھەببەنىڭ قولىنى
ئاتىلارچە سىلاپ قويدى. قايرىلىشتىكى سۆ-
گەت ئالدىـدىن ئۆتكەنـدە ماشىـنا قاتتىـق
تـورمۇزلىـنىپ، سىـلكىـنىـپ توختىدى.
يـولۇچـىلار سومكـا-يۇ، خـۇرجۇنـلىرىنى
يـىغىـشتـۇرۇشقـا باشلىـدى. سالـى
ئەپەندى بېلىنى رۇسـلاپ، ھەببـەنى يۆلەپ
ئولتۇرغۇزدى، ئاندىن قاپىقىغا ياماشقان ئې-
غىرلىقنى كىرپىكى بىلەن كۆتىرىپ سومكىـغا
قول ئۇزارتقان ئىدى، ئاپتوۋۇزنىڭ ئىشىگى
ئېچىلىپ، نەرسە-كېرەكلىرىنى يۈدۈشىۋېلىشقان
يولۇچىلار ئۈسۈپ كىرىشكە باشلىدى. شۇنىڭ
بىلەن ئاپتـوۋۇزنىڭ ئىچـى تىقـما-تىقـمان
بولۇپ، پۇت قويغىدەكمـۇ ئورۇن قالمىـدى.
شۇ ئارىدا يا ئىشچىغا، يا دىخانـغا ئوخشىـ
مايدىغان، دۈمچەك بىر ئادەم سالـى ئەپەنـ
دىنىڭ ئالدىغا سىغدىلىپ كەلدى-دە:
ـ يولداش، ئورۇندۇقلىرىنىڭ بۇرجە-
گىدىن يېرىم غېرىچ يەر چىقىرىپ بېرەلمە-

كىن؟ — دەپ سورىدى.

— ئولتۇرىۋەرسىلە، — دېدى سالى ئەپەندى نەۋرىسىنى قۇچىقىغا ئېلىپ، — بىردەم سىقىلىپ ئولتۇرغانلىقنىڭ ھېچقىسى يوق، ناھىيە بازىرىغا بىر سائەتكە قالماي يېتىپ بارىمىز.

بۇ ناتونۇش ئادەم ئورۇندۇقنىڭ نېرىقى چېتىدە ئولتۇرۇپ، گۈللۈك خۇرجۇنىنى ئالدىغا قويدى، ئاندىن كېيىن كەمزۇلىنىڭ پەشلىرىنى ئىككى يوتىسىنىڭ ئارىلىقىغا قىستۇرۇپ، يوغان شەپكىسىنىڭ سايىۋىنىنى كۆتەردى. كېيىن، خۇرجۇنىنىڭ ئىچىگە قولىنى تىقىپ بىرنىمىنى ئىزلىگەندەك قىلدى. ئاخىرىدا خۇرجۇنىنىڭ ئىزمىسىنى ئالدىرىماي ئەتتى.

سالى ئەپەندى كۆرۈنۈشىدىن كەسپىنى پەملىگىلى بولمايدىغان بۇ ھەمرايىغا كۆزىنىڭ قىرىدا ئاستا قارىدى. مەيدىسىدىكى قىزىل پەتتە ئۇنىڭ تۇرقى ھالىتىگە قىلچە ماسلاشمايتتى. ئۇنىڭ چىرايى سالى ئەپەندىگە تونۇشتەك بىلىندى-يۇ، دەماللىققا ئېسىگە ئالالمىدى. بۇ ئىشنىڭ يولىنى بىلىدىغان كىشى ئوخشايدۇ، بولمىسا مەيدىسىدە زەربىدارلىق بەلگىسى بولامدۇ؟ سالى ئەپەندى سەپەرداشلىق مۇناسىۋىتىدىن پايدىلىنىپ سوراپ باققۇچى بولدى:

— ئۆزلىرى مۇشۇ يەردىن بولامىلا؟

— خوش، مۇشۇ يەرلىك بولىمەن. «لەگلەكنىڭ بارغىنىنى سورامسىز يانغىنىنىمۇ» دېگەندەك، ئىلگىرى مېڭىشقىمۇ ئېرىنگەنلىكىمىز ئۈچۈن ئەمدى يۈگۈرۈشكە مەجبۇر بولىۋاتىمىز، — دېدى يېڭى يولۇچى، — تۆت يىل ئىلگىرى تاغدا يېڭى قۇرۇلغان سېمونت زاۋۇتىغا ئىشچى بولۇپ كىرگەن ئىدىم. مەن بىلەن تەڭ ئىشچىلىققا كىرگەنلەر رەسمىلەشكىلى نەۋاق. مەن بولسام ھەر قېتىملىق ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەي تېخىچە ۋاقىتلىق ئىشچى بولۇپ تۇرىۋاتىمەن. زاۋۇت دېگەندە قارا كۈچ بىلەن ئىش تاڭاتمايدىكەن، پالانى نەرسىدىن مۇنچە پىرسەنت، پۈكۈنى نەرسىدىن مۇنچىلىك، دىققەت قىلمىسا ئۇنداق بولۇپ كېتىدۇ، دېگەندەك كۆرسەتمىلەر باشنى قايدۇرىۋېتىدۇ. كىچىككىنە بىخەستەلىك قىلساڭ ئىشىڭدا قۇسۇر چىقماي قالمايدىكەن. بىزدەك قوسىقىدا ئومىچى يوقلارغا ھەپتىدە تۆت ئاخشام دەرس ئۆتىدۇ. ئاڭلىساق، سانائەت ئىدارىسىدىن نامى چىققان بىر كاتتا ئادەم كېلىپ، ئىشچىلاردىن ئومۇمىيۈزلۈك ئىمتىھان ئېلىپ كۆرەرمىش، ئەگەر شۇ قاتاردا بىزمۇ ئۆتۈپ كەتسەك، بىزنىڭ ئىشىمىزنى بىر ياقلىق قىلىۋەتكىدەك، شۇنداق بولغىنى ياخشى، چۈنكى 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇۋاتىمىز ئەمەسمۇ، يولداش.

سالى ئەپەندى ئۇنىڭ چىرايىغا بىر ھازا سىنچىلاپ قاراپ قالدى. سۆھبەتدىشى ئىچى-قارىنى چۈۋۈپ كۆرسىتىش پۇرسىتىنى قولدىن بېرىپ قويۇشنى خالىمىغاندەك، ئۇنىڭغا ئانچە دىققەت قىلمايلا بېشىنى لىڭشىتىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇرىۋەردى:

— مەن ئۆزەمنى مۇشۇ يەرلىك دەپ تونۇشتۇردۇممۇ، ياق، مېنىڭ بۇ يەردە ھېچنەرسەم يوق. ئۇنداق دېسەم، بۇ يەرلىك ئەمەسكەن دېمىسىلە، تېگىنى سۈرۈشتۈرسە ياشلىقىمنى بىر پۇلغا سېتىپ، مىڭ پۇلغىمۇ قايتۇرۇپ ئالالمىغان ئادەممەن؛ يول ئۆتكەتكەن مۇئەللىمىنى زار-زار قاخشاتقانمەن. كېيىن ئۆزەممۇ يەتكىچە دەردىنى تارتتىم، تەشكىل ئېتىۋار قىلمىدى ئەمەس، ھەممە ئەيىپ ئۆزەمدە، يەر ئىسلاھاتىدا تەككەن يەرنى تېرىماي ئاق قويۇپ، قوساقنى ئاچ قويدۇم، كاپېراتسىيە قۇرۇلىۋېدى، مېنى ئەسكى كۆرۈپ ھېچكىم گۇرۇپپىسىغا قاتمىدى، گۇڭشې قۇرۇلغاندىن كېيىن، تەشكىل

مىنى سەيپۇلڭ كارخانىسىغا شاگىرتلىققا بېرد ـ
ۋىدى، نىمە ئۈچۈنكى، ھېچنىمە ئۆگىنەلمىدىم.
ئاخىرىدا، ئۆي ـ ۋاقامنى سېتىپ «دەتتىكام»غا
ئاتتىم، بار ـ يوقۇمنى ئۇتتۇرۇپ، شەھەرگە
بېرىۋالدىم. مەدىنىيەت ئىنقىلاۋىنىڭ پاتپا ـ
راقچىلىغىدىن پايدىلىنىپ، مەھەللەمگە پۈت
تىقۋېلىشنى ئويلاپتىمەن، ئامىۋى دىكتاتۇ ـ
رىغا تارتىلىپ قېلىشىمنى نەدىن بىلەي،
يائاللا، دىكتاتۇرا دىگەن شۇنداق بولامدۇ؟
ئۆزەم ئىشەكتە تەتۈر، بېشىمدا كولا، ئىككى
يېنىمدا توقماق، گۈر ـ گۈر تىۋۇلانغان شو ـ
ئارنى ئاڭلاپ تۇرىۋاتىمەن. ئالە شەرىڭنى،
دەپ چەرچەن، چارقىلىقلارغا قاچماي بولمى ـ
دى، قاچقان بىلەن قوساق دىگەن ئوغرى
جىم تۇرامدۇ، «ئاسمان يىراق، يەر قاتتىق،
ئۆلەي دىسەم جان تاتلىق» بولۇپ كەتتى.
يەنە كىندىك قېنىم تۆكۈلگەن يۇرتنى پانا ـ
لاپ كەلمەي بولمىدى، كەلدىم. مال ـ مۈلۈك،
نەرسە ـ كېرەكلىرىمنىڭ ھەممىسىنى سورىۋەت ـ
كەن تۇرسام، ماڭا باش تىققۇدەك ئۆي نەدە
تۇرۇپتۇ. ھەتتا «كېلىڭ، ئاتا» دەپ چىللاي ـ
دىغان بىرەر پەرزەنتىممۇ يوق، قانداق قى ـ
لىشىمنى بىلمەي بېشىم قېتىپ تۇرسام،
ھەسەن دادۇيجاڭ: «سىمونت زاۋۇدىغا ئىش ـ
چى قوبۇل قىلىدىكەن، بىزنىڭ دادۇيدىن
بىر ئادەم بېرىدىكەنمىز. ياش چەكلىمىسى
قاتتىق ئەمەس ئىكەن، يا سەن بارامسەن،
ئاداش» دىمەسمۇ، تەلپىگەمنى ئاسمانغا ئېت ـ
تىپ، ئۇنى قۇچاقلاپ كېتىپتىمەن. مانا بۇ ـ
گۈنكى كۈندە دولامغا ئاپتاپ چۈشۈپ تامبال
تىزدىدىن ئاشتى، قوسىغىممۇ توق. ھەرگىز
چىرايىمغا قاراپ كۆزىنىڭ نۇرى قاچقان
ئادەمكەن دىمىسلە، كۈندىن ـ كۈنگە ياشىرى ـ
ۋاتىمەن. ھەرقانداق ئىش ئالدىمدىن قېچىپ
قۇتۇلالمايدۇ. مەيدەمدىكى ماۋۇ پەتتىنى كۆ ـ
رىۋاتامسىلا؟ بۇ بىكارغا كەلگەن ئەمەس،
نەمۇنىچى بولساڭ ھەممىنىڭ كۆزى سەندىكەن،
تا مۇشۇ يېشىمغا يەتكىچە يەتمىش يەرگە
ئىز قويۇپ بىرەر خوتۇننىڭ چىشىنىڭ ئېقى ـ
نىمۇ كۆرەلمىگەن ئىدىم، يېقىندىن بۇيان
زاۋۇدىمىزدىكى قىز ـ چوكانلار كۆز قىسىشىپ،
چاقچاق قىلىشىدىغان بولۇپ قالدى، كۈلۈپ
كېتىمەن، توختا، ئاۋال رەسىملىشىپ قاتا ـ
رىڭغا كىرەي، ئاندىن كېيىن ئەلچى ماڭغۇ ـ
زاي، ئاڭغىچە كۆزىڭنىڭ يېغىنى ئاسراش،
ھى...ھى...ھى... شۇغىنىسى، ئۆتكەمدىن
ئۆتۈپ، ئەلۋىردە توختاپ قالغىنىم يامان
بولدى. نىمشقىمۇ ئىلگىرى ئۇستازلارنىڭ
گېپىنى قۇلاقتا تۇتمىغاندىمەن، نىمشقىمۇ
قوسىغىمنى بىلمىگە تولدۇرۇۋالمىغاندىمەن؟
ساقال ئەسەغپىرۇللاغا يەتكەندە چىمەلتەكتەك
باللارنىڭ قاتارىغا كىرىپ ئولتۇرۇش ئۇيات
ئىكەن. ئۆزلىرى سەپەرنى قاياققا سىلىۋاتىدىلا؟

ئۇ، ھېمىرايىم سۆزۈمگە قانداق
ئىنكاس قايتۇرىدىكىن، دىگەندەك سالى
ئەپەندىگە قارىدى، قارىدى ـ يۇ، ھەيران قال ـ
دى، نەپرەتتىنمۇ ياكى ھاياجانلىق ئېچىنىش ـ
تىنمۇ، سالى ئەپەندىنىڭ چىرايى تامدەك
تاتىرىپ كەتكەن ئىدى.

خۇدايا توۋا، سالى ئەپەندىنىڭ ئالدىدا
تۇرغىنى تارى ئەمەسمۇ! تەقدىر ـ قىسمەتنىڭ
بىپەرۋالىغىنى قاراڭ، ئىككى رەقىپنى تار
يەردە قىستاپ تەگلىكتە قالدۇرغىچە ئازادى ـ
راق جايدا ياخشىلاشتۇرۇپ قويسا قانداق!

قارىغانىىرى يېڭى يولۇچىنىڭ كۆزلىرى ـ
دە «يالت ـ يۇلت» قىلىپ ئۇچقۇن چاقناپ،
ئىككى قولى ئوق تەككەن ساننىڭ قانتىدەك
ئىككى تەرەپكە كېرىلدى، ئاستىنقى كالپۇگى
بىلىنەر ـ بىلىنمەس تىترەپ، ساغرىسى ئورۇن ـ
دۇقتىن كوتىرىلىپ كەتتى، ماشىنا تېخى
قوزغالمىغان ئىدى، ئۇ، يانپىشنى ئۆرە تۇ ـ
رىۋاتقانلار ئارىسىغا سىغدۇردى ـ دە، خۇرجۇ ـ

نىنى «شەرت» قىلىپ تارتىپ، ئالدىدىكىلەرنى ئىتتىرگىنىچە ئاپتوۋۇزدىن چۈشۈپ كەتتى.

كىشىلەر ئارىسىدىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ كېتىۋاتقان يولۇچىنىڭ باش - ئايىغىغا قاراپ ھاڭۋېقىنىچە تۇرۇپ قالغان ھەببە بوۋىسىنى ئاستا چاقىردى:

— بوۋا!

سالى ئەپەندىدىن ھېچقانداق سادا چىقمىدى.

— بوۋا!

— ھە...ھە... پۇتۇڭ تېلىپ قالدىمۇ، قىزىم، — سالى ئەپەندى ئۇيقۇدىن چۆچۈپ ئويغانغان كىشىدەك بوينىنى ئېگىپ نەۋرىسىگە تىكىلدى.

— ھېلىقى ئادەم كىم بولىدۇ؟

— كىمنى سوراۋاتىسەن؟

— ماۋۇ بوۋامنى، ساراڭ بولۇپ قالدىڭمۇ؟ ھېلىلا چىقىپ كەتكەن ئادەمچۇ؟

سالى ئەپەندى ئاپتوۋۇزدىن چۈشمەكچى بولۇپ ئورنىدىن تۇرغان ئىدى، ماشىنا سىلىكىنىپ ئورنىدىن قوزغالدى. شۇ ئەسنادا، سالى ئەپەندىگە قاراپ ئولتۇرىۋاتقان ياش بىر يىگىت:

— يولداش، ئۇ كىشى ئالدىلىرىدا مۇخالىپ ئىش قىلىپ قويغان ئوخشىمامدۇ؟ — دەپ سوراپ قالدى.

— مۇخالىپ ئىش دېمىسىز؟

— مەن ئۆزلىرىنى سوجاگمىكىن دەپ قالدىم، — دېدى ئارقىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان ئوتتۇرا ياشلىق كىشى، — بۇ ئادەم چىرايلىرىغا راسا سەپ - سېلىپ بەدەرتىكتى.

— مەن ئۇنى ئوقۇتقاندا ئارىمىزغا سوغاقچىلىق چۈشكەن، ھازىر ئۇنىڭغا يېڭىۋاشتىن ئۆگىنىش زۆرۈر بولۇپ قاپتۇ.

— مەن ئوقۇتقان دىدىڭمۇ؟ — ھەببە ھەيرانلىق بىلەن ياندۇرۇپ سورىدى.

— ھەئە، مەن ئوقۇتقان، — دەپ تەكرارلىدى سالى ئەپەندى، — بىزنى مېھمانغا چاقىرغان دارىلمۇئەللىمىن مۇدىرىنىمۇ مەن ئوقۇتقان.

— يارەببىم، — دەپ ساقىلىنى سىلىدى رەت ئارىلىغىدا ئۆرە تۇرغان بىر بوۋاي، — سىلىنىڭ بۇ ئوقۇغۇچىلىرى «ئېلىپبە»نى قايتىدىن باشلىماقچى بولىۋېتىپتۇ. بۇ بەندىگە پەلەك تەتۈر كەلگەنمۇ، نېمە؟

— ئىككى ئوقۇغۇچىنىڭ ئوقۇش تارىخى تامامەن ئوخشىمايتتى، بولۇپمۇ بايقىسىنىڭ مەكتەپتىكى ئىپادىسى تولىمۇ ناچار ئىدى، — سالى ئەپەندى شۇ سۆزدىن كېيىنلا ئۈن-تىنسىز ئولتۇرۇپ قالدى. ھەببە «قانداق ناچار ئىدى؟» دەپ ئارقا - ئارقىدىن سوراشقا باشلىدى. سالى ئەپەندى ئەتراپتىكىلەرنىڭ قۇلاقلىرىنى دىڭ تۇتۇپ ئولتۇرۇشقانلىقىنى



كۆرۈپ، سۆزلەي قۇتۇلغىلى بولمايدىغانلىغىنى ھىس قىلدى بولغاي، نەۋرىسىنى ياد-غىراق ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ، بايىقى يولۇچى ھەققىدىكى ھىكايىنى باشلىدى.

2

بۇ يەر ئىسلاھاتىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى ۋەقەلەر ئىدى، مەن ۋىلايەتلىك دارىلمۇئەللىمىنىنىڭ قىسقا مۇددەتلىك كۇرسىنى تۈگىتىپ، مۇشۇ كۆكتوقاي رايونىنىڭ بەشتوغراق باشلانغۇچ مەكتىۋىگە كەلگەن ئىدىم. ئۇ چاغدا ئوقۇش پۈتتۈرگەنلەرنى ئېھتىياجغا ئاساسەن ناھىيە ئاتلىتىپ تەقسىملەش ئادىتى بار ئىدى. كەلگەن كۈنۈمنىڭ ئەتىسى، مەكتەپ مەسئۇلى ماڭا ئوقۇتقۇچىسى كەسىپ ئالماشتۇرۇۋالغان 3 - سىنىپنى تۇتقۇزدى. شۇ كۈنى ئەتىگەندە دەرسكە كىرىش قوڭغۇرىقى چېلىنغاندا، سىنىپنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ تىنچلىنىشىنى كۈتتۈم، لېكىن تىنچلىنىشنىڭ ھېچقانداق ئالامىتى كۆرۈنمەيتتى. سىنىپتىن ھەر خىل تاراق - تۇرۇق، ۋاقىراش - جاقىراشلار ئۈزلۈكسىز ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئاخىرقى قاتاردا ئولتۇرغان 13 ياشلار چامىسىدىكى قارامتۇل بالا قارا ئوغلاق تېرىسىدىن تىكىلگەن يىرتىق تەلپىكىنىڭ قاسقىنىنى پۇلاڭلىتىپ «ھۇررا» توۋلايتتى ۋە بەزىدە ھېچ ئەيمەنمەستىن قىزلارنىڭ چاچلىرىنى تارتىپ، تېخىمۇ چوڭ چوقان كۆتىرىلىشكە سەۋەبچى بولاتتى. تېخى بۇنى ئاز دېگەندەك، ئوتتۇرا قاتارنىڭ ئالدىنقى پارتىسىدا ئولتۇرغان كۆك كۆزلۈك، سېرىق چىراي بالا، مېنى تەتەي مازاق قىلماقچى بولغاندەك، سول ئالقىنىغا بىر پارچە ناننى قويۇپ، ئوڭ قولى بىلەن پاس ئۇراتتى، شۇنىڭ بىلەن ھېلىقى نان «كوم» قىلىپ ئۇنىڭ ئاغزىغا كىرىپ كېتەتتى.

مەن ئۇلارنىڭ پات تىنچلانمايدىغانلىغىنى بىلىپ، سىنىپ بوسۇغىسىدىن ئاتلىدىم. سىنىپ باشلىغىمىكىن ئېھتىمالىم، بىرسى: «سالام، بىر!» دېۋىدى، ھېلىقى قارامتۇل بالا «ئى...ئى...ئىككى» دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئوقۇغۇچىلار پاراققىدە كۈلۈشۈپ تەرتىپ بۇزۇلدى. تېنىمنى تۈك سوقۇۋەتكەندەك بولۇپ ئۆزەمنى يوقاتقىلى تاسلا قالدىم. شۇ زامان يەنە ئېسىمنى يىغىپ ئوقۇغۇچىلارنى تەرتىپكە چاقىردىم.

— ساۋاقداشلار، دىققەت!

ئوقۇغۇچىلار ئۆزلىرىنى تۈزەپ جىم بولۇشتى. ئەمما ھېلىقى ئوقۇغۇچى بىر ئازدىن كېيىن كىكەچلىگەن ھالدا مېنى دوراپ:

تى... تىققەت، — دېدى.

— ھەي بالا، بۇ گەپنى ساڭا داۋاتىمەن، — مۆڭگۈزۈمنى ئاز - پاز چىقارمىسام بولمايدىغانلىغىنى سېزىپ ئۇنىڭغا ۋاقىرىدىم، — ئۆزەڭنى رۇسلا!

ئۇ بۇ نۆۋەت غىڭ - پىڭ قىلالماي يوڭ چەكمەن يەكتىگىنىڭ ياقىسىغا بۇرنىنى تىقىپ، شۈمشىيىپ ئولتۇردى. لېكىن ئوقۇغۇچىلارنى ئولتۇرۇشقا رۇخسەت قىلغىنىمدا، ئالدىدىكى سېرىق چىراي بالا قولىنى كانايچە قىلىپ زورىغا يۆتىلىپ قويدى.

شۇ كۈنكى دەرسنىڭ كەيپىياتى ناھايىتىمۇ ناچار بولدى. كۆپ ۋاقتىم «جىم ئولتۇرۇڭلار!»، «دەرسكە دىققەت قىلىڭلار!» دېيىش بىلەن ئۆتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ھەر قېتىم سىنىپ ئالدىغا كەلگىنىمدە ھېلىقى قارا چىراي بالىنىڭ: «تى...تى...تىققەت»

دىگەن سۆزلىرى دائىم ئاڭلىنىپ تۇردى.

دەرستىن چۈشكەندىن كېيىن، ئىچىمگە توشۇپ كەتكەن دەرتنى چىقىرىشقا جاي تاپالماي، مەكتەپ ھويلىسىنى ئايلىنىشقا باشلىدىم. مەكتەپ مەسئۇلىنىڭ ئايالى يېڭى تۇغۇتلۇق بولغاچقا ئۆيىگە چىقىپ كەتكەن، يەنە بىر ئوقۇتقۇچىمۇ ئاللىقاچان كېتىپ قالغان ئىدى. مەن ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ، بۇ مەكتەپتىن كېتىش قارارىغا كەلدىم. چۆچۈردەك باللارنى باشقۇرالماي، خەقنىڭ كۆزىدە لەت بولۇپ يۈرگىچە ئاستا-غىنا كېتىۋالغان ياخشى. مەن قايتىپ كېتىشكە ئىلتىماس يېزىشنى كۆڭلۈمگە پۈكۈپ، ئارقىغا ئۆرۈلۈشۈم بىلەنلا كۈتمىگەن يەردىن، سىنىپ ئىچىدىن تاراق - تۇرۇق قىلغان ئاۋاز ئاڭلى-نىپ قالدى. باللار ئاللىقاچان كېتىپ قالغان تۇرسا، سىنىپقا كىرىۋالغان كىمدۇ؟ قۇلاقكەس-تىلەردىن بىرەرسى ئىش تېرىپ يۈرگەن بولمىسۇن يەنە؟ ئاۋايلاپ دەسسەپ سىنىپ ئىچىگە كىردىم. سىنىپ ئىچىدە ماتا كۆينەك كىيگەن ئاق چىراي بىر بالا ھىساپ ئىشلەپ ئولتۇراتتى. ئۇ مېنى كۆرگەندىن كېيىن مۇلايىملىق بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ:

— مۇئەللىم، — دىدى.

— ئولتۇرۇڭ، تاپشۇرۇق ئىشلەۋاتامسىز؟ — دەپ سورىدىم مەن ئۇنىڭ يېنىغا كېلىۋېتىپ.

— ھەئە، مۇشۇ بەتتىكى كۆنۈكمىنى ئىشلەپ بولغاندىن كېيىن، قايتىپ كېتىمەن.

— ھەر كۈنى شۇنداق قىلامسىز؟

— شۇنداق قىلىمەن، بۇنداق چاغدا سىنىپ تىپ - تېنچ، ھېچكىم دەخلى قىلمايدۇ.

— ئىسمىڭىز نىمە؟

— ئادىل.

— دادىڭىزنىڭچۇ؟

ئۇ، قاپ - قارا كۆزلىرىنى مەندىن قاچۇرۇپ، خۇددى مۇسىبەتكە چۆككەن ئا-دەمدەك ئىككى قولىنى جۈپلەپ ئۇلۇغ - كى-چىك تىندى - دە:

— دادام... ساۋۇربەگنىڭ سۇ ھاشاسىدا قازا بوپتىكەن، — دىدى.

— ھازىر ئائىلىڭىزدە كىملەر بار؟

— پەقەت بوۋاملا بار. ئۇ، مېنىڭ ئاش - نېنىمنى غەملەپ بېرىپ تۇرىدۇ.

— ئۇنداقتا سىلەر بىر ئۆيدە ئەمەس-كەنسىلەر - دە؟

— بىر ئۆيدە ئەمەس، بوۋام ساۋۇر بەگنىڭ يىلىلىقچىسى ئىدى، تەشكىل ئۇنىڭغا بەگنىڭ قۇمسۇلاغدىكى بىدىلىگىدىن 7 مونى ئالدىن بۆلۈپ بەرگەن ئىكەن، بوۋام شۇ يەردە تۇرىدۇ.

— سىز يالغۇز يېتىپ - قوپامسىز؟

— ھەئە، ياقا مەھەللىدە بىر ئېغىزلىق ئۆيىمىز بار، كەچلىك تەمەچىنى چۈلغىيالساملا كىتاپ ئوقۇشۇمغا بىر كىم دەخلى يەتكۈزمەيدۇ.

ئادىل ئىسىملىك بۇ ئوقۇغۇچىنىڭ يال-غۇز تۇرۇپمۇ تۇرمۇشىنىڭ ھەر خىل توسالغۇ-لىرىغا بوي بەرمەي مەردانە ياشاۋاتقانلىقىغا مەسىلىگىم كەلدى.

— ئۇكام ئادىل، سىنىپىڭلاردىكى قارامتۇل بالىنىڭ ئىسمى نىمە؟

— تارى قوپالنى دەملا، مۇئەللىم، — دىدى ئادىل قىلىچە تەمتىرىمەستىنلا.

— نىمىشقا ئۇنى قوپال دەيسىز؟

— ھەممەيلەن شۇنداق ئاتايدۇ، — دىدى ئۇ گويا ئۆزىنى ئاقلىغاندەك بولۇپ، — بەك كەپسىز، مۇغەمبەر.

— خۇي - پەيلى مەكتەپكە كىرگەندىن تارتىپ شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق. ئۇ، مورىدىن تەتۈر چۈ-شۈشنىمۇ بىلىدۇ.

— ئۇنى كىم كۆرۈپتۇ؟

— ھەسەن كومسالدى كۆرۈۋېتىپتىكەن.
— ھەسەن دېگىنىڭىز ئالىقىنىدىكى نانىنى بىر ئۇرۇش بىلەن ئېغىزىغا چۆرۈۋې - تىدىغان سېرىق چىراي بالىمۇ؟
— ھەئە، شۇ. ئۇمۇ ئادەمنى دەرياغا ئاپىرىپ سۇغارماي كېلىدىغان ئالا - غىلاپىنىڭ بىرسى، دائىم باللار بىلەن قول باغلىشىپ نېمىنى ئۇتۇۋالىدۇ.
ئۇلار ئىككىيلەن بىرگە يۈرەمدۇ؟
— بىرگە يۈرىدۇ، بەزىدە ئۇرۇشۇپ قېلىپ يەنە يارىشىدۇ.
— تارى ئاتا - ئانىسى بىلەن بىرگە تۇرامدۇ؟
— ياق، ئاتا - ئانىسى بىر كۈنلۈك يىراقلىقتا تۇگىدەن باقىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ يەردىكى ئۆيۋاقىغا مۇمىسى قارايدۇ.
— ئۇ مومىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلامدۇ؟
— ئاڭلىمايدۇ، تىللاپ، قاخشىتىپ مومىسىنىڭ كۆڭلىنى ئارام تاپقۇزمايدۇ.
— دەرستە قانداقراق؟
— نىمىسىنى سورايلا مۇئەللىم، — دىدى ئادىل كۈلۈمسىرەپ، ئۇنىڭ قوسۇغىدا ئېلىپىنىڭ سۇنۇغىمۇ يوق. ئۆتكەن جۈمە كۈنى 21 دىن 19 نى ئالالىماي بىر كۈن ئول - تۇردى.
— ئەمىسە، 3 - سىنىپقا قانداق كۆچتى؟
— ئوقۇغۇچىنى تەستىقسىز چىقىرىۋې - تىشكە بولمايدىكەن، ئۇنى ھەرىيلى سىنىپ ئاتىلىتىپ ئوقۇش پۈتتۈرگەن ھىساۋىدا بىر تەرەپ قىلماقچىكەن.
— بۇنى كىمدىن ئۇقتىڭىز؟
— سىلى كېلىشتىن ئاۋال يۆتكىلىپ كەتكەن مۇئەللىمىمىز شۇنداق دىگەن.
سۆھبەت جەريانىدا سىنىپنى ئادىلغا ئوخشاش ئاكتىپلارغا تايىنىپ ياخشىلاش مۇمكىن ئەمەسمىدۇ؟ دىگەن خىيالغا كېلىپ قالدىم. قايتىپ كېتىش توغرىسىدىكى قارارى - دىن يېنىپ، ئەتىكى خىزمەتنىڭ پىلانىنى ئويلاشقا باشلىدىم.

*

ئەتىسى ئىككىنچى سائەتلىك دەرستىن كېيىن دەم ئېلىش ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ تارى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزدۈم، سۆھبەت جەريانىدا ئۇنىڭغا دەرسكە تولۇق قاتنىشىش، تەرتىپسىزلىك قىلماسلىق ۋە تازىلىققا ئەھە - مىيەت بىرىشنى تاپىلىدىم.
3 - سائەتلىك دەرسكە كىرىش قوڭ - غۇرىقى چېلىنغاندا، دىجۇرنى مەندىن بۈگۈن دەرستىن قالغانلارنىڭ بار - يوقلىغىنى سورىدى، مەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەرسكە تولۇق قاتناشقانلىغىنى ئېيتتىم.
— ئەسلىدىكى توپ ساندىن ئۈچى كەم تۇرىدۇ، — دىدى دىجۇرنى جاۋابىمنىڭ ناتوغرىلىغىنى ئىسپاتلاپ.
— توختاپ تۇرۇڭ، مەن قاراپ باقاي، — مەن دەرھال سىنىپقا كىرىپ ھەممە تەرەپكە بىرمۇ - بىر كۆز يۈگۈرتتۈم. ھەم - مىدىن بۇرۇن تارىنىڭ يوقلىغى كۆزۈمگە چېلىقتى، ھەسەن كومسالدى دەپ ئاتىلىدىغان ئوقۇغۇچىنىڭمۇ ئورنى بوش ئىدى. ئۈچىنچە - سىنى دەماللىقچە ئەسلىيەلمىدىم. بەش مىنۇت ئىلگىرى «مۇشۇنداق قىلماڭ» دەپ سۆزلىگەن ئەمەسمىدىم! قوغلاپ تۇتۇپ، قاچقۇندىن ئىبرەت ئالدۇرۇشنىڭ پەيتى كېلىپ قالغانلىغىنى ھىس قىلىپ، ئوقۇغۇچىلارغا كۆڭۈلكىمە كۆرسىتىپ بەردىم - دە، ئادىل بىلەن بىللە تارىنى ئىز- لەشكە ماڭدىم، مەكتەپ دەرۋازىسىدىن ئەمدىلا چىقىشىمغا ۋىجىك بىر بالا يىغلامسىراپ ئالدىمىزغا كەلدى.
— ئۇكام، دەرسكە كىرمەي بۇ يەردە

نېمىشقا ماي تارتىپ يۈرۈسەن؟ — دېدىم مەن ھەر قانداق بىشەمنى ئىتائەتكە زورلايدىغان سوغاق تەلەت بىلەن.

— تارى... تارى قوپال بىلەن ھەسەن كومسالدى پوتامدا ئېت باغلاپ قاچتى، — دېدى ئۇ يىغلامسىراپ، — بىللە ئويناپ كېلەيلى دېگەن ئىدى، ئۇنىمىسام پوتامنى تارتىۋالدى.

— ئۇلار ئېتنى نەدىن تاپتى؟

— پاسار ناۋاينىڭ ئېتى كۆۋرۈك يېنىدىكى يالاقتا سۆڭەك غاجىلاۋاتقان ئىكەن. تارى پېتامدا شۇ ئېتنى باغلاپ، ھەسەن كومسالدىنىڭ ئېتى بىلەن تالاشتۇرغىلى كەتتى.

بىز ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈردۇق، قوناقلىق ئوتتۇرىسىدىكى قۇملۇق ئېرىقتا ئېت ۋە تارىلارنىڭ قالدۇرغان يېڭى ئىزلىرى بار ئىدى. بىز ئاشۇ ئىزنى يوقاتماي ئۈرۈكلۈك باغ دەپ ئاتىلىدىغان جايغا كېلىشىمىزگىلا ئۇلارنىڭ جېدەللىشىۋاتقانلىقى ئاڭلىنىپ قالدى. بىز ئۇلارنى قاچۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن، تىۋىش چىقارماي، قاش لېۋىدىكى قېرى ئۈرۈكنىڭ دالدىسىغا كېلىپ تۇردۇق، ئۇلار تاكاللاشماقتا ئىدى.

— نى... نى.... نېمىشقا ئېتنى قويۇۋېتىسەن، ئاچ ئەرۋا؟ — دەيتتى تارى دىۋەيلەپ، — يا... يا ئېتىڭنى تالىۋېتىشىدىن قورقتىڭمۇ؟

— زوۋلەن قويۇۋەتمىدىم. سەن ئېتقا ئاختا قويغاندا پېتا - قولۇمدىن چىقىپ كەتتى، — دەيتتى ھەسەن يېلىنىپ.

— يا... ياق، قە... قەستلەپ قويۇۋەتتىڭ، بۇ... بۇرنىڭنىڭ ماڭقىسىنى چۈۋىمىسام ھىساپ ئەمەس.

مېنىڭ غەزىۋىم ئۆرلەپ ئۈرۈكنىڭ كەينىدىن «شارتلا» چىقتىم - دە:

— تارى، بۇياققا چىق! — دەپ ۋاقىرىدىم.

ئۇ چۆچۈپ ماڭا قارىدى - دە، ئىندىمەي جىم تۇردى.

— بۇ ياققا چىق دەيمەن! — مەن يەنە بىر قېتىم ۋاقىرىدىم.

ھەسەن بېشىنى ساڭگىلىتىپ ئىلگىرىرەك چىقتى، ئۇنىڭ كەينىدىن تارى ئاستا - ئاستا دىڭگۇسلاپ چىقىپ «ھە، نېمە؟» دېگەندەك ماڭا قارىدى.

— قائىدىنى ئۇقمامسەن، مەن بايا ساڭا نېمە دېگەن، پېتا قېنى؟

— كى... گە... كەتتى.

ئۇنىڭ بەرگەن جاۋابىغا تاقەت قىلالمىغان ئادىل، ئۇنىڭغا قولىنى شىلتىپ سۆزلەپلا كەتتى:

— تۈزۈك جاۋاپ بەر، ئاداش! نەگە كەتتى؟ سەن ئوقۇغۇچى بولغاندىن كېيىن ئېت تالاشتۇرىدەمەن، دەپ يۈرگىچە سىنىپقا كىرىپ دەرس ئۆگەنسەڭ بولمامدۇ؟

— ئۆ... ئۆگىنىشنى مەن سەندەك جا... جا ئاكتىپلارغا بەرگەن، خەت يېزىشنى بىلمىسىمۇ ناننى تۇتۇپ يېگىلى بولىدۇ.

— مەن جا ئاكتىپمىكەنمەن، سەندەك نەدىن قوغلىسا، شۇ يەردە يۈرسەم بولامتى ئەمەسە؟! — ئادىلنىڭ چىرايى جىددى تۈس ئېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن زاكۇنلىشىشقا تەمشەلدى.

مەن تارىنىڭ ئۆز گۇناھىنى قىلچىمۇ ئۆز ئۈستىگە ئالماي تەرسالىق قىلىۋاتقىنىغا تاقەت قىلىپ تۇرالمىدىم.

— قولۇڭنى تاشلا، پۇتۇڭنى يىغ! بەلۋېغىڭنى ئېت بىلەن كەتكەن پوتا ئورنىغا تۆلەمسەن؟

ئۇ، كۆزىنى چەكچەيتىپ، بەلۋېغىنى مەھكەم سىقىملىدى. ئادىل ماڭا يېقىنراق كېلىپ:

— بەلۋىغىنى يېشۋالمساقمۇ بولىدۇ،
مۇئەللىم، كەچتە ئىت بىلەن كەتكەن پۇتىنىڭ
ئۆزىنى ئەكىلىپ بەرسۇن، — دىدى.
— شۇنداق قىلامسەن؟
— ما... ماقۇل.
— ئەمسە، سىنىپقا ماڭ!
ئۇ لىكۇلداپ سىنىپقا ماڭدى.

*

كۈنلەر ۋە ئايلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن
ھەر خىل سۆھبەت ۋە ئىجتىمائى پائالىيەت-
لەرنى ئۇيۇشتۇرۇپ، سىنىپ خىزمىتىنى مەلۇم
ئىزغا سالغان ئىدىم. سىنىپ ئىچىدە ئادىل
باشچىلىغىدىكى رەھبەرلىك تايانچىلىرىنى تۇر-
غۇزۇپ، ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدىكى ناچار ھا-
دىسىلەرنىڭ يىلتىزىنى قىرقىشنىڭ بەزىبىر
ئاساسلىرىنى ياراتقان ئىدىم. بۇ چاغدا ھى-
لىقى ھەسەن دىگەن ئوقۇغۇچىمۇ ياخشىلىنىپ
قالغان ئىدى. ئەمما بۇنىڭغا ئەگىشىپ بىر
پاسسىپ ئىللەتمۇ سۆرۈلۈپ كەلمەكتە ئىدى.
بۇنىڭ ئاساسى يەنە شۇ تارى بولۇپ، ئۇ-
نىڭ نە بىرەر كىتاۋى، نە بىرەر دەپتىرى
يوق ئىدى، قولىغا قەلەم ئېلىپ بىرەر ھەرپ
ياكى بىرەر سانىمۇ يېزىپ كۆرمەيتتى، ئۇنى-
تەل ئاستىدىن پۇتىنى چىقىرىپ، ئالدىدىكى-
لەرنى تېپىپ تەرتىپنى بۇزاتتى. مەن بەزى-
لەرنىڭ «ياخشى گەپ تاشنى ئېرىتىدۇ»
دىگەنلىگىنى ئاڭلىغانمەن. لېكىن تارىنى ئې-
رىتكىلى بولمىدى.

ئۇ، بىشەملىگى ئاقماي، باللار ئوتتۇ-
رىسىدىكى مۇشتۇمزورلۇق ھەيۋىسىنىڭ بارغان-
سېرى سۇنۇپ كېتىۋاتقانلىغىنى سەزگەندىن
كېيىن، دەرستىن چۈشكەندە يول لېۋىدە
ساقلاپ تۇرۇپ، ئۆزىدىن يۈز ئۆرىگەن ئا-
سىلارغا تەھدىت سالدىغان، قىزلارنىڭ كەي-
نىدىن ئىتتىغا ئوخشاش قاۋاپ قورقىتىدىغان
قىلىقلارنى چىقىرىۋاتىدى.

مەن ئۇنىڭ مومىسى بىلەن بىر قانچە
قېتىم ئۇچراشتىم. مومىسى زارلاپ:

— ئۇ بالا ئەمەس بېشىمغا بالا بولدى. ھەتتا
بىر چۆگۈن سۇ ئەكىرىپ بېرىشكىمۇ ئەسقاتمايدۇ،
بىر پۇتۇم كۆرگە ساڭگىلىغاندا بۇ نىمە كۆرگۈ-
لۈك! ئۇنى ئۆزلىرى ئوبدانىراق ئادەم قىلىپ
بەرسىلە، — دەيتتى.

«كۆتىرەلمىسەڭ ساڭگىلىتىۋال» دى-
گەندەك، شۇ كۈنلەردە كۈندىلىك خۇلاسە
چىقىرىش خىزمىتى تېخىمۇ چىڭ تۇتۇلغان
بولۇپ، ياخشى بولغان سىنىپقا ئايرۇپىلان سۆرى-
تى، ئوتتۇرا بولغان سىنىپقا كالا سۆرىتى، ناچار
بولغان سىنىپقا چىۋىن يەۋاتقان چار پاقىنىڭ
سۆرىتىنى تەقدىم قىلىش ئۇسۇلى يولغا قو-
يۇلغان ئىدى. كۆپ ھاللاردا ئايرۇپىلان
سۆرىتىنى 1 - سىنىپ، كالا سۆرىتىنى 2 -
سىنىپ ئالاتتى. چار پاقا بولسا، مۇقەررەر
ھالدا بىزنىڭ سىنىپقا تېگىشلىك بولۇپ چى-
قاتتى. ھەر كۈنى كەچلىگى پاقا بىزنىڭ
سىنىپ ئىشىگىگە ئېسىلغاندا، سىنىپىمىزدىكى
ئوقۇغۇچىلار غۇدۇرۇشۇپ، تارىنىڭ خوشنا
سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرىنى ئۇرۇپ ۋە نەرسە-
كېرەكلىرىنى ئالداپ ئېلىۋېلىپ، ئىنتىزام
نومۇرىنى كېمەيتىۋەتكەنلىگىدىن، دەرسكە
قاتنىشىش نىسبىتىنى چۈشۈرۈۋەتكەنلىگىدىن
داتلىشاتتى.

ئىككىنچى مەۋسۇمنىڭ ئاخىرقى ئىككى
ھەپتىسىدە پاقا ئارقا - ئارقىدىن بىزنىڭ
سىنىپقا تەگدى، بۇ كۈنى مەكتەپ ھويلى-
سىدا خۇلاسە يىغىنى ئېچىلدى. دىجۇرنى
بولۇپ خۇلاسە چىقىرىۋاتقان 1 - سىنىپنىڭ
مۇدىرى پاقىنىڭ يەنە بىزنىڭ سىنىپقا تە-
ئەللۇق بولغانلىغىنى ئېلان قىلىپ:

— بۇ پاقىنى سەمرىتىپ كاۋاپ قىل-

ماقچىمۇ سىلەر؟! — دىدى، — ئۇنىڭدىن كۆرە ئايرۇپىلان ئېلىپ، مەيدەڭلارنى كېرىپ يۈرسەڭلار بولمامدۇ؟

شۇندىن كېيىنلا باشقا سىنىپتىكى ئوقۇغۇچىلار تەنقىت چاۋاكلىرىنى ياغدۇرۇۋەتتى، مېنىڭ پۇت ـ قولۇم تىترەپ، ياقىنى قايسى يوسۇندا ئالىدىغانلىغىمنى بىلەلمەي قالدىم. چۈنكى تۈزۈم بويىچە، ھەر قانداق سۆرەتنى ئېلىش 3 ـ ھەپتىسىگە قەدەم قويغاندا سىنىپ مۇدىرى ئۆز قولى بىلەن ئېلىشى كېرەك ئىدى. قانداق قىلىش كېرەك؟ مەن ئاستا سىنىپىمدىكى ئوقۇغۇچىلارغا قارىدىم، ھەممىسى ئىزا تارتىپ بېشىنى ساڭگىلىتىۋالغان ئىدى. مېنىڭ كۆزۈم تۇيۇقسىز ئادىلنىڭ كۆزى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. ئۇ، مېنىڭ تەڭلىكتە قېلىۋاتقانلىغىمنى بىلىپ قاتاردىن چىقتى ـ دە، ياقىنى تاپشۇرۇۋالدى. مەن يەلكەمدىكى بىر ئېغىر يۈكتىن خالاس بولغاندەك يەڭگىللىشىپ، ئوقۇغۇچىلاردىن بۇرۇن سىنىپقا قايتىپ كەلدىم، كەينىمدىن يېتىپ كەلگەن ئوقۇغۇچىلار چۇقۇرۇشۇشقا باشلىدى:

— بۇ قومچاقنى تارىنىڭ بوينىغا ئېسىش كېرەك، ئەينەك سۇندۇرۇپ قاچمىغان بولسا، باشقا سىنىپلارنىڭ كەينىدە قالمايتتۇق!

— ئۇ، ئەينەك سۇندۇرۇۋېتىپتىمۇ؟ — مەن ئىتتىكلا بېشىمنى كۆتىرىپ ئوقۇغۇچىلاردىن سورىدىم.

— سۇندۇرۇۋەتتى مۇئەللىم، سۇندۇرۇۋەتتى، — دىدى ھەسەن پۈرۈشتۈرۈلگەن كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ، — چۈشلۈك دەم ئېلىشتا 2 ـ سىنىپنىڭ ئەينىكىنى رەگەتكە بىلەن سۇندۇرۇۋېتىپ قېچىپ كەتتى.

قولىغىم گۈررىدە قىلىپ، غەزىۋىم قايتىدىن قوزغالدى. ئۇ، بۈگۈن ئەتىگەندىن تارتىپ تولۇق دەرسكە قاتناشقان بولۇپ، ئۇنىڭ ئەينەك سۇندۇرۇپ قاچقانلىغىدىن ئەسلا خەۋىرىم يوق ئىدى. مەن بۈگۈن ياقىنى چۆرۈپ تاشلىۋېتىپ، ئايرۇپىلاننى تاپشۇرۇۋېلىشقا تولۇق تەييارلىق قىلىپ قويغان ئىدىم. مېنىڭ بۇ شىرىن خىيالىم كۆرۈككە ئايلىنىپتۇ ـ دە.

— ئادىل، — دىدىم مەن غەزەپ بىلەن، — مەن تارىنى تېپىپ كېلەي، سىز ئوقۇغۇچىلارغا قاراپ تۇرۇڭ، مەن كەلگەندىن كېيىن مەجلىس ئاچايلى.

مەكتەپ دەرۋازىسىدىن چىقىپ، ئۆستەڭدىكى كۆۋرۈككە كەلگىنىمدە، يوغان ھۆل كۆسەينى كۆتىرىپ كېلىۋاتقان پاسار ناۋاينى كۆرۈپ قالدىم. يۈزى دائىم ئىسلىشىپ تۇرىدىغان بۇ شاپ بۇرۇت ئادەمنى ئۇزۇندىن بۇيان ياخشى بىلەتتىم، خوتۇنى قازا تاپقاندىن كېيىن، بويتاق ئۆتۈۋاتقان بۇ ئادەم ئۆزى يالغۇز ناۋايچىلىق قىلاتتى، مانا ئۇ ھازىر تىنماي بىر كىمنى تىللاپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ، يېنىمغا كەلگەندىن كېيىن، ماڭا بىر ھومىيىپ قويۇپلا كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ، ئۇدۇل مەكتەپكە ماڭدى. مەن «بىرەر ئوقۇغۇچى ئۇنىڭ زىتىغا تەككەندىمۇ؟» دىگەن خىيالغا كېلىپ:

— ئۇستام، كىم سىلىنىڭ چىشلىرىغا تەگدى؟ — دەپ سورىدىم.

— تارى قوپال دىگەن ھارام تۇخۇم بارمۇ؟ — دىدى پاسار ناۋاي بىر كۆزىنى قىسىپ، — مەن ئۇنىڭ پۇت ـ قولىنى چېقىۋېتىمەن.

— ئۇ، ئۆزلىرى بىلەن ياخشى ئۇلپەت تۇرۇغلۇق نىمىشقا ئۇنىڭ پۇت ـ قولىنى چېقىۋېتىدىلا؟

— ئۇلپەت ئىمىش، تۈزۈك گەپ قىلسىلا، ئەپەندىم! ئۇلپەت بولسا مېنىڭ بىر تونۇر گىردەمنى كويدۇرۇۋېتەمتىمۇ؟ — دىدى

پاسار ناۋاي قولىدىكى كۆسەينى «دۆككىدە» يەرگە سانجىپ، — سىلە تەلىم ئۆگىنىتەلمىگەن بۇزۇقـقا، ئۆزەم ئۆگەتىكىلى كەلـىدىم. ئۇ مەكتەپتە بارمۇ؟!

ئاچچىغىمنى باسالماي تۇرغىنىمدا، غەزىۋىمگە يەنە بىر نەپرەت قېتىلىپ، تېنىمنىڭ جان - پانى قالمىدى. مەن چىشىمنى چىشىمغا بېسىپ پاسار ناۋاينىڭ ئالدىغا كەلدىم، ئۇ كەيپىياتىمىدىكى جىددىيلىكتىن سەل كەينىگە يېنىپ، قولىدىكى كۆسەينى يېنىچە ساڭگىلاتتى - دە، سۆزلەشكە تەمشەلدى.

— ئېنىقراق ئېيتىسلا، ئۇستام، — دىدىم مەن ئۇنىڭ دىمەكچى بولغان سۆزىنى تارتىۋېلىپ، — ئۇ گىردىنى قانداق كۆيدۈرۈۋېتىپتۇ؟

— ئۆزلىرى بىلىلا، ئەپەندىم، — دىدى پاسار ناۋاي سۆزىنى بىر ئاز يۇمشىتىپ، — ئەتە يەكشەنبە ئەمەسمۇ، مەن بازارلىق گىردە ياقىتان ئىدىم، زۇۋۇلنى تونۇرغا چاپلاي دەپ تۇرسام تارى قوپال ئاسماندىن چۈشكەندەك پەيدا بولدى. مەن ئۇنىڭ «ھەھۇ» دىيىشىپ بەرگەنلىگىگە بالدۇر خوشال بوپ كېتىپتىمەن، ناننى يېقىپمۇ بولدۇق، قارىسام، بېلىم ئاغرىپ كېتىۋاتىدۇ. گىردە خۇيدىن چىققىچە بىر ئاز چېكىملىك چېكىۋېلىپ ھاردۇغۇمنى چىقىرىۋالمايمۇ، دىگەننى ئويلاپ ئۆيگە كىردىم. تاماكىنى قولۇمغا ئالسام سەرەڭگە يوق، تارىنى سەرەڭگە ئەكىرىشكە بۇيرۇدۇم، بىلمەسلىكىم، ئۇ سەرەڭگىنى ئېلىپ كىرگەندىن كېيىن، بەكىرەك شورىۋېتىپ ئۇيقۇغا كېتىپتىمەن، بىردەمدىن كېيىن ئويغىنىپ چىقىپ قارىسام، تونۇردىكى گىردىلەرنىڭ ھەممىسى تۈۋىگە چۈشۈپ كۆيۈپ كېتىپتۇ، ئەسلى خۇيغا سالغان گىردە خېمىغا يانسا ياناتتىكى، كۆيۈپ كەتمەيتتى، «بۇ نىمە پىشكەلچىلىك» دەپ تونۇرغا قارىسام، دۇتىخانا ئوچۇق تۇرىدۇ. يۈرىگىم «قارت» قىلىپ ئىز - ئىزدەشكە كىرىشتىم، دۇتخانىنىڭ يېنىدا تارى قوپالنىڭ ئىزى تۇرىدۇ. يەنە ئوبدانىراق قارىۋىدىم، دۇتخانىنىڭ يېنىدا مەككە چامغۇرنىڭ شۆپەكلىرى تۇرىدۇ، — ئۇنىڭ يۈزى بارغانسېرى پۈرۈشۈپ، ھازىرلا يىغلايدىغاندەك كۆزلىرى چىمچىقلىشىپ كەتتى، — مەن ئۇنىڭ يۈرىگىنى ئوبدان مۇجۇپ قويمىسام دەردىم چىقمايدۇ، خۇدا ھەققى، مېنى توسىمىسىلا، — ئۇ ئوڭ قولىدا كۆسەينى مەھكەم سىقىمداپ مەكتەپكە بۇرۇلماقچى بولدى.

مەن ئاچچىق ئېچىنىش بىلەن ئۇنىڭغا دىدىم:

— ئۇستام، ئالدىرىمىسىلا، تارتقان زىيانلىرىغا كەلسەك ئۇنى تۆلەشكە بولىدۇ، ھىچبولمىغاندا، ئۆزەم تولەيمەن، لېكىن سىلە ئۇنىڭغا يامان ئىللەت يۇقتۇرغانلىقلىرىغا جاۋاپكار بولۇشلىرى كېرەك، بۇ ھەقتە يېزىلىق ھۆكۈمەتكە بىرىشقا توغرا كېلىدۇ.

— نىمە دىدىلە؟ مەن ئۇنىڭغا نىمە يۇقتۇرۇپتىمەن؟ — پاسار ناۋاينىڭ كۆزلىرى جامدەك ئېچىلىپ، قولىدىكى تاياق سىيرىلىپ چۈشتى، — بەزىدە تونۇرنىڭ كۆلىنى ئېلىپ، ئوت ياقىدۇ، مەنمۇ ھالىغا يارىشا ئۇنىڭ قوسىقىنى تويغۇزۇپ قويىمەن، شۇ.

— تاماكا تۇتاشتۇرغىلى سالىدىم، دەۋاتامىلا، ئۇ سىلىنىڭ ئۆيىدە داۋاملىق تاماكا چېكەمدۇ؟

— ھە ... شۇنداق دىدىمۇۋاي، مېنىڭ كەم ئەقىللىغىم...، — ئۇنىڭ كۆكسى توساتتىن كۆتىرىلىپ كەتتى، — بايا تاماكا چەككەنچەكمىگەنلىگىنى كۆرمىدىم، يالغان ئېيتسام، ئۇۋالىم بولسۇن.

— قايتىپ تۇرسىلا، كەچقۇرۇن ئۆيلىرىدىگە باراي، بولامدۇ؟

— بولىدۇ، پاسار ناۋاينىڭ قولى دەپ ئوبدان ساۋاپ قويسلا، ئىككىنچى ئۆيۈمگە يولىمسۇن.

پاسار ناۋاي بېشىنى ئىغاڭلاتقىنىچە كۆسەينى قولتۇغىغا قىسىپ ئۆيى تەرەپكە كەتتى. مەن ئۇچرىغانلىكى ئادەمدىن تارىنى سوراۋشتۇرۇپ، كەنتنىڭ چېتىدىكى توغراقلىققا كەلدىم. هايال ئۆتمەي توغراقلىقنىڭ ئۇ قېتىدىكى كونا تاملىقتىن چاڭ-توزاڭ كۆتىرىلىپ، تارىنىڭ كېلىۋاتقانلىقى مەلۇم بولدى، مەن ئۆزەمنى ئاشكارا قىلماي سۇ پىچىۋەتكەن يارنىڭ ئىچىدە كۈتۈپ تۇردۇم. ئۈچ بالا بىردىن ئېشەككە مىنىۋالغان ئىدى. ئۇلارنىڭ بىرسى تارى بولۇپ، چار ئاغامچىنىڭ بىر ئۇچى بىلەن يۇگەن سېلىنغان بوغاز ئېشەكنى چاپتۇرۇپ كېلىۋاتاتتى، ئۇدۇلۇمغا كەلگەندە يولنىڭ ئوتتۇرىسىغا چىقىپ كەسكىنلىك بىلەن ۋاقىردىم:

— توختا!

ئۇ مېنى كۆرۈپ خۇدۇكسىندى-يۇ، ياسىما كۈلكە بىلەن ھىجىيىپ ئېشەكنى دىۋەتتى:

— خىت... خىت، ھەيدىگەن باللا.

مەن ئاغامچىنىڭ سۆرۈلۈپ قالغان بىر ئۇچىغا غاچ قىلىپ دەسسىۋىدىم، ئېشەك سەنتۈرۈلۈپ تارى موللاق ئاتتى. شۇ زامات تارىنىڭ بەلۋىغىدىن تارتىپلا تۇرغۇزدۇم:

— بۇ يەردە نىمە ئىش قىلىسەن؟

— ئو... ئو... ئوغلاق....

— ساڭا بېرىلگەن مەكتەپ تەربىيىسىدە ئوغلاق ئويناش بارمىدى، بولۇپمۇ بۇ قانداق ئوغلاق؟

ئۇ سوئالىمغا جاۋاپ بېرىش ئورنىغا كەينىمدىكى مەن تونۇمايدىغان ئىككى بالىغا ئوغۇرلىقچە قارىدى، مەن ئۇنىڭ گېپىمنى بىر پۇلغىمۇ ئالمىغانلىقىغا چىدىماستىن، قولىدىكى ئاغامچىنى سىلكىپ تارتىۋەتتىم:

— رۇس تۇر، ئەتىدىن بېرى نىمە ئىشلارنى قىلدىڭ؟

— مۇئەللىم، مەن دەي، — دىدى كەينىمدە تۇرغان ئىككى بالىنىڭ بىرى قورۇنۇش ئالامىتى بىلەن، — بىز چاشخۇر تېرىيدىغان يەرگە ئوغۇت توشۇۋاتقان ئىدۇق. تارى پاسار ناۋاينىڭ ئاۋۇ ئېگىزلىكتا باغلاپ قويغان بوغاز ئېشىگىنى يېشىپ كېلىپ ئوغلاق ئوينايلى، دەپ تۇرۇۋالدى، ئۇنىمساق قورقۇتتى. ماۋۇ ئىككى ئېشەك ئۆزىمىزنىڭ، ئاۋۇ پاسار ناۋاينىڭ.

يەنە كېلىپ شۇ پاسار ناۋاينىڭ! كۆزلىرىمگە بىردىنلا قاراڭغۇلۇق تىقىلىپ، بېشىم پىقىراپ ئايلانغاندەك بولدى. نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئىچىمنى قاينىتىپ كەلگەن خورلۇقتا بۇگۈنكى غەزەپ قوشۇلۇپ، ئۆزەمنى تۇتالماي قالدىم. ئىختىيارسىز ھالدا تارىنى ياقىسىدىن بوغۇپ تارتتىم-دە، ئاغامچىنى ئىككى قاتلاپ ئىگىز كۆتەردىم. ئۇنىڭ ئالاقجالاق بولۇپ كەتكەن كۆزلىرى ماڭا تاشلىنىپ قالدى. «مەن نىمە قىلىۋاتىمەن؟ — دەپ ئويلىدۇم، — ئۆمرۈمدە مۇشۇكنىمۇ ئۇرۇپ باققىنىم يوق، يېڭى سىياسەتنىڭ ئىجراچىسى بولۇپ كەلگىنىم ئۆزەمگە ئايان. شۇنداق تۇرۇغلۇق يەنە باللارنى ئۇرۇمەنمۇ؟ بولىدىلا، بەشتوغراقتىكى خىزمىتىم مۇشۇ يەرگىچە بولسۇن.» مەن ئاشۇنداق خىيال بىلەن تارىنىڭ ياقىسىنى قويىۋەتتىم-دە، ئاستا كەينىمگە يېنىپ دۇدۇقلىغىنىمچە دىدىم:

— خوش، تارى، ئەمدى سەن مېنى باتۇر مۇڭگۈزلۈك بىلەن ئۇسۇپ قاچۇرغانلىقىڭغا پەخىرلەن، مەن سېنىڭ ياخشى ئادەم بولۇشىڭنى تىلەيتتىم، قىلغان قوپاللىقىمنى كەچۈر!

قولۇمدىن بوشانغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ

تۇرقى-ھالىتىدە يا ئۆكۈنۈش يا ھەيرانلىققا ئوخشايدىغان ھېچقانداق ئالامەت شەكىللەنمىدى. ئۇ، ئېرىراق باردى-دە، خۇددى قاپقاندىن ئاجرىغان كىيىكتەك تۆۋەنكى يارلىققا يۈگۈردى.

«ئىخ ئادىل، سۆيۈملۈك ساۋاقداشلار! مەن كېتىمەن، ھازىر مۇشۇ يەردىنلا كېتىمەن.»

مەن دۈپۈلدەۋاتقان يۈرىكىمنى بېسىپ، خىرەلەشكەن كۆزلىرىم بىلەن مەكتەپكە قارىدىم. مەن بۇ يەردە ئەلا سورتلۇق كۆچەتلەرنى يېتىشتۈرۈپ چىقماقچى ئىدىم. يىراق يولدا توغرا ياتقان كېلەڭسىز توغراق پۇتۇمغا پۇتلىشىپ، ھالىمنى قويمىدى، مەن مەقسىتىمگە يېتەلمەي بۇ يېزا بىلەن خوشلاشتىم.

3

سالى ئەپەندى ھېكايىنى تۈگەتكەندە، ھەببە چوڭ ئېچىلغان كۆزلىرىنى بوۋىسىغا تىكىپ دىققەت بىلەن ئولتۇراتتى. ئەتراپىنى چۆرىدىۋالغانلارمۇ «ھېكايىنىڭ ئاخىرى قانداق ئىكەن؟» دېگەندەك تىنىقلىرىنى پەسلىتىپ جىمجىت ئولتۇرۇشاتتى.

ھەببە ئىككى قولى بىلەن بوۋىسىنىڭ دولىسىغا يېپىشىپ سورىدى:

— سۆزلىگەنلىرىڭىزنىڭ ھەممىسى راستمۇ، بوۋا؟

— راست، قىزىم، ھەممىسى راست، — دېدى سالى ئەپەندى نەۋرىسىنىڭ بېشىنى سىلاپ، — تارى قوپال دېگەن بايىقى كىشى، شۇ.

ئالدىنقى ئورۇندۇقتىكى ياش بالا ئۇنىڭ سۆزىگە ئۇلاپلا سورىدى:

— ئۆزلىرى ھازىرمۇ ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتامىلا؟

— ياق، يېقىندىن بېرى سانائەت ئىدارىسىدا ئىشلەۋاتىمەن. ئىشچىلاردىن ئېلىنىدىغان ئىمتىھان خىزمىتىگە مەسئۇل بولۇپ كەلدىم.

ئارقىدا ئولتۇرغان ئوتتۇرا ياشلىق ئادەم سۆز قىستۇردى:

— بۇ نۆۋەت تارىنى راسا بىر تاسقاپ، ئۆتكەمدىن ئۆتكۈزۈدىكەنلا-دە.

— مېنىڭ كۆزلىگىنىم ئۇ ئەمەس، زامانىڭ تەلىۋى، تۇرمۇش ساۋىقى ئۇنى تامامەن يېڭى يولغا باشلاپ كىرىپتۇ. ئۇنىڭغا ھازىر ئەڭ زۆرۈر بولىۋاتقىنى ئۆگىنىش. مەن ئۈزۈلگەن مۇناسىۋەتنى قايتا ئۇلاپ، شۇ ۋاقىتتا بوش كەتكەن دەرسنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇپ بېرىشنى ئويلاۋاتىمەن.

ئاقساقاللىق بوۋاي دەرھال ئوڭ قولىنىڭ باشمالتىقىنى چىقىرىپ ماختىدى:

— ئەپەندىم، قوساقلىرى دەريادەك كەڭ ئىكەن جۇمۇ، كادىر دېگەن سىلىدەك بولسۇن، ياشاپ كەتسىلە!

ئۇلار سۆھبەت بىلەن بولۇپ كېتىپ، ئاپتوبۇزنىڭ بېكەتكە كېلىپ توختىغانلىقىنى بىلمەي قېلىشتى. بېكەت ئىچىدە كۈتۈپ تۇرغانلار تونۇش قىياپەتلەرنى ئىزلەپ قەدەممۇ-قەدەم يېقىنلاپ كەلمەكتە ئىدى. ھەببەنىڭ كۆزى ھەممىنىڭ ئالدىدا كېلىۋاتقان قارا پەلتۇ كىيگەن يالاڭباش ئادەم بىلەن ئاق دىچۆلياڭ كۆينەك كىيىۋالغان چىمەن دوپپىلىق ئادەمگە چۈشكەندە، بوينىنى دەرىزىدىن ئىتتىك قايرىپ بوۋىسىنىڭ يېڭىدىن تارتتى:

— بوۋا، ئاۋۇ ئىككى تاغام بىزنىڭ ئەينەك جاھازىمىزدىكى سۈرەتكە ئوخشايدىكەنغۇ؟

(ئاخىرى 102-بەتتە)

# مراس

(هكايه)

توختاجى روزى

— ھاشىم بوۋاي ئاغرىپ قاپتۇ!...

بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان يۇرتداشلار ھاك-تاك بولۇشتى، ساراسىمىگە چۈشۈشتى ۋە شۇ ھامانلا بوۋاينى يوقلاپ كېلىشكە ئالدىراشتى...

ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغان ھاشىم بوۋاي ئۆزىنى يوقلاپ ئاش-تاماق ئېلىپ كەلگەن يۇرتداشلىرىغا رەھمەت ئېيتاتتى، ئۇلارغا چاقچاق ئارىلاش قىزىق گەپلەرنى نىلاتتى:

— مانا، مانا، سىلەر مېنى سۆككەن قوساق، مىس كانىاي، دەپ ئويلايدىكەنسىلەر-دە!... مېنىڭدە، ئۆھۆ...، — ئۇ، يۆتىلىپ كېتىپ بىر ئاز توختىۋالدى، — ھاسىل كالام، ئادەتتىكى بىرلا قوساق. بار، بىرلا...

— بوۋا، بۇ شوۋا گۈرۈچنى يېگىلى پىشۇرۇپ، ئىسسىق ئېلىپ كەلدىم، ئىنىكى قوشۇق بولسىمۇ تەمىنى تېتىپ باقسىلا، — دېدى ياشقىنا چوكان قولىدىكى قاچا بار ياغلىقنى ئالدىراپ يېشىۋېتىپ.

ئارقىدىن يېشى چوڭراق بىر ئايال ھورى چىقىپ تۇرغان قاچىنى ھاشىم بوۋايغا يېقىن ئەكەلدى:

— بالىلارنىڭ دادىسى يېڭى سويۇلغان قوينىڭ گۆشىدىن تېپىپ كەلگەنىكەن، ئۇششاق قىيما قىلىپ، ئۈگرە ئەتكەن ئىدىم. ئىسسىقىدا ئىچىۋالسىلا.

— مانا، مانا، مەن ھازىرلا، بىرلا قوسقىم بار، دىمىدىممۇ؟ — دېدى بوۋاي كۈلۈمسىرەپ، ئۇنىڭ چوڭقۇر ئولتۇرۇشقان كۆزلىرىدە نۇر چاقناپ، لەۋلىرى تىترەپ كەتتى. ئۇنىڭ شۇ تاپتىكى قاراشلىرىدىن ۋە تاتارغان چىرايىدىكى ئۆزگىرىشلەردىن ھاياجانلانغانلىقىنى بىلىنىپ تۇراتتى. مانا، يۇرت دېگەن يۇرتتە!... ئۇ ئۆزىنى قانداقمۇ يالغۇز، ئۇرۇق-تۇققىنى يوق ئادەم، دېيەلىسۇن!؟ تۈنۈگۈن چۈشتىن بۇيان ئارقا-ئارقىدىن كېلىپ يوقلاۋاتقان كىشىلەرنىڭ قايسى بىرى ئۇرۇق-تۇققاندىن كەم!؟...

— مانا، سىلەر بار، مەن خاتىرجەم، رەھمەت!...، — دېدى ئۇ ئاستا ئاۋاز بىلەن، ئۈزۈپ-ئۈزۈپ سۆزلەپ. ئەتراپتا تۇرغانلار بوۋاينىڭ كۆڭلىنى چۈشەنگەندەك ئۈن-تىنسىز

باشلىرىنى ئېغىتىشتى.

ــ ھاشىمكا، بىز سېنى ئۆزى، ئەتە
دوختۇرغا ئېلىپ چىقايلى، ــ دېدى ساقاللىق
بىر دېخان ئېغىز ئېچىپ، ــ بۈگۈنچە، بىرەر-
سىمىز ساڭا ھەمرا بولۇپ ياتساق، قانداق
دەيسەن؟...

ــ بوۋايدىن خاتىرجەم بولۇڭلار، بىز
قارايمىز!

ھەممەيلەن بۇرۇلۇپ قاراپ، ئىشىك
تۈۋىدە تۇرغان مەھەللىدىكى مەكتەپنىڭ
مۇدىرى بىلەن يەنە ئىككى ئوقۇتقۇچىنى
كۆردى.

ــ تۇققانلار، بوۋايدىن خاتىرجەم بولۇڭ-
لار، ــ مۇدىر كۈلۈمسىرەپ سۆزىنى تەكرار-
لىدى ۋە ئاستا كارۋاتنىڭ يېنىغا كەلدى، ــ
دوختۇر چاقىرىشقا ئادەم كەتكەن، بىردەم-
گىچە كېلىپمۇ قالار، كېچىدە بولسا، مانا بۇ
مۇئەللىملەر ھەمرا بولىدۇ.

كەنتتىكىلەرنىڭ ھەممىسى مەكتەپ بىلەن
بوۋاينىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشى چۈشىنەتتى.
بوۋاي ئەزەلدىن بالىلارنى ياخشى كۆرەتتى.
ئۇلارغا كۆيۈنەتتى، ياخشى ئوقۇش، ئەخلاق-
لىق ئادەم بولۇش ھەققىدە تەربىيە بېرەتتى.
ئۇ دائىم ئۆزىنىڭ كىچىك-كىنە بېغىدىكى
پۈتۈن كەنتتە داڭلىق بولغان كۆك ئامۇتلار-
نىمۇ بالىلار ئۈچۈنلا پەرۋىش قىلاتتى.

ــ بوۋا، سىزمۇ باشقىلاردەك ئاز-تولا
ئوقەت قىلسىڭىز بولمامدۇ؟ ــ دەيتتى بەزى
كىشىلەر، شاخلارنى ئېگىپ ساڭگىلاپ تۇرغان
يوغان-يوغان كۆك ئامۇتلارغا ھەۋەس بىلەن
قارىشىپ.

ــ ئوقەت؟!... بالىلارنىڭ رىزقىنى سېتىپ-
ما؟...، ــ دەيتتى ھاشىم بوۋاي مىيىغىدا
كۈلۈپ قويۇپ، ئاندىن مەنىلىك قىلىپ قوشۇپ
قوياتتى، ــ مەنمۇ بالىلارغا ئاز-تولا بىر
نەمە بېرىشىم كېرەك-تە!...

كەچقۇرۇنلىرى توپ-توپ بالىلار
ئۇنىڭ ئۆيىگە ياكى ئىشىكى ئالدىغا يىغىلىپ،
بوۋايدىن قىزىق-قىزىق ھېكايىلارنى، چۆچەك-
لەرنى تىڭشايتتى.. بالىلارمۇ ئۇنىڭغا قوللىرى-
دىن كېلىشىچە ياخشىلىق قىلىشقا، ياردەملى-
شىشكە تىرىشاتتى. ئوقۇتقۇچىلىرىنىمۇ
بويرۇنمايدىغان بەزى كەپسىز بالىلارمۇ بۇ
مۇلايىم بوۋاينىڭ ئالدىدا كەپسىزلىك قىلىش-
تىن ھېيىقاتتى.

بۈگۈن ئەنە شۇ بالىلارنىڭ ئۇستازلىرى
«بوۋايغا بىز قارايمىز» دەپ ئىگىدارچىلىق
قىلىشىۋاتسا، يۇرتداشلار قانداقمۇ خاتىرجەم
بولمىسۇن؟... كىشىلەر بوۋايغا ياخشى تىلەك-
لىرىنى ئېيتىشىپ تارقاشتى. كەچتە گوڭشې
دوختۇرخانىسىنىڭ بىر دوختۇرى كېلىپ ھاشىم
بوۋاينى تەپسىلى تەكشۈردى، ئۇنىڭ تاپشۇرۇغى
بىلەن بوۋاي ئەتىسى ناھىيىلىك دوختۇرخانىغا
ئەۋەتىلدى. ئۇ، دوختۇرخانىدا ساق بىر ئاي
ياتتى. ئۇنى ئۆيىگە قايتۇرۇپ چىقىشتىن بىرھەپتە
ئىلگىرى كەنتتىكىلەر ئۇنىڭ قانداق كېسەلگە
گىرىپتار بولغانلىقىدىن خەۋەر تېپىشتى:

ــ ھاشىم بوۋاي ئېغىر جىگەر كېسىلى
ئىكەن!...

ــ ئۇنىڭ كېسىلى ئاخىرقى باسقۇچقا
يېتىپ قاپتىكەن....

كىشىلەر چوڭقۇر ئېچىنىش ئىچىدە بۇ
خەۋەرنى بىر بىرىگە پىچىرلاپ ئېيتىشاتتى.

×

ــ ئوغلۇم سەمى، سېنىڭسىزمۇ بۇلار ئۆي-
نىڭ ئىشلىرىغا يېتىشەلەيدۇ، سەن بىزنىڭكىگە
بېرىپ بىر ئاز ئارام ئېلىۋالغىن، ــ دېدى
ئەترەت باشلىقى بوۋاينىڭ ئۆيىنى راسلاۋات-
قان كىشىلەر ئارىسىدىكى ئىگىز بويلۇق يىگىتكە
قاراپ، ــ بىرقانچە كۈندىن بۇيان ئۇيقىسىز
قالدىڭ....

ــ سىز مېڭىۋېرىڭ، ــ دېدى سەمى
ئۇنىڭغا بۇرۇلۇپ قاراپ قويۇپ، ــ مەن بۇ يەر-

دىكى ئىشلارنى تۈگىتىپلا سىزنىڭكىگە بارىمەن.

ئەترەت باشلىقى يىگىتكە يەنە بىر دەم قاراپ تۇردى. ھەر دائىم خۇشچاقچاق يۈرىدىغان بۇ يىگىت شۇ كۈنلەردە بەكمۇ جىمغۇر ۋە غەمكىن بولۇپ كەتكەن ئىدى. بۇنداق بولۇشىنىڭ سەۋەبىنى ئەترەت باشلىقى ياخشى چۈشىنەتتى. ئاتا-ئانىسىدىن كىچىكىدىنلا يېتىم قېلىپ «داپ داراڭلىغان، ئىشەك ھاڭرىغان» يەرلەردە تەنتىرەپ يۈرگەن بۇ يىگىتنى ھاشىم بوۋاي ئۆيىگە ئېلىپ كېلىپ چىرايلىق گەپلەر بىلەن مەكتەپكە كىرىشكە كۆندۈرگەن. كېيىنچە ئۇ، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەربىيىسىدە ئۆسۈپ يېتىلىپ، ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈردى-دە، ئۆز ناھىيىسىگە تەقسىم قىلىنىپ، دېھقانچىلىق ئىدارىسىدا ئىشلەشكە باشلىدى، ئارىدىن ئون نەچچە يىل ئۆتتى. 3 - 4 يىلدىن بۇيان ئۇ ئۆز كەنتىگە كېلىپ، دېھقانلارنىڭ ئىلمىي تېرىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشىغا باشلامچىلىق قىلىۋاتاتتى. راستىنى ئېيتقاندا، ھاشىم بوۋايدەك بىر قارا تۇرۇك كەمبەغەل دېھقاننىڭ خېلىلا بېيىپ قېلىشىغا سەۋەبچى بولغان يىگىت مۇشۇ ئەمەسمۇ؟

ھاشىم بوۋاي دوختۇردىن قايتىپ چىقماقچى. دوختۇرلار «بوۋاينىڭ كېسىلى ئاخىرقى باسقۇچقا يەتكەن، ئەمدى... ئېلىپ چىقىپ كەتسەڭلەرمۇ بولىدۇ...» دېگەن، شۇڭا سەمى ۋە يەنە بىر قانچە كىشى ئۇنىڭ ئۆيىنى يىغىشتۇرۇۋاتاتتى.

ئەترەت باشلىقى سەمىگە يەنە بىر قېتىم قاراپ قويۇپ سىرتقا ماڭدى. ئۇ كەنتتىكىلەرنى ئاگاھلاندۇرۇپ قويۇشى، ئەتە بوۋاينى ئېلىپ چىققاندا، ھېچكىم ئۇنىڭ كېسىلى ھەققىدە سۆزلەپ چاندۇرۇپ قويماسلىقى لازىم. شۇنداق بولغاندا بەلكىم، بوۋاينىڭ ئۆمرى بىرقانچە كۈن بولسىمۇ كۆپرەك بولار.

كەنت يولىدا ئاستا كېتىۋاتقان ئەترەت باشلىقىنىڭ خىيالى ھامان ھاشىم بوۋايدا ئىدى.

مەھسۇلاتنى ئائىلىلەرگىچە كۆتىرە بېرىش تۈزۈمى يولغا قويۇلغان كۈنلەردە، ھاشىم بوۋايغا 4 مو تېرىلغۇ يەر ئاجرىتىپ بېرىلدى. ئەپسۇس، تېرىقچىلىقتا چۈشۈشتىن ئون كۈنلەرچە ئىلگىرى، ئۇنىڭغا ئۆمۈر بويى سادىق ھەمرا بولۇپ كەلگەن موماي قازا قىلىپ كەتتى. بوۋاي مومىيى ئۈچۈن قايغۇردى، لېكىن كەتكەننىڭ كەينىدىن كەتكىلى بولمىدى. بوۋاي ئۆزىگە ئاجرىتىپ بېرىلگەن ئېتىزلىقتا ئىشلەشكە چىقتى.

شۇ كۈندىن باشلاپ، بوۋاي، يېڭىنى شىمايلاپ ئىشقا كىرىشتى.

ئۇ، كەنتنىڭ ئايىغىدىكى بىنامىدىن ئېلىپ كېلىپ، بىرقانچە گوداڭلارغا كۆمگەن كۆك يانتاقنىڭ ئۈستىگە ئېرىنمەي، پات-پات سۇ قۇيۇپ بەردى. قىشچە يىغقان مال ئوغۇتلىرىنى مۇۋاپىق توپا بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ، ئۇنىڭغىمۇ سۇ سېپىپ تۇردى. ئەتىگەن ۋە كەچلىرى ئىشىكى ئالدىدىكى ئېرىقنىڭ قۇملىرىنى چىقىرىپ، ئېتىزغا كېرەكلىك قۇملارنى تەييارلىدى، ئېتىز قىرلىرىنى ۋە ئېرىقلارنى راسلىدى.... شۇ چاغدا سەمى كېلىپ ئۇنىڭ ئىشىغا قول تىقتى: ئۇ، تۇپراقچىلىق قانۇنىيىتى، نەملىكنى ساقلاش، يەردىكى مىنېرالنى ماددىلار، سۇغىرىش ئۇسۇللىرى، يەرنى چۆنەكلەپ تېرىش، ئۇرۇقنى ئوغۇت بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ تېرىش، قاشقا بىسە، خىمىيىۋى ئوغۇت... قاتارلىقلار ئۈستىدە بوۋايغا ئىنچىكىلەپ چۈشەندۈرۈشكە كىرىشتى، بوۋاي ئۇنىڭ كۆپ سۆزلىرىنى چۈشەنمىسىمۇ، پەقەت بىرلا سۆزنى: «مەھسۇلاتنى كۆپ ئېلىش ئۈچۈن ئىلمىي تېرىقچىلىق قىلىش

كېرەك» دېگەنىنىلا مېڭىسىگە ئالالىدى.
ئۇ، سەمىگە ئىشىنەتتى. لېكىن ئۇ «نىمە
ئۈچۈن ئەترەتتىكى باشقا كىشىلەر سەمىنىڭ
دېگىنى بويىچە ئىشلەشكە جۈرئەت قىلمايدۇ؟»
دېگەن بىر سوئالغىلا جاۋاپ تاپالماي قىي-
نىلاتتى. ئاخىر، ئۇ بۇ سوئالنى سەمىنىڭ
ئۆزىگە ئېيتتى.

— كىشىلەر ھىلىقى بىر يىللاردىكى
«ئۇ يەرنىڭ ئۇسۇلى، بۇ يەرنىڭ تەجرىبە-
سى» دېگەندەك قارىغۇلارچە «تىكىپ-سۆ-
كۈپ» يۈرىدىغان ئاۋارىچىلىقلارنىڭ دەر-
دىنى كۆپ تارتقان، — دېدى سەمى چۈ-
شەندۈرۈپ، — شۇڭا ھازىرلا ئالدىراپ بىز-
نىڭ گېپىمىزگە ئىشىنىپ كەتمەيدۇ، بىز بەزى
ئەترەتلەردە تەجرىبە ئېتىزلىرى تەييارلىدۇق.
كىشىلەرنى ئەمىلىيەت ئارقىلىق قايىل قىلى-
شىمىز لازىم....

— ئۇنداقتا مەن؟...

— ئىككىمىز توختامنامە تۈزەيمىز، زىيان
چىقسا مەن تۆلەيمەن، پايدا چىقسا...، —
سەمى بىر ئاز توختىۋېلىپ، چاقچاق قىلىپ قوشۇپ
قويدى، — ئىككىمىز تەڭ كۆرىمىز...

سەمى ئاخىرى بوۋاينى كۆندۈردى.
ئۇ، سەمىنىڭ مەسلىھىتى بويىچە تەجرىبە ئۈ-
چۈن ئېلىپ كېلىنگەن يازغى بۇغدايىنىڭ
يېڭى سورتلۇق ئۇرۇغىدىن 8 مو يەرگە
يەتكۈدەك سېتىۋالدى. مەكتەپ بالىلىرى
دەرستىن سىرتقى ۋاقىتلاردا ئۇنىڭ قۇم
ئوغۇتلىرىنى ئېتىزلىققا يۆتكىشىپ بەردى،
بىرقانچە ياش ئوقۇتقۇچىلار نۆۋەتلىشىپ
كېلىپ، يەرنى ئاغدۇرۇش، تېرىش ئىشلىرىغا
ياردەملەشتى. قىسقىسى، يەرنى ئوسا قىلىش،
ئاغدۇرۇش، تېرىشنىڭ ھەممىسى سەمىنىڭ ئېيتقى-
نى بويىچە ئورۇنلاندى. بوۋاي يەنىلا سەمىنىڭ
مەسلىھىتىنى ئېلىپ، 4 مو يەرگە ھەر خىل
مايلىق زىرائەتلەرنى تېرىدى.

خامانلار تېپىلىپ، ئالتۇندەك يالتىراپ
تۇرغان دانە-دانە بۇغدايلار ئىككى يەرگە ئىگىز
چەش قىلىپ دۆۋىلەنگەندە، كەنتتىكىلەرلا
ئەمەس، بوۋاينىڭ ئۆزىمۇ ئۆز كۆزلىرىگە ئى-
شىنەلمەي قالدى. كۈزدە سەمى بىلەن دۈي-
جاڭ بوۋاينىڭ بۇغداي ۋە مايلىق زىرائەت-
لىرىدىن كىرگەن ساپ كىرىمىنى ھېساپلاپ،
ئۇنىڭ قولىغا بىر يېرىم مىڭ يۈەن پۇلنى
تاپشۇردى.

— مانا ئوغلۇم، توختامنامىمىز بويىچە
سەندىمۇ ئۆز ئۈلۈشۈڭنى ئالغىن! — دېدى بو-
ۋاي پۇلنىڭ يېرىمىنى سەمىگە تەڭلەپ.

— مەن ئۆز ئۈلۈشۈمنى ئالغانغا ھې-
ساپ، — دېدى سەمى كۈلۈپ، — سىزنىڭ ئە-
مىلىيەتنىڭىزنى كۆرۈپ يەنە قىرىق ئائىلە
مەن بىلەن ئالدىمىزدىكى يىل ئۈچۈن توخ-
تامنامە تۈزدى، ماڭا مۇشۇنىڭ ئۆزىمۇ چوڭ
مۇكاپات....

ئىككىنچى يىلى بوۋاي تېخىمۇ يۇقۇرى
مەھسۇلات ئېلىپ كەنتتىكىلەرنىڭ يۈ-
رىكىگە ئوت سالدى. ئۈچىنچى يىلىغا كەل-
گەندە، مول ھوسۇلدىن كەلگەن دارامەتلەرگە
بىنەم ئېچىپ قويغان بىرقانچە مىڭ تۈپ
كۆچەتنىڭ پۇلى قوشۇلۇپ، ئۆزىنىڭ بانكى-
دىكى پۇلى ساق 10 مىڭ يۈەنگە يەتتى.

— مانا، مانا ساڭا قايىلمەن، بىز ھەممىمىز
قانداقتۇ قۇرۇق گەپلەرگە ئەمەس، سەن
ئېيتقاندەك، ھە، ھاسىل كالام. ئىلىم-پەنگە
ئىشەنسەڭ بولىدىكەن، — دېدى بوۋاي خۇ-
شاللىق بىلەن سەمىنىڭ دولىسىغا ئۇرۇپ.

ئەپسۇس، مانا ئەمدى ئاشۇ بوۋاي
ئاخىرقى كۈنلىرىنى ئۆتكۈزمەكتە. ئۇنىڭ زى-
رائەتلىرى بۇ يىلمۇ ئاجايىپ ئوخشىغان
ئىدى ئەمەسمۇ؟... ھەي بەلەك، ساڭا نىمەمۇ
دېيىش مۇمكىن!؟...

ئەترەت باشلىقى خىيال بىلەن ئۆز
ئۆيىگە كېلىپ قالغىنىنىمۇ سەزمەي قالدى.

×

بوۋاينى ئۆيگە قايتۇرۇپ چىققانغا 15 كۈن بولۇپ قالدى. ھەر كۈنكىگە ئوخشاشلا، ئۇنى يوقلاشقا ماڭغان ئەترەت باشلىقى بىلەن سەمىگە يولدا مەكتەپ مۇدىرى ئۇچرىدى.

— ھاشىم بوۋاينىڭ ئۆيىدە ئۈچ مېھمان ئولتۇرىدۇ، — دېدى مۇدىر قانداقتۇ بىر يېڭىلىقنى ئېيتىشقا ئالدىرىغاندەك ئىتتىك سۆزلەپ، — ئۇلار: «بىز ھاشىم تاغامنىڭ تۇققانلىرى، بىز ئۇنىڭغا ئىگىدارچىلىق قىلغىلى كەلدۇق» دېيىشىۋاتىدۇ.

— تۇققانلىرى؟! — سەمى ھەيران بولۇپ ئەترەت باشلىقىغا قارىدى، — بىز ئەجەپ مۇشۇ كەمگىچە ئاڭلاپ باقمىپتىكەنمىزغۇ؟

ئەترەت باشلىقى نېمىنىدۇر ئېسىگە ئالماقچى بولغاندەك قاشلىرىنى تۈرۈپ، بىر ھازا جىم تۇرغاندىن كېيىن، مۇدىردىن سورىدى:

— ئۇلار قايسى يۇرتتىن كەپتۇ؟

— تۈگمەن بېشىدىن كەپتۇ.

— ھە!... ئەترەت باشلىقى بېشىنى ئىغىتىپ كۈلدى، — بوۋاينىڭ بۇ «تۇققانلىرى»نى مەن بىلىدىغاندەك تۇرىمەن. ھاشىم بوۋاينىڭ تۈگمەن بېشى كەنتىدە ئاتا بىر، ئانا باشقا بىر ئىنىسى بولىدىغان، ئۆز ۋاقتىدا ئاتىسى قازا قىلغاندا، ئۆگەي ئانا 12 ياشقىچە تېرىشمىغان بىچارە ھاشىمنى قوغلىۋېتىپ، ئۆيدىكى بارلىق بىساتىنى ئېلىپ كەتكەن. ئاردىن ئون نەچچە يىل ئۆتكەندە ئۆگەي ئانىمۇ ئۆلگەن، ھاشىم يەنە ئادەمگەرچىلىك قىلىپ ئۇۋاۋم پەتىسگە بارغان، ئۇنىڭ بەختىگە، ئىنچى يامان ئىنىسى ئۇنى ئۆيىگىمۇ كىرگۈزمىگەن. شۇنىڭدىن كېيىنكى 50 يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە ئۇلار بىر-بىرىنى زادىلا ئىزلەشمەي ياتلىشىپ كەتكەن. بەلكىم، بۇ «تۇققانلار» ھاشىم بوۋاينىڭ ئاشۇ ئىنىسىنىڭ بالا - ۋاقىلىرى بولسا كېرەك....

— ئۇنداقتا، چۈشىنىشلىك! — دېدى مۇدىر تەنە بىلەن كۈلۈپ.

— قېنى، قالغىنىنى بارغاندا بىلەمىز، — دېدى ئەترەت باشلىقىمۇ كۈلۈپ، ئۇلار ھاشىم بوۋاينىڭ ھويلىسىغا كىرگەندە «تۇققانلار» باغ ئىچىدە تېمىسقىلاپ يۈرۈشەتتى. ئۆيدە سەمىنىڭ ئايالى ۋە يەنە ئىككى پىئونېر بوۋايغا قاراپ ئولتۇرۇشاتتى. ئورۇقلاپ يۈزلىرىمۇ كىچىككىنە بولۇپ قالغان بوۋاي، ئۇخلاۋاتقاندەك، كۆزلىرىنى يۇمۇپ ياتاتتى، لېكىن ئۇ ئۆيگە ئادەم كىرگىنىنى سېزىپ ئىتتىك كۆزىنى ئاچتى.

— ھاشىمكا، قانداقراق تۇرىسەن؟ — ئەترەت باشلىقى ئۇنىڭغا ئېگىلىپ قاراپ ئاستا سورىدى.

— شۈكرى! — دېدى بوۋاي ۋە كىرگۈچىلەرگە بىر - بىرلەپ قاراپ قويۇپ، تەنە ئارىلاش كۈلدى، — «تۇققانلار»نى كۆردۈڭلارمۇ؟ مانا، ئەمدى ماڭا ئىگىدارچىلىق قىلغۇسى كېلىپ قاپتۇ، ھىم!...

بوۋاي سۆزىنى توختىتىۋالدى. «تۇققانلار» ئىككى چوكان ۋە بىر يىگىت ئۆيگە كىرىپ كەلدى. ئۆيدىكىلەر ئۇلار بىلەن سالاملاشتى.

— مۇنداقچە ئېيتقاندا، مەن ھاشىم تاغامنىڭ ئانىسىنىڭ تاغىسىنىڭ نەۋرىسى بولىمەن، — دېدى بويى ئىگىزرەك كەلگەن چوكان ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپ ۋە ئۆيدىكىلەرگە كۆزلىرىنى پاقىرىتىپ قاراپ قويدى.

— مەن، ھىم، ھاشىم تا... دادامنىڭ ئىنىسىنىڭ يېقىن تۇققانلىرىدىن بولىمەن، — دېدى پاكار، دىقماق يىگىت دۇدۇقلاپ سۆزلەپ، — مېنى، ھىم، ھاشىم دادامغا قاراشقا

ئانام ئەۋەتكەن.

— مەن هاشىم دادامنىڭ يېقىن تۇق-
قانلىرىدىن بولىمەن، — دېدى ئىككىنچى چو-
كانمۇ قېلىن كالپۇكلىرىنى سوزۇپ، — مېنى
ئانام: «هاشىم دادىڭلار يامان كېسەلگە گى-
رىپتار بوپتۇ، ئاخىرقى كۈنلىرىدە بىز ئىگى-
دارچىلىق قىلمىساق بولمايدۇ» دەپ ئەۋەت-
كەن....

— هىم، سەنلا يېقىن تۇققىنى بولۇپ، بىز
يىراقكەنمىز - دە! هىم ...، — يىگىت كۆزلىرىنى
ئالاق - جالاق قىلىپ قىزغىنغاندەك سۆزلىدى.

— مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئەڭ يېقىن
تۇققىنى بىز! — ئىگىز چوكان زەردە بىلەن
گەپ قاتتى.

— بىز دىگەن، هاشىم دادامنىڭ تىرى-
گىگىمۇ، ئۆلۈگىگىمۇ ئىگە....

— بۇ خۇدالىق ئالەم جۇمۇ، كېيىنكى
چىقىملىرىنىمۇ ئويلىنىش لازىم....

— هازىردىن باشلاپ، هىم، هەممىگە
بىز ئىگە!...

— بىرچۇ، قۇرۇق هاۋا يىگىلى كەپ-
تۇق - تە!...

— مۇنداقچە ئېيتقاندا، مەنمۇ....

— بولدى قىلىڭلار! — بوش، ئاچچىق ئاۋاز
بىلەن ۋاقىرىدى بوۋاي. شۇ تاپتا ئۇنىڭ
بۇرۇن تۆشۈكلىرى كېڭىيىپ، نەپەسى تېزلەش-
كەن، چېكىلىرىدىن بولسا چىپىلداپ تەر
ئېقىۋاتاتتى. ئەترەت باشلىقى، مۇدىر، سەمىلەر
ئىتتىكلا ئۇنىڭ كارىۋىتى يېنىغا كېلىشتى:

— هاشىمكا!...

— بوۋا!...

— هېچگەپ يوق، — بوۋاي قولىنى يوتقان-
دىن چىقىرىپ كۈچسىزگىنە شىلتىدى، — ئەخ-
مەق، پىخسىق، تاماخور ئىدى... مۇنداقمۇ
دورامدىغان!؟...

ئەترەت باشلىقى، مۇدىر، سەمىلەر ئۇنىڭ
ئۇزۇپ - ئۇزۇپ قىلغان سۆزلىرىنىڭ مەنىسىگە
چۈشەندى، ئۇ، شە تەتنى بىلمەيدىغان ئىنىسى
ھەققىدە سۆزلەيتتى. «تۇققانلار» جىم بولۇ-
شۇپ، ئەندىشە بىلەن ئۇنىڭغا قادىلىپ قاراپ
قېلىشتى.

— سىلەرنىڭ كېلىش مەقسىدىڭلارنى،
تۇققانلىرىم، مانا مەن، هاسىل كالام، ئوبدان
چۈشەندىم، — دېدى بوۋاي ئاستا ئاۋاز بىلەن.
ئۇنىڭ ئاۋازىدا بايىقىدەك ئاچچىقلىنىش بىلىن-
مىسىمۇ، لېكىن قېنى قاچقان لەۋلىرى يا كۆلـ-
گەنگە، يا ئاچچىقلانغانغا ئوخشىمايدىغان ها-
لەتتە قىڭغىر بولۇپ مىدىرلايتتى. ئۇ، بېشىنى
كۆتەرمەكچى بولغاندەك ھەركەت قىلدى،
سەمى دەرهال ئۇنى يۆلىدى، ئەترەت باش-
لىقى بىلەن مۇدىر ئىككى تەرەپتىن ئۇنىڭ
تەكى - ياستۇقلىرىنى ئوڭشاپ، ئارقىسىغا ئىگىز
قىلىپ يۆلەپ بەردى.

— مانا، تۇققان ئىكەنسىلەر، كۆرۈۋال-
دىم، — دېدى بوۋاي، خۇددى ئادەتتىكى بىر
ئىشنى سۆزلەۋاتقاندەك خاتىرجەملىك بى-
لەن، — مەقەتكە كەلمەك، ئاتا ئۆلسە، ئۇنىڭ
مال - مۈلكى بالىلىرىغا قالىدۇ، بالىلىرى بولمىسا
تۇققانلىرىغا مىراس قالىدۇ، شۇنداقمۇ؟...

— هىم، شۇنداق!

— ئەلۋەتتە، بىزمۇ....

— مۇنداقچە ئېيتقاندا، جېنىم تاغام!...

«تۇققانلار» ئۇنىڭ سوئالىنى تەستىق-
لاشقا ئالدىراشتى. بوۋاينىڭ چىرايىدا بىردىنلا
ئاجايىپ بىر خىسلى مۇلايىم، خۇشال تە-
بەسسۇم جىلۋىلەندى:

— مەندە، مانا، مۇشۇ ئۆي، باغ ۋە
يەنە ساق 5 مىڭ يۈەن پۇل بار....

«تۇققانلار» ھەلۇقۇش، قىزغىنىش، تە-
قەززالىق بىلەن ۋاقىرىۋېتىشتى:

— جېنىم تاغام، مۇنداقچە ئېيتقاندا،
سىز نىمە دىگەن ياخشى!...

—بىچارە تاغام، بىزمۇ سىزنىڭ غېمىڭىزنى يەپ....

—ھىم، ھى، بىزمۇ ئەلۋەتتە!...

بوۋاينىڭ كۆزلىرى قىسىلىپ، لەۋلىرى ئاچچىق كۈلكە بىلەن قىيشايدى:

—بۇ كەنتتە، مېنىڭ 1978 - يىلدىن بۇيان ھەمدوست بولۇپ كەلگەن تۇققاندىنمۇ چارە يۇرتداشلىرىم بار. ئۇلار ئەزەلدىن ماڭا يار-يۆلەك بولۇپ كەلگەن، ھازىر ھەممىسى مېنى ئۆز بوۋىسىدەك كۆرىدۇ. خوش، ئۇلار مېنىڭ ئىنى-سىڭىللىرىم، باللىرىم، نەۋرىلىرىم بولمامدىكەن؟ —بوۋاي بىردەم تىنىۋالدى. ئۆيدىكىلەر ئۇنىڭغا قۇلاق سېلىپ جىمغىنا تۇرۇشاتتى، —يەنە بىر مۇھىم گەپنى ئېيتقاندا، مەن ئەسلىدە بىر كەمبەغەل ئادەم ئىدىم. سىياسەتنىڭ ياخشىلىقى، سەممەدەك ئوقۇغان كىشىلەرنىڭ ياردىمىدە خېلىلا ھاللىنىپ، بېيىپ قالدىم. مانا بۇ ئىشلار مېنىڭ كۆزۈمنى ئاچتى. مەن ئوقۇش لازىم ئىكەن دىگەن تېنۇشقا كەلدىم....—بوۋاي سۆزىنى تېختىتىپ، ئىشىك تەرەپكە قارىدى، ئۇ يەردە ئەر-ئاياللار، باللار ئۇنىڭ سۆزىگە قۇلاق سېلىپ، جىمغىنا تۇرۇشاتتى، —تۇققانلىرىم، باللىرىم، ئۆيگە كىرىڭلار، سىلەرمۇ مېنىڭ سۆزۈمنى ئېسىڭلاردا چىڭ تۇتۇڭلار! —ياخشى ئوقۇڭلار! —بوۋاي تىترەپ تۇرغان قوللىرىنى ياستۇقنىڭ ئاستىغا سوزۇپ، كىچىگىرەك بىر تۈگۈننى چىقاردى، —بۇنىڭدا 5 مىڭ كوينىڭ چېكى بار، —دىدى ئۇ، تۈگۈننى مەكتەپ مۇدىرىغا ئۇزىتىپ، —ھاسىل كالام، مەن بۇ مىراسىمنى مەكتەپكە... باللارغا قالدۇرىمەن!...

بوۋاي تۈگۈننى مۇدىرغا بەرگەندىن كېيىن، چارچىغاندەك، كۆزلىرىنى يۇمۇپ، ياستۇققا يۆلەندى. ئەترەت باشلىقى، مۇدىر، سەممەلەر ئۇنى ئاستا يۆلەپ ياتقۇزۇپ قويدى.

ئۇنىڭ چىرايى ئوچۇق، خاتىرجەم، خۇددى ساقىيىپ قالغاندەك پاقىراپ تۇراتتى.



# شېئىرلار

## تېيىپجان ئېلىيوپ

### يىراقتىن خەت

(بىر مۇساپىر ۋەتەنداش نامىدىن)

ئانا يۇرتۇم، سېغىندىم سېنى،
سەنمۇ بالام دەپ ئەسلەمسەن مېنى.
مېنى سورىساڭ، سەندىن يىراقتا،
باغرىم كاۋاپ ھىجران - پىراقتا.
مەن تاڭ ئالدىدا يولدىن ئاداشقان،
ئىزىنتقۇغا ئەگىشىپ قاچقان..
مېھرىڭدىن ئاجراپ، ھەر يان باش ئۇرۇپ،
مۇساپىر ئۈچۈن تەلەي ئاختۇرۇپ،
كەزدىم، يولۇقتۇم ياخشى - يامانغا،
گايى ھاياجانغا، گايى زىيانغا.
غۇربەتچىلىكنىڭ مۈشكۈللىكىدىن،
ئۆزەمنىڭمۇ ئەپچىللىكىدىن،
خۇددى تاشتىن ئۈنگەن گىيادەك،
ياكى تەلۋە ئۇرغان شىنادەك،
گايى ئۆرلەپ، گايى تىرلىنىۇنۇپ،
گايى شۇڭغۇپ، گايى يۇلقۇنۇپ،
گايى داجىپ، گايى تىركىشىپ،
گايى يىقىلىپ، گايى تىرمىشىپ،
ھۈنەرلىك بولۇپ ئوقەتمۇ تاپتىم،
بايلارغا خاس سۆلەتمۇ تاپتىم.
باغ - ۋارانلىق ئۆيۈم ھەشەملىك،
بىسات، زىننىتى قىلمايدۇ كەملىك،
لېكىن بولمىغاچ ئانا يۇرت - ياران،
كۆڭلۈم ئۆيدە، ھۇۋلايدۇ بوران.
بولسىمۇ ياقۇپ زۇننار ئىسىغلىق،
بوينۇم مېنىڭ ھامان قىسىغلىق.
بۇندىكى نى - نى جىلۋىلىك بەزمە،
ياكى شاھانە ئويۇن - كۆرگەزمە،
مەيلى، ئالىۋن ئالقىش قانچىلىك،
مەن ئۈچۈن يوق مەشرىبىڭچىلىك.
بۇندا قايناتتى گېزەك زەردەمنى،
سېغىنىمەن ئۇماش، گىردەڭنى؛
بۇندا ئازادە لوم - لوم تۆشەكتە،
سېزىمەن تەننى گويا چۆشەكتە،
بولسىمۇ ماموق ياستۇغۇم پۇزۇر،
كېسىگىدەك بەرمىدى ھۇزۇر؛
ھەركىتىمدە سۆيۈنچ، مەززە يوق،
ئارامىمنىڭ راھەت - پەيزى يوق.
سېنىڭ قوينۇڭدا ئۆگەنگەن ناخشام
ماڭا ھەمرا ئۇيقۇسىز ئاخشام،
ئوقۇيمەن ئۇنى ئۆكسۈپ ئارانلا،
شۇمۇ كۆڭلۈمگە بىر ئاز تەسەللا؛
تۇرنىلاردىن سورايمەن سېنى،
شامالداردىن پۇرايمەن سېنى،
سەن تەرەپتىن ئالسام خەت - خەۋەر،
ياكى كەلسە بىرەر ھەمشەھەر،

سېنى كۆرگەندەك راھەت ئالىمەن،
قىن-قېنىمغا سىغماي قالىمەن.
ھالىڭ ئالدىمدا بولدى نامايان،
ئىلكىگە ئالدى مېنى ھاياجان.
قۇۋاندىم يېڭى قىياپىتىڭدىن،
قۇۋاندىم بەخت-سائادىتىڭدىن،
گەرچە قۇۋانسام بىر جەھەتتە مەن،
بىر جەھەتتە خىجالەتتە مەن.
ئىسسىت، قايمۇقۇپ ئىغۋا-ئۆسەكتىن،
ئالتۇننى پەرق ئەتمەي تېزەكتىن،
سېنى قالدى ئاسارەتتە دەپ،
ۋىجدانى خورلۇق-ھاقارەتتە دەپ،
قىزىل تۇغنى لەنەتلەپتىمەن،
توۋا قىلدىم، ئەجەپ دەپتىمەن.
ئانا يۇرتۇم، كەچۈرگىن مېنى،
خۇنۈك تىزىمدىن ئۆچۈرگىن مېنى،
چۈشەندىم تاڭنى كۈتكەنلىگىڭنى،
ئاڭا قانداق يەتكەنلىگىڭنى.
ئۆزەڭ تاللىغان يولغا ساداقەت،
ئۇندىن تاپقان پۈتمەس جاسارەت
بولغاچ جاپانى يەڭگەككە قادىر،
يېتەي دەپسەن مەنزىلگە ئاخىر.
قايىلمەن ھالال ھالاۋىتىڭگە،
كۆڭۈل ئارامى ئادالىتىڭگە،
قايىل چىدام-غەيرىتىڭگە مەن،
ئەپسۇس، بولمىدىم خىزمىتىڭدە مەن.
ئانا يۇرتۇم، ئەپۇ قىل مېنى،
ھىجرىڭدە سەرسان مەجنۇن بىل مېنى.
چۈشەندىم چىن مۇھەببەتنى مەن،
ئۇققۇيمەن دائىم شۇ ھېكمەتنى مەن:
گاداغا ئۆز تۇپرىغى تەختتۇر،
شۇ تەختتە تۇرماق ئەڭ ئۇلۇغ بەختتۇر.
سەن ماڭا ئەڭ ئەزىز ئانىسەن،
جىمى يۇرتتىن ئەزىزانىسەن.
ئىشقىڭ — ئىمانىم، قىبلەم سەن مېنىڭ،
تاۋاپگاھىم-كەبەم سەن مېنىڭ.
ۋەسلىڭ ئۈچۈن ئالسام دالالەت،
قالغايمۇ مەندە ھەسرەت-نادامەت.
بېشىم بىلەن ماڭساممۇ مەيلى،
يول ئازاۋى مەن ئۈچۈن سەيلى،
بوسۇغاڭغا قويغاندا قەدەم،
بەلكى ھوشۇمدىن كېتەرمەن شۇ دەم.
شۇندا سۈيۈڭدىن ئىچسەم بىر يۇتۇم،
تېنىم ياپراپ سەگىيمەن چوقۇم.
سالىمىمنى ئالساڭ ئىلىككە،
يەتكۈزەتتىڭ بېشىمنى كۆككە.
باغرىڭغا قويۇپ ئاشۇ بېشىمنى،
ئۆكسۈپ-ئۆكسۈپ تۆكسەم يېشىمنى،
شۇندا بېقىپ ئىللىق نەزەردە،
بەزلەپ، يېشىمنى سۈرتسەڭ ئەگەردە،
قالاتتىم خۇددى قۇشتەك يېنىكلەپ،
كىم يەكلىسۇن مېنى غېرىپ دەپ.
ئاڭلىسام بىر-بىر داستان سۆزۈڭنى،
كۆزۈمگە سۈرتسەم باسقان ئىزىڭنى.
خىزمىتىڭنى قىلسام قۇل بولۇپ،
يايرىماسمۇ كۆڭلۈم گۈل بولۇپ.
ئوينىسام ھېيت-بايرامنى بىللە،
ئاڭلىسام سۇنەي-ناغراڭنى بىللە،
تەڭكەش قىلىپ ياڭراق ساداغا،
ھېيتگا ئالدىدا چۈشسەم ساماغا،
قوشۇلۇپ جۇشقۇن پەيزى-زوقۇڭغا،
سالام بەرسەم شانلىق تۇغۇڭغا.

1983-يىل، ماي-ئىيۇن.

## سىنچىنىڭ سۆزى

رەڭگىدىن كۆڭلىنى بىلەكلىك قېيىن،
يۈزىنى يۇيغانىنىلا پاكىز دېمە.
سىنچىلاشنى بىلمىسەڭ، ھۆكمىڭ خاتا،
كۆرگىن ئايرىپ، «سانىماي سەككىز دېمە»!

ئوخشمايدۇ دەل ـ دەرەخنىڭ بارلىغى،
مېۋىگە كېپىل بولالماس ياپرىغى.
كىملىگىدىن بەلگە بەرمەس قالپىغى،
قالپىغى چوڭ بولسىلا قىرغىز دىمە.

قۇدرىتىڭ چەكلىك مەدەتكار بولمىسا،
ئۇزلىغىڭ چاغلىق خېرىدار بولمىسا،
گەرچە سورۇندا تەلەپكار بولمىسا،
سۆزۈڭ ئالتۇن بولسىمۇ، ھەرگىز دىمە!

قەھرىمانمۇ تېرە تاراقلاتقىنى؟
«ئىچى كاۋاك نەرسىنىڭ كۆپ شاۋقۇنى»،
چوغ ئەگەر پىشسا، چىقامدۇ ئۇچقۇنى،
ھەيۋىسىز بولغانىنىلا ئاجىز دىمە!

ئىمتىھاندۇر ئات ئۇچۇن مۇشكۇل سەپەر،
مەرت بىلەن نامەرتنى ئايرىيدۇ خەتەر.
تويدا بار، ماتەمدە يوقتىن قىل ھەزەر،
ئۇندىن ھىچ ئىنسانىي خىسلەت ئىزلىمە!

## ئەمدى

ئىست، ياشلىق گۈلۈم توزدى ھەۋەستىن، پەندىيات ئەمدى،
پۇشايماندىن ئۆزەم ئۇردۇم ئۆزەمگە مىڭ كاچات ئەمدى.

ئۆمۈر تىللاسىنى بىنەپ بازاردا سانىماي خەجلەپ،
سۇنۇق ياماقتا زار بولدۇم، مېنىڭ سودام كاسات ئەمدى.

كىچە مەيخانىدا «ھە ـ ھۇ» دىيىشكەنلەر قايان كەتتى،
«ئەجەپمۇ مەرت يىگىتكەنسىز» دىگەنلەر ماڭا يات ئەمدى.

ھايات شەترەنجىسىدە لاپ ئەمەس، لازىم ئىكەن ئىدراك،
بولۇپ قالدىم كۆرەڭلەپ ئالدىراپ «شاھ»دەپلا مات ئەمدى.

تالاي تەڭتۇشلىرىم ئۇچتى سامادا خۇددى شۇڭقاردەك،
تىپىرلايمەن نىچۇن يوق دەپ ماڭا شۇنداق قانات ئەمدى.

دىدىم شۇندا: بۇ دۇنياغا نىچۇن كەلدىم، كېتەي قانداق،
زامانىنىڭ ئىمتىھانىدىن قېچىپ ئۆتمەك ئۇيات ئەمدى.

پۇشايمانىم ماڭا شۇنداق دىدىكى: مەرىپەت ئىزلە،
پەقەت كۈتمە ھەۋەستىن، خامخىيالدىن ئىلتىپات ئەمدى.

كېچىكسەممۇ ھاياتنى باشقىدىن باشلاشقا بەل باغلاي،
ماڭا بەرگەي نىجاتلىق ئۇشبۇ يولدا ئىجتىھات ئەمدى.

## ئەقىدە

چىن ئەقىدە باغلىغان بولسا ئەگەردە يار ساڭا،
قەلبىنى ئەينەك تىلىدە ئەيلىگەي ئىزھار ساڭا.

سەن ئۈچۈن يار باغنى تاشلاپ دەشت ئارا تۇتسا ماكان،
يايرىمامسەن دەشتۇ-چۆلمۇ كۆرۈنۈپ گۈلزار ساڭا.

مېھرىۋان يار كۆلكىسى كۆڭلۈڭگە قوندۇرغاي ھۇزۇر،
چۆككىنىڭدە غەمگە، ھەمدە كۆز يېشى ھەمكار ساڭا.

يار بىلەن ھەمدەملىگىڭ ئالدىدا تۈزلەڭدۇر داۋان،
دات دىمەسسەن ئۇچرىسا ھەرقانچە چوڭ دىشۋار ساڭا.

چىن ئەقىدە رىشتىسىدە بار كارامەتلىك تۇمار،
مىڭ ھەسەت ئەپسۇنىمۇ قىلمايدۇ ھەرگىز كار ساڭا.

سەن ئەقىدە بىلمىسەڭ، كۆڭلۈڭنى قاپلايدۇ غۇبار،
كۆرۈنەر يورۇقمۇ زۇلمەت، كەڭ زىمىنمۇ تار ساڭا.

سەن ئېلىپ ئەل مېھرىدىن نۇر، چىن ئەقىدە تاپمساڭ،
چىن ۋاپادار مېھرىۋان يار ئاچمىغاي رۇخسار ساڭا.

## كۈتتۈپ

مەن ئۆزەم بەك گول ئىكەنمەن، لەۋزى يالغاننى كۈتتۈپ،
خۇددى نادانىي ئۇمۇلدۇرغۇچى تادانى كۈتتۈپ.

تەلمۈرۈپ گويا بۇلۇتلۇق كۆككە باقتىم تۈن بويى،
يۈزىنى كۆرسەتمىگەن پىنھانى چولپاننى كۈتتۈپ.

سۆيگۈ ئوتىدىن بەتەر بۇ ئىنتىزارلىق ئۆرتىدى،
مەن قوشۇپ ئالدىم ئەلەم دەردىمگە دەرماننى كۈتتۈپ.

بىللە مەنزىلگە بارارمەن دەپ يالاق قالدىم ئۆزەم،
بۇ تەرەپكە رايى يوق بىر غەيرى كارۋاننى كۈتتۈپ.

مەن بىھىش ئارزۇسىدا قىلدىم ئۆزەمنى شۇنچە لەت،
نەدىكى ئەپسانىۋىي بىر ھۇرۇ - رىزۋاننى كۆتۈپ.

ۋەدىسىدىن شات بولۇپ قالدىم ئازاپقا ئاقىۋەت،
ئەسلى شاتلىقنى ئەمەس، بەلكى پۇشايماننى كۆتۈپ.

ئاخىرى تاپتىم سەۋەبنى، ئۇ شۇڭا كەلمەپتىكەن،
لەۋزى ئەجرىگە مېنىڭدىن لەئلۇ - مارجاننى كۆتۈپ.

بۇ مۇھەببەت كوچىسى گويا ئاڭا بازار ئىكەن،
نە قىلاي ئىشقىمغا ئۇندىن پايدا — ۋىجداننى كۆتۈپ.

## مەن بەختىيار

سۆيگۈ بىغىمغا يېتىپ كەلدى باھار، مەن بەختىيار،
سىردىشىپ تاپتىم ئۆزەمگە جۈپ نىگار، مەن بەختىيار.

مەن ئەگەر دىخان بولۇپ چۆشسەم ئېتىزدا ئومىغا،
زوق بىلەن كەينىمدە باغ باغلايدۇ يار، مەن بەختىيار.

دەستگاھتا مەن ئەگەر تىلسام ياغاچ، يارمۇ كېلىپ،
رەندىلەپ تاختايىنى ئەيلەر جىلۋىدار، مەن بەختىيار.

مەن ئوقۇتقۇچى بولۇپ ھازىرلىسام دەرس، يار ھېرىپ —
كەلسىمۇ ئىشتىن، ئۇنى رەتلەپ تۇرار، مەن بەختىيار.

مەن ئەگەر شائىر بولۇپ يازسام شېئىر، ئىلھام قوشار،
پۈتكىچە مەندىنمۇ ئارتۇق ئىنتىزار، مەن بەختىيار.

مۇڭغا چۆمسەم مۇڭلىنار، كۈلسەممۇ بىللە كۈلكىسى،
خوشلۇغۇم قايغۇمغا شېرىك غەمگۇزار، مەن بەختىيار.

بىر ھامان سىرداش يۆلەكداش، تاپا - تەنە بىرگە يات،
شۇڭا ھەرقانداق جاپا قىلمايدۇ كار، مەن بەختىيار.

«نە ئۈچۈن سەن ماڭا مۇنچە مېھرىۋان، ئامراق» دىسەم،
«ئۆز غېمىڭگە بەنت ئەمەسسەن» دەيدۇ يار، مەن بەختىيار.

«بالىمىز تارتسۇن ساڭا» دېسەم، «ساڭا تارتسۇن» دېدى،
ئىككىمىزگە ئوخشسا، يار بەختىيار، مەن بەختىيار،

## ئەقىدەمگە جازا

سەن كۆرۈنگەچكە ماڭا جەننەتتىكى رىزۋان كەبى،
دىلغا ئورناتقان ئىدىم ئىشقىڭنى مەن ئىمان كەبى.

ئىلگىرى گويا مۇكاپات دېۋىدىك ئىشقىمنى سەن،
قاپتۇ ئەمدى دەردىسەگە ئايلىنىپ ئالۋان كەبى.

سەن ئەقىدەمگە جازا بەردىڭ غەلەت قازى بولۇپ،
مەن بولۇپ قالدىم ئەجەپ مەھبۇس، ئۆيۈم زىندان كەبى.

يىغلىسام مەن ياش تۆكۈپ، كۆلدۈك ئاجايىپ شاتلىنىپ،
ياغسا قۇرغاق يەيتتە يامغۇر، يايرىغان دېخان كەبى.

ياش ئارا ئاقسا كۆزۈمدىن لەختە ـ لەختە قان بۈگۈن،
سەن خوشال غەۋۋاسقا ئايلاندىڭ، كۆرۈپ مارجان كەبى.

كۆزلىرىڭ جاللاتقا ئوخشاپ، قاشلىرىڭ بولدى قىلىچ،
سەن ئۈچۈن ھېيت، مەن تېپىرلايمەن بۈگۈن پاخلان كەبى.

ئۆز خىلىنى تاپمىغاننىڭ تەمسىلى شۇنداق ئىكەن:
خۇددى بىر قاپلاننى دوست تۇتقان مېيىپ توشقان كەبى.

مەن ئۆزەم تاپقان بالاغا بارمىدۇ دېسەم داۋا،
ئىبرەت ئالغىن، دەپ شىپا بەردى بىراۋ لوقمان كەبى.

بولسىمۇ رەڭگىم سامان، يانغىنغا تولغاندۇر ئىچىم،
خىش پۇشۇرغايمەنكى ئىبرەتتىن سىرىق خۇمدان كەبى.

## خىجىللىقتىن يەرگە كىردىم

خەت يېزىپسەن رەنجىشكەندىن كەچكىنىڭنى بىلدۈرۈپ،
يەرگە كىردىم مەن خىجىللىق ئاستىدا خەتنى كۆرۈپ.

سەن ماڭا سۇنغان ئىدىڭ راست تۇنجى سۆيگۈڭ گۈلنى،
شۇ ھامان قىسقان ئىدىم، تۇرغاچقا مەنمۇ تەلمۈرۈپ.

ئاشۇ كۆكلەم پەسلىدە ھۆسنۈڭگە خوپ شەيدا بولۇپ،
شاتلىغىمدىن سېنىمۇ يۈرگەن ئىدىم مەن كۈلدۈرۈپ.

بىر قۇيۇن كەلگەن ھامان كۆزگە كۆرۈندۈڭ ئۆزگىچە،
تەكتىگە يەتمەي ئۇنىڭ، كەتتىم ئۆزەممۇ ئۆزگۈرۈپ.

ساڭا تۆھمەت دېگىنى چۈشكەندە ئەجەپ قىلدىم ئەلەم،
بىر كاساپەت ئىلكىگە كۆڭلۈم شېخىنى ئەگدۈرۈپ.

ئاخىرى تىنجىپ قۇيۇن، ساھىلغا چىقتىڭ سەن ئامان،
مەن بۇرۇختۇم بولدۇم، ئەپسۇس، يەلكىنىمنى چۆكتۈرۈپ.

ھەسرىتىم ئاردىنى ئويغاتقاچقىمۇ، چەكتىم ئازاپ،
قىلمىشىمنى قايتا كۆز ئالدىمغا بىر - بىر كەلتۈرۈپ.

شۇندا چىللاپسەن باھارغا سەن مېنى، قانداق باراي،
مەن دوقالغا جۆر بولۇپ كەتسەم باھاردىن يۈز ئۆرۈپ.

خەتتە دەپسەن: «چوڭ گۇناھكار نەس دوقال ھەم شۇم قۇيۇن،
بىز ئەمەس، ئۇ قانچىلارنى قىلدى ۋەيران تەزدۈرۈپ.

ياق، ماڭا ئاز «قارايۈز، شەرمەندە» دەپ قويسا لەقەم،
ھەم سازايى قىلسىمۇ ئېشەككە تەتۈر مىندۈرۈپ.

تىللىساڭمۇ مەيلىدى، چىللاپ بەتەر قىلدىڭ خىجىل،
مەن باراي ئالدىڭغا قايسى يۈز بىلەن، قانداق يۈرۈپ...

1982 -، 1983 - يىللار.

## پارچىلار

تىللىدىم كوچىدا خېلى ئادەمنى
ھار كېلىپ يۈزۈمگە قاراپ كۈلگىنى.
بېقىپ ئەينەككىمۇ ئۆرلەپ غەزىۋىم،
شۇئان يەرگە ئۇرۇپ سۇندۇردۇم ئۇنى.

ئانامىمۇ چىملەپ كايىدى ماڭا:
«يۈزۈڭنى پاكىزە يۇساڭ ھەركۈنى،
ئەينەكمۇ سۇنمايتتى، خەقمۇ كۈلمەيتتى،
ھەيرانمەن، نېمىشقا بىلمەيسەن شۇنى!»

☆

شۇبھىسىزكى، ۋاقىت ئەڭ ئېسىل بايلىق،
ياشلىق باھارىمىز — ئەڭ باي ۋاقتىمىز.
بەزىمىز بۇ چاغدا سانىماي پۇلنى
تاتارىسى بىلەن خەجلىۋېتىمىز.
ئالغان نەرسىمىزنىڭ تايىنى بولمىسا،
ئۇنىمۇ باھارغا دۆڭگەۋېتىمىز.
يېنىكلەشسە يانچۇق قىرو پەسلىدە
پارچە پۇلنى تىترەپ ساناپ كېتىمىز.
ئەپسۇسكى، باھاردەك بايلىق قەدرىگە
كەچكۈزدە تىترىگەن چاغدا يېتىمىز ...

☆

ماڭىمۇ دىدىڭ: «ئەقىدەم ساڭا خاس،
مەن ئۇنى بەرگەن پەقەت دوستۇم ساڭا.»
كىم سېنى دوستۇم دىسە، دەپسەن يەنە:
«ئۆزگىگە يوق، بار پەقەت خۇشتۇم ساڭا.»
خۇي - مىجەزىڭ زادى شۇنداق بولسىلا،
دوست بولالمايدۇ شۇڭا ھىچكىم ساڭا.

× ×

موزدۇزلۇقنى ئۇگەندىم ئىشقىمنى بېرىپ،
يىگىرمە يىل ئىشلىدىم غولاچىنى كېرىپ.
كېيىن گىلەم توقۇشقا يۆتكىگەن ئىدى،
قويدۇم ئىككى خالۋاپنىڭ بېشىنى يېرىپ.

## ئەل ۋە مەن

**ئابلىمىت سادىق**

تۇردۇ تاغلار ھامان ھەيۋەت بىلەن قەد كۆتىرىپ،
تۆت پەسىل ياشناپ تۇرار قوينىدا قارغاي كۆكىرىپ.
نەچچە مىڭ يىللار ئۆتۈپ كەتكەن بىلەن ئۇ، شۇ پېتى،
تا ئەزەلدىن ئاستىدا تۇرغاچقا تۇپراق كۆتىرىپ.

ۋە لېكىن، تاغمۇ زېمىنىنىڭ قايتۇرار ئۆز ھەققىنى،
شۇ سەۋەپتۇر: باغرىدىن سانسىز ئېقىننىڭ ئاققىنى.
قىش بويى توپلايدۇ ئاق قارنى ھامان ئۇستىگە ئۇ،
ياز بويى يەر كۆكسىگە چەشمە چېچىپ، گۈل تاقىلى.

يەر بىلەن تاغ ئەنە شۇنداق چىڭ يېپىشقان ئۆزئارا،
تاغنى گەر ئوغلى دىسەك، تۇپراق ئۇنىڭغا ئۆز ئانا.
تاغ تۇغۇلغان يەر - زېمىندىن باغرىنى يېرىپ ئۇنىڭ،
ھەم زېمىندىن كۈچ ئېلىپ ئۇ، ئۈلغىيار دائىم يانا.

مەنمۇ ئەلنىڭ ئوغلىمەن، ئەل مېھرىدە ئۆسكەن ھامان،
بېھساپ ئەجرىنى سىڭدۇردى ماڭا ئەل ھەر قاچان.
مەن مۇشەققەتكە يولۇققاندا شىجائەت، كۈچ بېرىپ،
مەن مۆدۈرگەندە يۆلەپ تۇرغۇزدى ئورنىمدىن شۇئان.

ئۆتتى ئۆمرۈمنىڭ، ھېساپ قىلسام، مانا تەڭ يېرىمى،
چاشلىرىمغا قارقونۇشقا باشلىماقتا كۈنسېرى.
ئەمما ئەلنىڭ ئەجرىدىن قايتۇرغىنىم ئازدۇر مېنىڭ،
ئەمدى تەگدۇر مەن ئۈچۈن ئۇن يىلغا يىلنىڭ ھەر بىرى.

چىڭ تۇتۇپ ھەر بىر مىنۇتنى خۇددى ئالتۇندەك بىلىپ،
دەۋرىمىز پەرماندىن پۈتمەس ھاياتى كۈچ ئېلىپ،
ئەل ئۈچۈن تەرتۆكمىكىم ھاجەت مېنىڭ ئۆمرۈم بويى،
ماڭلىيىمدا ھەرئەجىننى بىر ئېقىنغا تەڭ قىلىپ.

# ۋەتەن ھەققىدە غەزەل ۋە رۇبائىيلار

ئابدۇشۇكۇر مەمتىمىن

1

ۋەتەن سەن رەنجى دەرمانىم تېپىلماس تۇتىيا سەنسىز،
ئىلىم ئەماسىغا يوقتۇر جاھاندا زەر زىيا سەنسىز.

ئۆزەڭ قۇت - بەختى تاجىمسەن، جۇلادۇر ھەر مەھەل مېھرىڭ،
پەرىدۇن① تەختى - ئايۋانى كېرەكسىز بورىيا سەنسىز.

سۇيۇك شەرۋەت، تېغىڭ ياقۇت، مۇبارەك تۇپرىقىڭ ئالتۇن،
تۆگەل پىردەۋسى جەننەتمۇ چىچەكسىز بىر گىيا سەنسىز.

ئىلىم - ئىرپانغا زەر كانسەن، سېنىڭسىز تولمىغاي قامۇس،
بەئەينى بىر جۇتۇن ھەتتا ئاتالغان ئەۋلىيا سەنسىز.

ۋەتەن قوينى گۈلىستانىم، ئىپارىڭ سۆيگۈ ئىلھامىم،
چېكەلمەس خۇش ناۋا بۇلبۇل بولۇپ زاغۇ گويا سەنسىز.

گۈزەللىك گۈلشىنى قوينۇڭ، ئۇلۇغ جۇڭخۇا ئەزىز يۇرتۇم،
جاھان رەنالىرى كۆڭلۈم قىلالماس مەھلىيا سەنسىز.

ئىچۈك شەيدايى قوينۇڭدىن يىراقلاپ كۆز يېشى تۆكمەس،
ماڭا مىڭ يىل ئىبادەتمۇ ساۋاپسىز ساپ رىيا سەنسىز.

① پەرىدۇن — ئىران پىشتالىتلار مۇلالىسىنىڭ مەشھۇر شاھى.

2

كېلىپ ئامۇ دىيارىغا كۆرۈپمەن كۆركى دىدارنى،
قېشىدا ئۇسمىسى، باشىدا بۆكى، ساچى ئەنهارنى.

جۇلا قىلغان قىرىق ساچى بەئەينى نەچچە ئەجدەرها،
ئۇنىڭ جەزبى تۇپەيلى بىلگۈلۈك تەس تەندە جان بارنى.

پۈكۈپتۇ شاهى ئىسكەندەر كۆرۈپ پامىر قىزىنى قەد،
كۆرەرمەن مەن قاچان رۇخسانە① رەڭلىك هۆسنى رۇخسارنى.

خىجىل يۇنان پەرىسى، هىندى قىزى زىباسى ئامۇدىن،
تۇمارىس② قىسسەسى قاي چاغ بۇ ۋەجگە يازدى ئىزهارنى.

چېچەك گۈلزارىدا گۈل كۆپ، كۆڭۈلنى جەلپ ئېتەر سىردىن،
خىيال ياكى چۈشۈممۇ بۇ؟ شۇ سىرىن چالدى دىلتارنى.

تەسەددۇق ئەي پەرى، يائىنسى جىن، يا خۇشنىگار ئاهۇ،
غەزەل يازدىم كۆزۈم شۇڭقاردىن سالغاندا شىكارنى.

قاقاقلاپ كۈلدى شەيدايى، خوتەن ئاهۇلىرىن ئەسلەپ،
راۋادۇر لۇتپىدەك ماختاش③ ۋەتەن پەرزەنتى گۈليارنى.

3

ئۇلۇغ جۇڭخۇا ساڭا باقتىم ئاتامدىن پىشۋا ئەيلەپ،
ئەقىدەمدىن سالام يازدىم، ئانامدىن ئەتىۋا ئەيلەپ.

قۇچاغىڭ — قىبلىگاهىمنى سېغىندىم هەر تىنىق، هەردەم،
كۆزۈمگە سۈرتكىدەك بولدۇم توپاڭنى تۇتىيا ئەيلەپ.

مېنىڭ قۇشتەك يېنىك جىسمىم تاپالماس هۆر قانات سەنسىز.
پىتىرلار قۇش كەبى جىسمىم سېغىنچىڭدىن ناۋا ئەيلەپ.

① رۇخسانە — ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن ياخشى كۆرۈپ قالغان پامىر گۈزىلى.
② تۇمارىس — ئىران شاهى كەيخىسراۋ ياخشى كۆرۈپ قالغان ئامۇ ۋادىسىنىڭ ئايال شاهى.
③ ئۆيغۇر كىلاسسىك شائىرى لۇتپى — ئامۇ دەرياسى بويىدا ياشىغان كۈنلەردىمۇ ئانا يۇرتى خوتەننى ۋە بۇ يەردىكى گۈزەللەرنى يادىدىن چىقىرالمىغان.

كۆرۈندى قەددى شەمشادىڭ، بىلىندى قەدرى ھەيياتىڭ،
تەپەككۇر ئەتمىگىم راھەت خىيالىڭنى داۋا ئەيلەپ.

تىغىڭنى ئەسلىسەم، ناگاھ تېنىمدە سىزىمەن زور كۆچ،
ئاقار دەريالىرىڭ كۈن - تۈن ساداقەتتىن سادا ئەيلەپ.

تەۋەررۇك مەن ئۈچۈن چىمەدىم توپاڭ، ھەر زەررىسى ئالتۇن،
قىلۇرمەن چاكىنى ھەتتا مازارىمغا راۋا ئەيلەپ.

جاھان زىبالىرىغا قىلمىغاي شەيدايى دىلكەشلىك،
ئۇنىڭ ئارمانى كۆز يۇمماق ماكانىغا ۋاپا ئەيلەپ.

4

ۋەتەندۇر تەخت، ۋەتەندۇر بەخت، ۋەتەنسىز ئامىتىڭ مازغاپ،
ۋەتەن قانات، ۋەتەن تۇلپار، ۋەتەنسىز ئەر قالار ئاقساپ.
ھەشەملىك روزىغار، شۆھرەت ياراشماس بولمىسا ئۆز يۇرت،
بۆلەك ئەل مىسلى بىر ئەگلەك چىقارغاي ئاقىۋەت تاسقاپ!

5

ۋەتەن ئول ئۇستىخان، قاندۇر، ھاياتلىق ئىچرە ھەم جاندۇر،
ۋەتەن گەر بولمىسا دىلدا تىرىگلىك كۆركى يالغاندۇر.
قىيامەت جەبرى مىڭ ئەۋزەل ۋەتەنسىزلىك بالاسىدىن،
ۋەتەن ئەنگۇشتىرىن بىلمەك كىشىگە تۇنجى ئېرپاندۇر.

6

مۇنارىڭ ئۆز دىيارىڭدا، تېنىڭ ئۆز يۇرتىدا ئەبزەل،
قەدىرسىز تاش بولۇر ئاخىر، كى قالسا چەتتە زەر ھەيكەل.
مۇھەببەت، قۇت، مۇلۈك، شۆھرەت يولىغا پۇت قويار بولساڭ،
تۈمەن كار ئەيلەسەڭ ھەتتا، ۋەتەننى ئەستە تۇت ئەۋۋەل!

7

زامان مۇھتاج زەكىلەرگە① زەكىلەر كانى ئەل ئىچرە،
زەكى ئېيتۇر: زەكىنىڭمۇ چۈشەنسەڭ جانى ئەل ئىچرە.

① زەكى — ئىلىم ساھەسىدىكىلەر، دانىشمەنلەر.

مەگەر ئەل بولمىسا قايدىن ئىلىم قەيسەرلىرى چىقسۇن،
گۈزەل دەۋرانىنىڭ ھەتتا چېچەك بوستانى ئەل ئىچرە.

8

نە جەننەت ئىشتىياقىمدۇر، ماڭا تۇققان دىيار ياخشى،
نە راھەت زەۋقى رايىمدۇر، ماڭا مەشغۇلى كار ياخشى.
دىيارىم گۈل بۈگۈن كۆرگەن، تىلىمدە ئىپتىخارىم كۆپ،
ئۆمۈر سەيلانىدا ئەلگە ساداقەت بەرقارار ياخشى.

9

گەر ۋەتەن دەپ كۈيلىسەم نەزمەم ئىچىدىن بال ئاقار،
سىنە ـ قەلبىمنى ھىساپسىز سۆيگۈ ئىلھام ـ ى قاقار.
بۇ ئانا تۇپراققا شان قوشماق ئۇغۇللۇق ئىستىگىم،
قىلسا پەرۋاز مىسلى سۇمرۇغتەك ۋەتەن، ئالەم باقار.

10

ئەلنى سۆيسەڭ ئەلگە قۇت بەرگەن ئەزىز دەۋراننى سۆي،
ئەل يولىغا نۇر چېچىپ تۇرغان بۈيۈك ئېرپاننى سۆي.
ئۇشبۇ دەۋران ئىدرىكى ھەم ئىپتىخارى، شۆھرىتى،
غەمگۈزارى، باغۋەنى كومپارتىيە زەركاننى سۆي.

11

سۇ سۈنى قوغلىشار، تاش تاش بىلەن جەم،
بىلىقمۇ ئۆز نەسلى، تۇرىگە ھەمدەم.
تامچە سۇ پار بولۇر، يالغۇز گۈل خازان،
جەملىكتىن ئۆسۈدۇ ئورمانمۇ كۆركەم.

12

كۆپ دىيار ئايلاندىم، ۋەتەننى، ياتنى،
تاپمىدىم ئۆز يۇرتتەك قۇدرەت قاناتنى.
ئەل ئالتۇن بۆشۈگۈم، ئەل گۆھەر تەختىم،
قۇت بىلدىم بىر زامان چەككەن پەرياتنى.

13

قىرىق يىل ئاز بىلدىم ۋەتەن قەدرىنى،
سۇ دىدىم سۇ شەكلى ئاققان ئەترىنى.

ئۆزگە ئەل ئەينەككەن ئۆزنى كۆرمەككە،
بال بىلدىم ئەلدىكى ھەر بىر قەترىنى.

(1983 - يىل مايدىن ئاۋغۇستقىچە، سوۋېت ئىتتىپاقىدا بولغان كۈنلەردە يېزىلدى.)

# باھار ھەققىدە غەزەل

**ماخمۇت يۈسۈپ**

زەپ مەيىن ئىللىق شامال ئۇردى دىماققا خۇش پۇراق،
بەك ھوزۇر سەزدىم دىلىمدا قوزغىلىپ زور ئىشتىياق.
كەيدى كۆينەك يەر - جاھان گوياكى ئەتلەستىن بۆگۈن،
ياپ - يېشىل كەڭ ۋادىلار بىزگە كۈلۈپ ئاچتى قۇچاق.

غۇنچىلار كۈلدى چىرايلىق، گۈللىدى ئاپپاق چېچەك،
گۈل - چىمەنلەر نازلىنىپ قىلدى تەبەسسۇم بەك ئوماق.
بولدى بۇلبۇللار غەزەلخان مەس بولۇپ گۈل ئىشقىدا،
سايرىدى كاككۇكمۇ شات، بولغاچقا ھىجراندىن يىراق.

قىلدى پەرۋاز تاڭ سەھەر كۆك قەرىدە تورغاي خوشال،
قالىغاچلار ئۇسسۇل ئويناپ، قىلدى بەزمە بەك ئىناق.
تۇرنىلار قايتىپ كېلىشتى سەپ بولۇپ ئاسمان ئارا،
زوقىنى تارتقاچقا مۇندا گۈلباھار ۋە گۈل راۋاق.

مايسىلار ئويغاندى قىشلىق ئۇيقۇسىدىن نازلىنىپ،
ئاڭلىنار ئېتىزدا دىخان ناخشىسى سالسام قۇلاق.
ئېخ، مېنىڭ گۈلزار دىيارىم، قانچىلىك كۆركەم بۆگۈن
ساڭا شەيدا، م. يۈسۈپى ئەمدى چەكمەس دەرت - پىراق.

# ناخشا تېكىستلىرى

**مەھەممەت رەھىم**

## گۈل

كىم گۈزەللىك يارى بولسا قەلبىگە پۈركەندى گۈل،
كىم رەزىللىك ئىستىسە، ئۇندىن ھامان يىرگەندى گۈل.

گۈلگە تەققاس ئەيلىسەم پەرۋاندەك مەشۇقنى مەن،
ئاشىقى پەيۋەندە بۇلبۇل ئىشقىدا ئۆرتەندى گۈل.

ئۇخشتىپ بەختىمنى گۈلگە، ياشىنىدىم گۈلدەك دىسەم،
بەختىيارلىق بابىدا مەندىن ساۋاق ئۆرگەنىدى گۈل.

گۈل دىسەم دەۋرەمنى مەن، قىلماي قانائەت ھۆسنىدىن،
شۇ گۈزەل دەۋرانىمىز ئاپتاۋىدىن نۇر ئەمدى گۈل.

## ئايدىڭدا

باھارنىڭ خۇش ھاۋاسىدىن ھايات كۈلمەكتە ئايدىڭدا،
ئىلمگە مېھرىنى بەرگەن نىگار كەلمەكتە ئايدىڭدا.

تولۇن ئايدىن تۆكۈلگەن نۇر ئۇنىڭ گۈل ھۆسنىدە ئوينار،
تەبىئەت ھۆسنىگە شۇدەم ھۆسۈن بەرمەكتە ئايدىڭدا.

چىرايلىق كېچىلەر قىزنىڭ پىكىر دەرياسىغا ئىلھام،
پايانسىز كائىنات ئۈززە قانات كەرمەكتە ئايدىڭدا.

تەسەۋۋۇر ئىلكىدىن ھالقىپ نىشان كۆزلەيدۇ يۇلتۇزدىن،
ۋەتەن ئارزۇسىغا شۇنداق كۆڭۈل بۆلمەكتە ئايدىڭدا.

## مېنىڭ كۆڭلۈم

ۋەتەن-ئەل ئىشقىدىن چەتنەپ ھوزۇرلانغان ئەمەس كۆڭلۈم،
مۇقەددەس بۇرچىنى ئۇنتۇپ نەپەس ئالغان ئەمەس كۆڭلۈم.

تۈمەن خىل بولسىمۇ گەرچە ھايات كارۋانى باسقان يول،
مۇشەققەتسىز ئاسان يولغا نەزەر سالغان ئەمەس كۆڭلۈم.

بۈگۈن ھەم ئەتىگە لايىق ئۇلۇغ خىسلەت مۇجەسسەمدۇر،
زامانەم روھىدىن ئەسلا كېيىن قالغان ئەمەس كۆڭلۈم.

## سېغىنىش

سېغىندىم دەپ يېزىپ بىر خەت
ئەۋەتسەم ھىجرىدە يارنىڭ،
بىتاقەت بولغىنچە كۆڭلۈم،
ئۇچۇرى كەلدى دىلدارنىڭ.

«سېغىنساڭ، — دەپتۇ شۇ خەتتە، —
سىنايمەن سېنى تاقەتتە.
ئاشار مەرتىلەرچە مېھنەتتە
باھاسى، قەدرى دىدارنىڭ».

ئۈمىدنىڭ خەت بىلەن كەلدى،
دىلىمغا گۈل - چېچەك تەردى،
ۋىسالىنىڭ نۆۋىتى ئەمدى
مۇھەببەتتە ۋاپادارنىڭ.

# ئىككى غەزەل

سادىر سادىرى

## جاڭ خەيدىڭگە مەدھىيە

يۈرەكلەرنىڭ قېتىدىن چىڭ ئورۇن ئالدى ئەزىز نامىڭ،
ئىسىل ئۈلگە بولۇپ قالدىڭ ئىشىپ ئەلدە شەرەپ - شانىڭ.
پەزىلەت - خىسلىتىڭ ئىلھام بەخش ئەتتى ۋۇجۇدۇمغا،
شۇڭا نەزمە يازار شەنىڭ ئۈچۈن كۆيىچى غەزەلخانىڭ.
كىسەللىك كەلسىمۇ قوشلاپ بىرىپسەنكى چىداش - بەرداش،
پولاتتىنمۇ ئەجەپ مەھكەم ئىكەن، سىڭلىم، تېنىڭ - جانىڭ.
بولۇپسەن شۇنچە لەۋ تەشنا ئىلىم - پەن كەۋسىرىن ئىچىتىڭ،
بىلىمدىن ئاشتى ئەقلىڭمۇ، بىلىمدىن كەلدى دەرمانىڭ.
كىتاپنى سەن تۇتۇپ يار - دوست، ئۇنى شەرۋەت بۇلاق بىلدىڭ،
كىتاپ چاچتى دىلىڭغا نۇر، كىتاپ بولدى قەدىردانىڭ.
مېيىپ بولساڭمۇ، كۆرگەندە مېيىپلەرنى چىدالماستىن،
كۆيۈندىڭ شۇنچىلىك قىزغىن، تومۇردا قايندى قانىڭ.
جاسارەت ۋە تىرىشچانلىق بىلەن بولغاي مۇرات ھاسىل،
بۇ خىسلەت ساڭا يار بولغاچ گۈل ئاچتى ئارزۇ - ئارمانىڭ.
سۆيۈپ جاندىن گۈزەللىكنى، يامان كۆردۈڭ رەزىللىكنى،
يورۇق تاڭدەك گۈزەللەشتى، تولۇپ گۈللەرگە ھەر يانىڭ.
زامانلاشماق يولىدا سەن كەبى ئۈلگەم بىلەن شاتمەن،
ئۆگەنمەك ئىستىگىمدۇركى، يېتەكلەر ئالغا بەرۋازىڭ.

## شەرەپلىكمەن

مېنىڭ نامىم مۇئەللىمدۇر، شەرەپلىكدەن ئۆزۈم بۇندا،
قاباھەتلىك ئۇ چاغلاردا ئۆتۈمسىزدى سۆزۈم بۇندا.
تۇمان تارقاپ، قۇياش پارلاپ، رەزىللىك بولدى شەرمەندە،
قاراڭ، نۇرلاندى ياش تۆكمەي مېنىڭ ئۆتكۈر كۆزۈم بۇندا.
ئۇماق غۇنچە - چېچەكلەر تەلپۈنۈپ دەيدۇ مېنى باغۋەن،
خوشالمەن، بەختىيار قىلدى ئادالەتلىك تۈزۈم بۇندا.

# تۈلكىنىڭ كېسەل داۋالىشى

(مەسەل)

ۋاھىتجان غوپۇر

قاغدال تۈلكە ئورمانلىقنى بىر-بىر كېزىپ،
تارقىتىپتۇ ھەر تەرەپكە ئېلان يېزىپ.
دەپتۇ: «كېسەل كۆرەلەيمەن، ئۆزەم دوختۇر،
مەندەك قولى شىپالىق بۇ يۇرتتا يوقتۇر.»
مەلۇم كۈنى چىشى بۆرە ئوۋدىن يېنىپ،
بىر كىيىكنى تۇتۇپ كەپتۇ ئۆيگە ئېلىپ.
بالىلىرى بەك ئېچىرقاپ كەتكەن ئىكەن،
باشقا كىيىپ ئۆيىنى پەريات چەككەن ئىكەن.
كۆرۈپ ئۇلار كىيىكنى، دەس قوپۇشۇپتۇ،
گۆش تالىشىپ بىر-بىرىنى بوغۇشۇپتۇ.
شۇ ئەسنادا، كەنجى كۈچۈك يۇمۇلاپتۇ،
سۆڭەك تۇرۇپ قېلىپ گالغا دومۇلاپتۇ.
چىشى بۆرە ئەنسىرەپ بۇ ھالنى كۆرۈپ،
باشلاپ كەپتۇ تۈلكىجاننى ئىزلەپ يۈرۈپ.
كېلىپ ئۆيگە تۈلكە، توختام تۈزۈشۈپتۇ،
داۋالاشنىڭ ھەققىنىمۇ پۈتۈشۈپتۇ.
ئاندىن تۈلكە ئىش باشلاپتۇ تەرتىپ بىلەن،
سومكىسىدا كۆپكەن دورا، ئەسۋاپ دېگەن.
بىر تۆۋرۈككە باغلاپ كەنجى كۈچۈكنى ئۇ،
قايرىپ تۇرۇپ چىڭ تۇتۇپتۇ بويىنىنى ئۇ.
ساپتۇ تۆمۈر كەرىگىنى نىقتاپ تازا،
ھەم يىرتىپتۇ ئۇ كۈچۈكنىڭ ئاغزىنى راسا.
ئوڭ قولىدا كارنىيىنى مەھكەم بوغۇپ،
سول قولىنى ئاغزىغا چىڭ نىقتاپ سۇنۇپ؛
تۇرۇپ قالغان سۆڭەكنى ئۇ ئاپتۇ تارتىپ،
«ئىش پۈتتى» دەپ ئولتۇرۇپتۇ تەرىن ئەرتىپ.
بىراق كەنجى كۈچۈك شۇ چاغ قۇسۇپتۇ قان،
يىقىلىپتۇ ھالسىزلىنىپ، بېرىپتۇ جان.
چىشى بۆرە بۇ قاباھەت ھالنى كۆرۈپ،
بالىسىنىڭ ھەسرىتىدە قەلبى كۆيۈپ
ئېسىلىپتۇ تۈلكە جاننىڭ ياقىسىغا،

دەرەخ تېپىپ راسا ئۇنىڭ ساغرىسىغا:
«ھۇ بەچچىغەر، قىلدىڭ ھالاك بالامنى سەن،
تۆلە، قاتىل، ئەزىز جىگەر پارەمنى سەن!»
كۆرۈپ چەشى بۆرىنىڭ بۇ ئەلپازىنى،
دەرەخ تۆلكە قويۇۋېتىپ ئاۋازىنى:
«بەس! ھەددىڭدىن ئاشما، بۆرە ئاغچە، مۇنچە،
تەپ تارتماستىن تىللايسەنغۇ مېنى شۇنچە؟!
ئۆزەڭ چىللاپ كەلدىڭ مېنى، ئالدىراتتىڭ،
ئەھۋال ئېيتىپ كۆزلىرىڭنى پاقىراتتىڭ.
تەكلىۋىڭگە ئاساسەن مەن جاپا چېكىپ،
مۇشكۈلۈڭنى ئاسان قىلدىم چارە تېپىپ.
پەرزەنتىڭنىڭ كارنىيىغا تۇرۇپ قالغان
سۆڭەكنىلا ئېلىۋەتتىم، شۇنچە چاققان.
نەتىجىلىك پۈتتى، دېمەك، سەن دېگەن ئىش،
ئورۇنسىزدۇر يەنە ھۆتۈت-پۆتۈت دېيىش!
ئۆلۈشى ياساق قېلىشى پەرزەنتىڭنىڭ
ماڭا ھېچبىر ئالاقىسىز، قىلما غىڭ-پىڭ.
داۋالىغان ھەققىمنى بەر، توختامنى سەن
بۇزما مۇنداق كۆكەملىك پەيلىڭ بىلەن!»
دەرەخ تۆلكە غەم تارتماستىن بۇرۇت تولغاپ،
ئۆزىنى چوڭ ئىش قىلغاندەك مەغرۇر چاغلاپ..



# رازىيە

(ھېكايە)

مۇھەممەت روزى يارقىن

كەچكە يېقىن ئارشاڭ جىلغىسىدىكى كىچىككىنە بىر مەھەللىگە يېتىپ كەلدىم، سەھەردىن بېرى يول يۈرۈۋاتقانلىقىم ئۈچۈن قاتتىق چارچىغان ھەم ئېتىممۇ ھالسىرىغان ئىدى. لېكىن جىلغىنىڭ گۈزەللىكىنى كۆرۈشۈم بىلەنلا تېتىكلىشىپ كەتتىم.

ئۇزاققا سوزۇلغان بۇ جىلغىنىڭ ئىككى تەرىپى قاتمۇ-قات تاغ بولۇپ، ئېتەكلىرىنى رەڭمۇ-رەڭ گۈل-گىيالار قاپلىغان ئىدى، جىلغىنىڭ كۈن پېتىش تەرىپىدە يەنە بىر كىچىك جىلغا بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇچى ئېگىز ۋە تىك بىر تاققا تاقىشاتتى، ئۇ يەردە قاچانلاردىدۇ پارتلاپ ئۆچكەن يانار تاغدىن ھاسىل بولغان بىر مۇنچە ئىسسىق بۇلاقلار بولدۇقلاپ تۇراتتى ۋە ئۇلارنىڭ ئېقىنلىرى قوشۇلۇپ كىچىك بىر شاقىراتما پەيدا قىلغان ئىدى. شاقىراتما جىلغىدىكى ئۆستەڭگە قۇيۇلۇپ نەلەرگىدۇ ئېقىپ كېتەتتى. ئەتىگەنلىكى بۇلاقلاردىن كۆتۈرۈلگەن ھور تاغ باغرىنى تۇمانلاشتۇرۇۋېتەتتى.

مەن باراقسانلىق قورا ئالدىغا كېلىشىم بىلەنلا قورادىن بىر ئالا ئىت ئوقتەك ئېتىلىپ چىقىپ قاۋاشقا باشلىدى، ئۇ، مېنى راستىنلا تالىۋېتىدىغاندەك كۆرۈندى، شۇ چاغدا تەلىيىمگە يارىشا قورادىن بىر قىزنىڭ ئىنچىكە ئاۋازى ئاڭلاندى:

— يولۋاس، كىمكەن ئۇ؟ يولۇچى بولسا تورىۋالما.

ئالا ئىت سەل قۇلاق سالغاندەك قىلدى-يۇ، لېكىن قاۋاۋەردى. مەن قىزنىڭ

بالدۇرراق چىقىپ ئىتنى ئەكىرىپ كېتىشنى تەقەززالىق بىلەن كۈتتۈم. خېلىغىچە قىزنىڭ ئاۋازى ئاڭلانمىدى. مەن بوينۇمىنى سوزۇپ قوراغا قارىدىم. دەرەخلەر توسۇۋالغاچقا قىزنى كۆرەلمىدىم. ئاخىرى مۇراجەت قىلدىم:

— سىڭلىم، مال دوختۇرى سىيىت غازىكامنىڭ ئۆيى قەيەردىكىن؟

— ئالدىڭىزغا مېڭىڭ، ئۇ بىزنىڭ خوشنىمىز، — قىز جاۋاپ بەرگەندىن كېيىن ئىتقا تووۋلىدى، — يولۋاس، قايتىپ كىر!

ئالا ئىت ئاۋازىنى پەسەيتىپ غىڭشىپ قويدى - دە، قۇيرۇغىنى شىپاڭشىتىپ قويۇپ كىرىپ كەتتى.

مەن ئاتتىن چۈشتۈم ۋە ياندىكى قورا ئالدىغا ئېتىمنى يېتىلەپ كەلدىم. دەرۋازىنى خېلى ئۇرغىنىمدىن كېيىن، 50 ياشلارنىڭ قارىسىنى ئالغان دوغىلاق، قارامتۇل، ئاق يۈزلۈك بىر كىشى چىقتى.

— سىيىت غازىكامنىڭ ئۆيى شۇمىكىن؟ — سورىدىم ئۇنىڭدىن.

— ھە، شۇ، شۇ، — دىدى ئۇ قىزغىنلىق بىلەن، — سىيىت غازى مەن بولىمەن، سىز...

— مەن ئوبۇلجان بولىمەن.

— ئوبۇلجان؟ — ئۇ ئويلىنىپ قالدى.

— ناھىيىلىك مال دوختۇرلۇق پونكىتىدىكى قاسىم ئاكا سىزگە...

— ئوھوي ... ئېسىم قۇرۇسۇن، ھىلىقى قويلاردىكى ماڭقا كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش دورىسىنىڭ ئۈنۈمىنى تەكشۈرگىلى كەلگەن ئوبۇلجان دىگىنە؟! قاسىم ئېيتقان، لېكىن ئۇنىڭغا 20 كۈندىن ئاشتى، ئەمدى قەدىمىڭ يېتىپتۇ - دە. مەيلى، مەيلى، قاچانلا كەلسەڭ سەن بىزگە مېھمان، يۈر، ئۆيگە كىرەيلى، ئۆيگە كىرەيلى.

ئۇ، خۇش خۇيلۇق بىلەن ئېتىمنىڭ چۇلۋۇرىنى ئالدى.

ئۇلار ئازادە ئۈچ ئېغىزلىق ئۆيدە ئولتۇرىدىكەن. مەن پاكار سۇپىسىغا ئىككى شىرداق سېلىنغان پاكىزە بىر ئۆيگە باشلاندىم، سىيىت غازىكامنىڭ ئايالى ئوچۇق چىراي، چاققان ئايال ئىكەن، ھەش - پەش دىگۈچە چاي تەييارلىدى. ئارقىدىن ھاردۇق ئېشى دەپ گۆشلۈك سۇيقاش ئەتتى. مەن ھېچقانداق تەكەللۇپ قىلمايلا ئىككى چىنە ئىچىۋەتتىم.

تاماقتىن كېيىن سىيىت غازىكام بىلەن ئەتىكى ئىشلار ئۈستىدە پاراڭلاشتىم. كەچكىرىپ، پاراڭلىرىمىز تۈگەپ، بىزنى ئەسنەك تۇتتى. ئۇخلاشقا ياتتۇق.

كۆزلىرىمگە ئەمدىلا ئۇيقۇ ئولاشقاندا بىر قىزنىڭ دۇتارنىڭ زىل ئۈنىگە تەڭكەش قىلىپ ئېيتىۋاتقان ناخشىسى ئاڭلاندى. ناخشا تولىمۇ يېقىملىق ئىدى. بىر دەمدىلا كۆزلىرىمدىن ئۇيقۇ قېچىپ ناخشىنى بېرىلىپ ئاڭلاشقا باشلىدىم. لېكىن سىيىت غازىكام خورەك تارتىپ پەيزىمنى قاچۇردى. مەن قاتتىقراق قىلىپ يۆتىلىپ قويدۇم. ئۇ، سەزگۈر ئىكەن، دەرھاللا ئويغىنىپ ئۆزىنى ئوڭشىۋالدى، ئاندىن بېشىنى كۆتىرىپ ناخشىغا قۇلاق سالدى.

— ھىم، تومۇراخۇن تېخى كەلمەپتۇ - دە، — دىدى ئۇ بېشىنى قايتا ياستۇققا قويۇپ.

— تومۇراخۇن دىگەن كىم ئۇ؟ — سورىدىم مەن قىزىقىپ.

— بىزنىڭ خوشنىمىز، ئۆزى ئۇستا تومۇرچى، لېكىن بىر كۈن ھاراق ئىچمىسە تۇرالمايدىغان ئادەم، بۇ ناخشا ئېيتىۋاتقان ئۇنىڭ قىزى رازىيە.

— بۇ قىز ناخشىنى ئوبدان ئېيتىدىكەن.

— لېكىن ئۇ بىر بىچارە قىز - دە.

— قانداقلارچە، ئۇنىڭ ئاپىسى يوقمۇ - يا؟

— ئاپىسى خېلى بۇرۇنلا تۈگەپ كەت-

كەن. تومۇراخۇن كېيىن بىر ئايالغا ئۆيلەن-
گەن، بىراق بۇ ئايال رازىيەگە ياخشى قا-
رىمىدى. تومۇراخۇن قىزىنى جېنىدىن ئەزىز
كۆرگەچكە خوتۇنىنى قويۇۋەتتى.

— قىزىنى شۇنچە ياخشى كۆرىدىغان
ئادەم قىزىنى يالغۇز قويۇپ هاراق ئىچكىلى
كەتكىنى قىزىق ئىش.

— هەي، ئۇ ئادەم قىزىنىڭ دەردىدە
شۇنداق قىلىدۇ. ئىشتىن هېرىپ ئۆيگە كىرسە
قىزىنىڭ مىسكىن هالدا ئولتۇرغىنىنى كۆرد-
ۇ-دە، كۆڭلى بۇزۇلۇپ چىقىپ كېتىدۇ،
بىچارە قىزغا يولۋاس دېگەن ئالا ئىت دائىم
هەمرا.

— يولۋاس؟ — مەن دەرهال بايىقى
ئالا ئىتنىڭ ئىگىسى رازىيە ئىكەنلىكىنى هېس
قىلدىم، مەن بىر ئاز ئويلىنىپ قېلىپ سورى-
دىم، — رازىيە نېمىشقا مىسكىن ئولتۇرىدۇ؟

— ئۇنى سورىماي قوي ئوكا، بىر-
نەچچە كۈن تۇرساڭ ئۆزەڭ بىلىۋالىسەن.

سېيىت غازىكام شۇ سۆزدىن كېيىن
جىم بولدى.

مەن قىزنىڭ يۈرەكنى ئەزگۈدەك مۇڭ-
لۇق ناخشىسىغا قۇلاق سېلىپ يېتىپ ئۇخلاپ
قاپتىمەن.

ئەتىسى سېيىت غازىكامنىڭ هەمرال-
ىقىدا ئىسسىق بۇلاقنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى ياي-
لاقتا بېرىپ قويلارنى تەكشۈردۈم. ئۇلارنىڭ
كېسەللىك ئۆزگىرىشلىرىنى خاتىرىلىدىم. قاي-
تىدىغان چاغدا سېيىت غازىكام:

— ئوكا، ئەگەر يولدىن ئېزىپ قالماي-
مەن دېسەڭ مېڭىپ تۇرغىن. مەن ئارقاڭدىنلا
بارىمەن، — دېدى.

— نېمە ئىشىڭىز بار ئىدى؟ — دېدىم
مەن يالغۇز قايتىشنى خالىماي.

— هەي، كۆرمەمسەن ئوكا، ئاخشام
تومۇراخۇنغا يېشى ئەللىكتىن ئاشقان بىرسى
كويۇغۇل بولماقچى بولۇپ ئېغىز ئېچىپتۇ،
تومۇراخۇن بەكمۇ هار ئېلىپ كېتىپ هاراقنى
بولۇشىغا ئىچىپتۇ. كېتەمەن دەپ چىقىپ كې-
تىپتىكەن، تېخىچە ئۆيگە كەلمەپتۇ. ئۇنى ئىز-
لەپ باقاي.

— ئۇنداقتا مەنمۇ سىزگە ياردەملىشەي.

— بولدى ئوكا، چۈشتىن كېيىن يەنە
بىرمۇنچە ئىشىڭ بار، سەن قايتىپ دەم ئال.

سېيىت غازىكام ئېتىغا مىنىپ كېتىپ
قالدى، مەنمۇ يولۇمغا ئات سالدىم.

مەن تاغ ئېغىزىدىن چىقىپ هور كۆ-
تىرىلىۋاتقان ئىسسىق بۇلاققا يېقىنلاپ كەل-
دىم. بۇلاقلارنى تاماشا قىلىپ ئۆتۈش مەقسە-
دىدە توپىلىككە چىقتىم-دە، ئېتىمدىن چۈشتۈم.

تۇيۇقسىز ئالدىمدىكى قىيىن دەرىخى-
نىڭ تۈۋىدە ئولتۇرغان ئاق كوينەكلىك بىر
قىزنىڭ:

— كېلىۋاتقان كىم ئۇ؟ — دېگەن ئۇن-
لۇك ئاۋازى ئاڭلاندى.

— مەن، مەن، — دەرهاللا جاۋاپ
بەردىم.

قىز ماڭا قايرىلىپ قارىمىدى. لېكىن
ئۇنىڭغۇنكى ئالا ئىت گويا يەردىن ئۈنۈپ
چىققاندەكلا ئالدىمدا پەيدا بولۇپ قاۋاشقا
باشلىدى. مەن بۇ قىزنىڭ رازىيە ئىكەنلى-
نى بىلدىم.

— سىڭلىم، يولۋىسىڭىزنى چاقىرىۋېلىڭ.

— يولۋاس، قايتىپ كەل، — بۇيرۇق
قىلدى قىز دەرهاللا. ئىت شۇئانلا كۆز ئا-
لدىمدىن غايىپ بولدى.

— سېيىت غازىكامنىڭ ئۆيىگە كەلگەن
مېهمان سىزمۇ؟ — قىز ماڭا بۇرۇلۇپ سورىدى.

مەن قىزنىڭ چىرايىنى خېلى ئېنىق
كۆردۈم. ئۇ يۇمىلاق ئاق يۈزلۈك، زىلۋا،
ئوماققىنە قىز بولۇپ 18 - 19 ياشلاردا كۆ-
رۈنەتتى. ئۇ، ئىككى تال ئۆرۈۋالغان تۇم

چىچىنىڭ بىردىنى قولىدا ئوينىناپ ئولتۇراتتى.
ــ سىز تۆمۈر ئاكامنىڭ قىزىمۇ؟ ــ
دېدىم مەن ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ.
ــ سىز دادامنى تونامسىز؟ ــ تەمكىن-
لىك بىلەن سورىدى قىز.
ــ سىيىت غازىكام دادىڭىزنى ئىزلەپ
كەتتى.
ــ بىكار ئاۋارە بولۇپتۇ، دادام بايا
قايتىپ كەلدى، دۇكىنىدا ئىشلەۋاتىدۇ.
قىز شۇ سۆزدىن كېيىن بېشىنى كۆتەر-
دى. ئۇنىڭ ھەركەتسىز كۆزلىرى ماڭا شۇ
قەدەر غەلىتى كۆرۈندى، تومۇرلىرىمدا سو-
غاق بىر ئېقىم پەيدا بولدى. مەن ئۇنىڭ
كۆزلىرىدىن گۇمانلاندىم.
ــ سىزنىڭ كۆزىڭىز؟ ــ دەۋەتتىم مەن
ئۆزەمنى تۇتالماي.
قىز شەلپەردەك قىزىرىپ كەتتى، ئۇ
بىر سېكۇنتچە جىمغىنە تۇرۇپ بىردىنلا تە-
تۈر قارىۋالدى-دە، بوشاشقان ھالدا:
ــ مېنىڭ كۆزۈم كۆرمەيدۇ، ــ دېدى
ئەلەم بىلەن.
مەن چۆچۈپ كەتتىم، چۈنكى ئۆزەمنى
ئەيىپلىك ھېس قىلغان ئىدىم. قىزنىڭ مە-
يۈسلەنگەنلىكىنى كۆرۈپ شۇ گەپنى دېگىنىم-
گە پۇشايمان قىلدىم.
ــ مېنى كەچۈرۈڭ، ــ دېدىم مەن خې-
لىدىن كېيىن تىترەك ئاۋازدا.
ــ ھاجىتى يوق، بەرىبىر مېنىڭ كۆ-
زۈم كۆرمەيدىغۇ؟
ــ شۇنداقتىمۇ سىزگە ئازار بەرگەن-
دەكلا گەپ قىلدىم. ھەي، كۆزىڭىزنى داۋالى-
تىش مۇمكىن بولامىغانمىدى؟
قىز چوڭقۇر تىنىپ بېشىنى چايقىدى.
ــ تۇغۇلۇشتىنلا شۇنداقمىدى؟
ــ ياق، 11 ياش ۋاقتىمدا قارلىق
دالىدا كۆپ ئوينىۋېتىپ كۆزۈمنى قار چېقى-
ۋەتكەن ئىكەن، ئۇ چاغدا 5-سىنىپتا ئوقۇيت-
تىم. دادام بىر ئىش بىلەن شەھەرگە كەت-
كەن ئىدى. ئۆيدە ئۆگەي ئاپام بار ئىدى.
كۆزۈم بىر ھەپتە ئاغرىدى، لېكىن ئاپام كۆ-
ڭۈل بۆلمىدى. دادام قايتىپ كېلىپ كۆزلىرىم-
نىڭ ئىششىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ ئاپامغا
ئاچچىقلاندى. مېنى ئېلىپ شەھەرگە ماڭدى،
لېكىن شەھەرگە بارغىچە يەنە ئىككى كۈن
ئۆتتى، ئۇ چاغلار «مەدەنىيەت ئىنقىلابى»
بولىۋاتقان چاغلار ئىدى. دوختۇرلارمۇ ياخ-
شى كۆرمىدى، ئاخىرى مۇشۇنداق بولۇپ
قالدىم.
ــ ھازىرچۇ؟ ھازىر داۋالىنىش كېرەك
ئىدىغۇ؟
ــ دادام پۇل يىغىپ ئۈرۈمچىگىچە
ئاپاردى. دوختۇرلار ۋاقتى ئۆتۈپ كېتىپتۇ
دەيدۇ....
رازىيەگە بەكمۇ ئىچىم ئاغرىدى، ئۇنىڭ
گۈلدەك چىرايىنى سولدۇرغان، مەسۇم كۆڭلى-
گە مەيۈسلۈك ئېلىپ كەلگەن ھەركەتسىز
كۆزلىرىگە ئېچىنىش بىلەن باقتىم. ئۇنىڭ
باشقىلارغا ئوخشاشلا ئارزۇ-ئۈمىتلىرى با
بولغىيدى؟! تەبىئەت گۈزەللىكىدىن بەھرىمەن
بولۇش ئىنسان ئۈچۈن بەختلىك بىر ئىش...
ئۇ، ھەقىقەتەن غازىكام ئېيتقاندەك بىچارە
قىز ئىكەن.
ــ تېزرەك قايتىۋېلىڭ، ــ دېدى رازىيە
بىردىنلا، ــ يامغۇر ياغىدۇ.
مەن دەرھال ئاسمانغا قارىدىم. ئاس-
ماندا قوغۇشۇن رەڭلىك بىر نەچچە پارچە
بۇلۇتنى ھىساپقا ئالمىغاندا ھاۋانى ئوچۇق
دېيىشكە بولاتتى.
ــ يامغۇر ياغىدىغاندەك ئەمەس، ــ
دېدىم مەن ئىشەنمىگەن ھالدا.
ــ لېكىن مېنىڭ يۈزۈمگە سوغاق يام-
غۇر شامىلى ئۇرۇۋاتىدۇ، ــ دېدى رازىيە بىر
خىل ئىشەنچە بىلەن، ــ بۇ ئۆتكۈنچى قاتتىق
يامغۇر، سىز تاغنىڭ ھاۋاسىنى بىلمىسىڭىز

كېرەك. ئۇ كىچىك بالىغا ئوخشاش ھەسلى كۆلسە، ھىلى يىغلايدۇ.

— ئۇنداقتا سىزمۇ يامغۇردا قالىسىز، — دېدىم مەن كۆيۈنگەن ھالدا، — بەلكە قايتايلى، سىز ئېتىمغا مىنىۋېلىڭ، مەن ئاپىرىپ قوياي.

— رەھمەت سىزگە، سىز كېتىۋېرىڭ، مەن يامغۇر ياققىچە تاغنىڭ تونۇش، يېقىن يوللىرى بىلەن بىردەمدىلا ئۆيگە بېرىۋالىمەن.

رازىيە شۇ سۆزنى قىلدى-دە، يولۋاسنى چاقىرىپ قارىغايزارلىق ئارىسىغا كىرىپ كەتتى. مەن ئاتقا سەكرەپ مىنىپ بېشىنى رازىيە ماڭغان يولغا بۇرىدىم. چۈنكى ئۇنىڭدىن ئەنسىرىگەن ئىدىم. بىراق قارىغايزارلىقتىكى چىغىر يولدا رازىيە كۆرۈنمەيتتى. ئېتىم بىر پەسكە، بىر ئىگىزگە ماڭغاچقا يولنى ئاۋۇتالمىدىم. بىر چاغدا چىغىر يولنىڭ تاغ ئۇستىگە قاراپ سوزۇلغانلىقىنى كۆردۈم. مەن پەسكە قارىدىم. بىراق بۇ يەردىن مېڭىش خەتەرلىك ئىدى. «رازىيە قانداق ماڭغاندۇ؟» دېگەننى خىيالىمدىن كەچۈردۈم. ئاخىرى ئامالسىز كەينىمگە ياندىم. ئىسسىق بۇلاققا يەتمەي تۇرۇپلا شىددەتلىك يامغۇردا قالدىم....

ئاردىن ئۈچ كۈن ئۆتۈپ ئاقتاش يايلىغىغا كەلدىم. بۇ يەر بىلەن ئارشاڭ جىلغىسىنىڭ ئارىلىقى 10 كىلومېتىرچە كېلەتتى. مەن چۈشلۈك تاماقنى يەپ بولۇپلا خىزمەتكە كىرىشىپ كەتتىم، چۈنكى چۈشتىن كېيىن سېيىت غازىكام بىلەن سارچوقا يايلىغىغا بېرىشنى كېلىشىپ قويغان ئىدىم.

مەن ئىشلىرىمنى تۈگىتىپلا يولغا چىقتىم ۋە تېزرەك يېتىپ بېرىش مەقسىدىدە سۇلۇق ساي تەرەپكە قايرىلدىم، بۇ يەرنىڭ مەنزىرىسى تولىمۇ گۈزەل ئىدى. بۇلۇق ئۆسكەن ئوت-چۆپلەر مەيىن شامالدا يەلپۈنۈپ تۇراتتى، رەڭگا-رەڭ تاغ گۈللىرى خۇشپۇراق چاچاتتى. تاغ ئۇستىگە قارىغاندا ئاقتاغنىڭ كۆمۈش چوققىلىرى گويا ئاسماننى تىرەپ تۇرغاندەك شۇ قەدەر ھەيۋەتلىك كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ باغرىنى بويلاپ ئېقىۋاتقان كۆمۈش دەريا ھەيۋەتلىك شاقىراپ پۈتكۈل جىلغىنى لەرزىگە سېلىپ تۇراتتى.

مەن تاغدىن پەسكە ئات سالدىم، قويۇق قارىغايزارلىق ئىچىدە كېتىۋېتىپ يۈگۈرۈشۈپ يۈرۈشكەن ياۋا توشقان، بورسۇق، تۈلكىلەرنى كۆردۈم. بىر قارىغاينىڭ شېخىدا بىر جۈپ تېيىن تۇراتتى. توساتتىن ئېتىم



كىشنەپ، تىزگىنىنى تارتقىنىمغا ئۇنىماي چاپ-
چىدى. ئىككى تىپىن چۆچۈپ دەرھاللا ئۇ-
ۋىلىرىغا يۆگۈرۈشتى. مەن ھەيران بولۇپ
تۇرغىنىمدا ئالدىمدىكى قاراڭغۇلۇقتىن بىر قا-
را ئېيىق چىقىپ كەلدى. ئات ئۆزىنى يانغا
ئۇردى. مەن ئۆزەمنى ئوڭشاپ بولغىچە يىقى-
لىپ چۈشتۈم، ئېيىق ھۆكۈرەپ ئېتىلدى.
مەن چاقىقانلىق بىلەن ئورنىمدىن تۇرۇپ
قاچتىم. بىراق كۆپ ئۆزىمايلا بىر ئورەككە
گۈپ قىلىپ چۈشتۈم. بىر نەرسىگە قاتتىق
ئۇرۇلسام كېرەك، بەدىنىمنىڭ قاتتىق ئاغرى-
غىنىدىن، مىدىرلىيالماي قالدىم. ئېيىق ئورەك-
نىڭ بېشىدا پەيدا بولدى. ئۇ ماڭا قاراپ
ھۆكۈردى ۋە ئورەكنىڭ چۆرىسىنى ئايلاندى،
لېكىن ئورەك چوڭقۇر ۋە تىكرەك بولغاچقى-
مىكىن چۈشۈشكە جۈرئەت قىلالماي، ئاخىرى
كېتىپ قالدى....

مەن ئورنىمدىن تۇرۇش ئۈچۈن قولۇمغا
تايىندىم. بىراق ئوڭ قولۇم سۇنغان بولسا
كېرەك، كارغا كەلمىدى. سول قولۇمغا تايىنىپ
ئورنىمدىن تۇردۇم، ئورەك تېمىدىكى چوقچى-
يىپ تۇرغان تاشلارغا قول سوزدۇم. ئەمما
بىر قول بىلەن ئورەكتىن زادىلا چىقالمىدىم.
ئارىدىن قانچىلىك ۋاقىت ئۆتكەنلىگىنى بىلە-
مەيمەن، بىر چاغدا، ئاسمان گۈمبىزى قىزا-
دى. ئىنسان بولمىغان ئورماندا يالغۇز قېلىش
ئەلۋەتتە خەۋپلىك ئىدى. مەن كارغا كەلمە-
گەن قولۇمنىمۇ ئىشقا سېلىشقا مەجبۇر بولدۇم.
ئەمما بىر تاشتىن ئىككىنچى بىر تاشقا قول
ئۇزاتقىنىمدا يەنە يىقىلىپ چۈشتۈم. بۇ قې-
تىم ئورنىمدىن قايتا قوپالمىدىم .... كاللامدا
ھەر خىل ۋەھىمىلىك پىكىرلەر ھۆكۈم سۈ-
رۈشكە باشلىدى. يىراق بولسىمۇ ئەسلىدىكى
يول بىلەن قايتمىغانلىغىمغا قاتتىق پۇشايمان
قىلدىم.

ئەتراپ قاراڭغۇلاشتى. ئاسماندا يۇلتۇز-
لار جىمىرلاشقا باشلىدى، شامال قارىغايلار-
نىڭ شاخلىرىنى ۋەھىمىلىك شالدىرلىتاتتى.
قانداقتۇ بىر خىل قۇشلارنىڭ يېقىمسىز ئا-
ۋازى ئاڭلىناتتى. مەن توڭلاشقا باشلىدىم،
شۇڭا ئاستا توگىلىۋالدىم. «ئەمدى مۇشۇ
ياتقىنىمچە ئۇ ئالەمگە كېتىدىغان بولدۇم»
دەپ ئويلايتتىم بىر خىل ۋەھىمە ئىچىدە...
بىر چاغدا قۇلىغىمغا ئىتنىڭ ھاۋشىغىنى ئاڭ-
لاندى. مەن كۆزۈمنى ئېچىپ ئورەكنىڭ ئۈس-
تىگە قارىدىم. كۆزلىرىمدىن ئۈمىت نۇرى
چاقنىدى، ۋۇجۇدۇمدا قانداقتۇ بىر خىل غا-
يىۋى كۈچ پەيدا بولدى.

— يولۋاس! — دەپ توۋلىدىم مەن
ئورەكنىڭ ئۈستىدە ئايلىنىپ يۈرگەن ئالا
ئىتقا قاراپ.

ھايال ئۆتمەيلا ئاتنىڭ كىشنىشى ئاڭ-
لاندى. ئىتنىڭ يېنىدا رازىيە پەيدا بولدى،
ئۇ سىلاشتۇرۇپ يۈرۈپ ئورەكنىڭ ئاغزىغا
كەلدى.

— بۇ يەر بەكلا چوڭقۇرمۇ؟ — ئۇ يۈ-
كۈنۈپ، قولى بىلەن ئۆرەكنىڭ گىرۋىكىنى
تىرەپ تۇرۇپ سورىدى.

— چوڭقۇر، — دەپ جاۋاپ بەردىم مەن.

— قاياقتا ئورەككە يېقىن قارىغاي بار؟

— سول تەرىپىڭىزدە.

— كۈتۈپ تۇرۇڭ، مەن ھازىرلا چۈشۈمەن.

رازىيە بىر ئاغامچىنى ئېلىپ
كېلىپ ئۇنىڭ بىر ئۇچىنى قارىغايغا
باغلىدى، بىر ئۇچىنى ئۆزى تۇتۇپ ئورەك-
كە سىرىلدى. مەن ئۇنىڭ بىرەر خەتەر-
گە يولۇقۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ:

— چۈشمەڭ، چۈشمەڭ، — دەپ توۋلىدىم.

ئۇ پەرۋا قىلمىدى. ئورەككە چۈشۈپ مېنى
تاپتى، ئاغامچىنى بېلىمدىن مەھكەم
قىلىپ باغلىدى. ئاندىن ئاغامچا بىلەن
ئۈستىگە يامىشىپ چىقتى. رازىيەنىڭ

ھەركەتارى خېلىلا چاقىقان بولغاچقا، ئۇ گويا ماڭا ھەممە نەرسىنى كۆرۈۋاتقاندەكلا تۇيۇلدى.

رازىيە قارىغايغا باغلانغان ئاغامچىنى يېشىپ ئېگەرگە باغلىدى-دە، ئاتقا مىندى.

— دىققەت قىلىڭ، سىزنى تارتىمەن، — رازىيە ئاتنى ئاستا ئىلگىرىلەتتى. مەن كۆپ ئازاپلانمايلا ئورەكتىن چىقتىم....

— سىز قانداق قىلىپ بۇ ئورەككە چۈشۈپ كەتتىڭىز؟ — سورىدى رازىيە مېنى يۆلەپ.

مەن ئەھۋالنى سۆزلەپ بەردىم.

— سىزنى ئورەك ساقلاپ قاپتۇ.... غازىنكام سىزنى كېلىدۇ، دەپ كۆپ ساقلىدى. بىر چاغدا ئاقتاشتىن بىر مالچى كەلدى، غازىنكام سىزنى سورىۋىدى ئاللىقاچان كەتكەن، دەپ جاۋاپ بەردى. غازىنكام سىزدىن ئەكمۇ ئەندىشە قىلدى. داداممۇ غازىنكام بىلەن بىللە سىزنى ئىزلەپ چىقىپ كەتتى. مەن تىت-تىت بولدۇم. «يولۋاس» بىلەن قورا ئالدىغا چىقىپ سىزنى كۈتتۇم. بىر چاغدا ئېتىڭىز پۇشقۇردى. مەن سىزنىڭ يوقلىغىڭىزنى بىلىپ ئاندىن سىزنى ئىزلەشكە قارار قىلدىم-دە، «يولۋاس»نىڭ بويىنىنى باغلاپ، يېپىنىڭ بىر ئۇچىنى تۇتۇپ ئېتىڭىزغا مىندىم. مېنىڭ يولۋىسىم يول باشلىدى. بىز ئاخىرى بۇ يەرنى تاپتۇق.

— سىز بۇ قاراڭغۇ كېچىدە كۆپ جاپا چېكىپسىز، رەھمەت سىزگە.

— ھېچقىسى يوق، مەن ئۈچۈن قاراڭغۇمۇ، يورۇقمۇ بەرىبىر ئوخشاش.

ئۇنىڭ ئاخىرقى سۆزى مېنى قاتتىق ئويغا سالدى، توغرا، ئۇنىڭ ئۈچۈن قاراڭغۇ بىلەن يورۇقنىڭ پەرقى يوق. لېكىن ئۇ، بارلىق نەرسىلەرنى قەلبى بىلەن كۆرىدۇ، قاراڭغۇلۇقنى قەلبى بىلەن سېزىدۇ، تەڭرىنىڭ ئادالەتسىزلىكىگە ئەپسۇسلىنىمەن. چۈنكى يورۇقلۇقنى قاغاپ، قاراڭغۇلۇقنى تىلەيدىغانلارنىڭ چولپاندەك كۆزلىرى بار، لېكىن قۇياشنىڭ زەررىچە نۇرىغا تەشنا رازىيەنىڭچۇ؟

ئۇ ماڭا بىچارە ئەمەس، بەلكى ئۇلۇغۋار، سۆيۈملۈك بىر كىشى بولۇپ كۆرۈندى....

(بېشى 71-بەتتە)

سالى ئەپەندى چاپسان ئورنىدىن تۇرۇپ، ئىشىكنى دەرىزىگە يېقىن ئاپاردى-دە، يولۇچىلارغا تونۇشتۇردى:

— ئاۋۇ يالاڭباش ئادەم ئادىلىنىڭ ئۆزى شۇ، چىمەن دوبېلىغى ھەسەن دادۇيجاڭ، ئۇنى ھازىر ھېچكىم «كومسالدى» دېيەلمەيدۇ.

ئۇنىڭ سۆزى تۈگىشى بىلەن تەڭ ئاپتوۋۇزدىكىلەر گۈررىدە دەرىزىگە يېپىشتى. شۇ ئەسنادا، ئاپتوۋۇزنىڭ ئىشىگى ئېچىلدى، لېكىن ھېچكىم ئاپتوۋۇزدىن چۈشمىدى، سالى ئەپەندى ئاالدىن ئۆزى چۈشمىسە ئۇلارنىڭ ئۇنىمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، بىردەمدىلا تونۇشۇپ كەتكەن بۇ ئاقكۆڭۈل ئادەملەرگە ئارقا-ئارقىدىن رەھمەت ئېيتتى-دە، ھەمىنى ئەگەشتۈرۈپ ئاپتوۋۇزنىڭ ئىشىكىدىن چىقتى. ئۇنىڭ سەپەرداشلىرى جايىدىن ئەمدىلا قوزغالغاندا، سالى ئەپەندىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى بىلەن قىزغىن قول ئېلىشۋاتقانلىقىنى كۆرۈشتى.

# «خۇشخەۋەر»

(ھىكايە)

مەتقاسىم ئابدۇراخمان

قۇم ئېرىق دادۇيىدە ئەزالار ئەزەلدىن بۈگۈنكىدەك دە تالاش بولغان يىغىننى ئېچىپ باقمىغان. ئىلگىرى يىغىنغا سۆرىگەندەك كېلىپ مۈگدەشكە باشلايدىغان ياكى تەرەتكە ماڭغان بولۇپ غىپپىدە تىكىۋېتىدىغان ئەزالار بۈگۈن دادۇي قورۇسىدىكى تال بوستان ئاستىدا ياسىن سېكرىتارنىڭ قولىنى شىلتىپ تۇرۇپ قىلىۋاتقان سۆزىنى بىردە جىم، بىردە غۇلغۇلا قىلىشىپ قويۇپ ئاڭلاشماقتا ئىدى. ئۇنىڭ پىكىرى ياچېيكا ھەيئەتلىرى تەرىپىدىن «يۇقۇرى ئالدىدىلا مەسئۇل بولۇپ، ئەزالارنىڭ ئەھۋالى بىلەن ھىساپلاشماسلىق ياخشى ئەمەس ...» دېيىلىپ رەت قىلىنغان ئىدى، لېكىن ئۇ، گۇڭشې پارتكومىغا خۇشخەۋەر يەتكۈزۈشتەك ئۇنداق مۇھىم ئىشنى ھەرقانداق توسالغۇلارغا قارىماي بىر باشقا ئېلىپ چىقىش نىيىتىگە كېلىپ، ئەزالارغا مۇنداق بۇيرۇق چۈشۈردى:

— كۆزلۈك مايسا پەرۋىشنى باشقا دۈيىلەردىن بۇرۇن ئاخىرلاشتۇرۇپ گۇڭشېغا خۇشخەۋەر يەتكۈزۈش چوڭ شان-شەرەپ! كىمدە-كىم توپ قالدۇرۇپ ئوغۇتلاش، سۇغۇرۇش ئىشنى كەينىگە سۈرۈپ كاشىلا قىلىدىغان بولسا جەرىمانە ئېلىنىدۇ. جەرىمانىگە پۇلى يوقلارنىڭ مال-مۈلكى، ئۆي-سەرەمجانلىرى باھالاپ تاپشۇرۇۋېلىنىدۇ....

سېكرىتارنىڭ ئاخىرقى سۆزلىرى ئەزالارنىڭ ئاستا-ئاستا كۆچەيگەن غۇلغۇلىسى ئىچىدە ئاڭلانماي قالدى. ھەركىم ئۆزىچە ئاتايىن سېكرىتار ئاڭلىسۇن، دېگەندەك تەنە گەپلەرنى قىلىشاتتى:

— خامانى ئارامخۇدا قوشۇۋالغىلى قويسا بولاتتىغۇ! نەچچە كۈندىن بۇيان يامغۇردا ھۆل بولغان ئەنجىنى قۇرۇتىمىز دەپ ئاستىن-ئۈستۈن قىلىپ يۈرگىنىمىزنى بىلىدۇ. كۈن ئەمدىلا بىر ھەسجىيىپ چىقىۋىدى، ئۆلگۈرتۈپ بۇ ئىشنى تاپقىنىنى!

— شۇنى دەڭا، ھازىر ئەنجىنىڭ ئاستى

قارىداشقا باشلاپتۇ. مۇشۇ 1-2 كۈن ئىچىدە قوشۇۋەتمىسەك بۇغدايلار خاماندا ئۈنۈشكە باشلايدۇ. ئەستەغپۇرۇللا، ئۆز يېنىدا ئۆز گۆشىنى قورۇش دىگەن مۇشۇ-دە!

— تېخى 5 قول ① بولغان قوناقنى توپ قالدۇرغاننى نەدە كۆرۈپتىكى؟ بىر غېرىچ بولمىغان قوناقنى تاقلاش — ئۆز ئېشىگىغا ئۆزەك توپا سالغانغا ئوخشاش گەپقۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بىردىن توپ قالدۇرارمىشمىز، تېخى!...

— يېنى بىلەن كىمۇزنىڭ ئىشى يوق دىگەن شۇدە! سېكرىتار ئۆز ئەھۋالىغا قاراپ سۆزلەۋېرىدۇ. نىمىشقا دىگەندە، ئۇنىڭ ئوغۇتلىرى تەل، قاچان دىسە، ئېتىزىغا سۇ تەييار، چېكىسى ئاپتاپ كۆرمەي خامانلىرى قوشۇلۇپ بولدى. بىزنىڭ دادىمىزغا يېتەمتى ئۇ؟! ئۇنىڭغا «ياسىن سېكرىتار كۆزلۈك مايسا پەرۋىشىنى شەرەپ بىلەن 5 كۈن بۇرۇن ئاخىرلاشتۇردى....» دىگەن ماختاش بولسىلا بولدى!...

ئالدىدا ئولتۇرغانلاردىن بىرىنىڭ ئېغىزىدىن چىققان بۇ سۆز سېكرىتارنىڭ سەۋرى قاچىسىنى چېقىۋەتتى. ئۇ، يېنىدىكى بوغالتىرنىڭ ئاغزىدىكى تاماكىنى يۇلۇپ ئالدىدە، قوۋزىنى توشقۇزۇپ-توشقۇزۇپ شورىغاندىن كېيىن، سىلكىپ تاشلىۋېتىپ:

— ھە، نىمە ۋاراڭ-چۇرۇڭ!؟ چىدىغانغا چىقارغان دىگەن گەپ بار، جېرىسمانە تۆلەشكە چىدىمىساڭلار ئورۇنلاشتۇرغان ئىشنى قىلىڭلار، يىغىن تۈگىدى! — دىدى.

لېكىن كىشىلەر تارقاشقا ئالدىرىمىدى. سېكرىتار يىغىن مەيداندىن چىقىپ كەتكەچى بولۇپ مېڭىشقا تەمشىلىۋېدى، توپ ئوتتۇرىسىدىن ئاق، خەسىدە كۆينەك كىيىپ، كۆك رەختە بېلىنى باغلىۋالغان بىر كىشى:

— مېنىڭ ئازراق پىكرىم بار، — دەپ ئورنىدىن تۇردى.

ئۇ، قوم ئېرىقنىڭ كونىلىرىدىن بولۇپ، كۈلۈپ تۇرىدىغان، قىسىق كۆزلىرىدىن سەممىلىكى بىلىنىپ تۇرىدىغان، ئۆمرىدە تارتقان ھەممە رەنجى-كۈلپەتلىرىنىڭ نىشانى بولغان، ئىنچىكە قورۇقلار قارا ھەم ياداڭغۇ يۈزىدە ئەكس ئېتىپ تۇرىدىغان ئادەم ئىدى. ئۇ، سۆزىنى باشلا-باشلىماستىن ئەتراپىتىن:

— بارات ئاخۇن سۆزلىسۇن! ئۇ بىزنىڭ كۆڭلىمىزدىكى گەپلەرنى قىلىدۇ.... دىگەن سادالار ياڭرىدى. بارات ئاخۇن ئەتراپىدىكى كىشىلەرگە بۇرۇن كۆرمىگەندەك ئوبدانلا بىر قارىۋالغاندىن كېيىن، سۆزىنى باشلىدى:

— سېكرىتار، ئۆزلىرى بىزنىڭ بېشىمىز، سىلى قايان بولسىلا بىز شۇيان. ئەگەر دىگەنلىرىچە ئىشلەپ ھوسۇلىمىز ئاشسا سىلى تارتىۋالمايلا، ئەمما زىيان تارتىپ قالساق سىلىنى «تۆلەپ بەرسىلە» دىگىلى بولمايدۇ. شۇڭا ئەزالارنىڭ گېپىگىمۇ ئاز-تولا قۇلاق سېلىپ باقسىلا.

— قېنى، ئەزىمىڭىزنى ئەزمەي تېز سۆزلەڭ، ئالدىرايمىز! — دىدى سېكرىتار قاپىقىنى ئاچماي.

— ئۆزلىرىگە مەلۇم، ئون نەچچە كۈندىن بۇيان يامغۇر يېغىپ، قوم ئېرىقتىكىلەرنىڭ كۆپى خامىنىنى قوشالمىدى. بۈگۈنكىدەك ئاپتاپتا ئەنجىسىنى يۇمشىتىۋالمىسا يەنە بىر يامغۇر ياغدىمۇ، بۇغدايلار تۈگىشىدۇ. قوناق مايسىلىرىمۇ تېخى توپ قالدۇرغىدەك بولمىدى. مېنىڭچە، گۇڭشىغا خوش خەۋەرنى كۆزلۈككە — جىڭنىڭ چېكىتىگە قاراپ ئاندىن يەتكۈزسەك....

سۆز شۇ يەرگە كەلگەندە بىرەيلەن تاقەت قىلالماي:

— شۇ ئەمەسمۇ! ھوسۇلنى كۆرمەي

① 5 قول — 5 - 6 سانتىمېتىرغا تەڭ.

ىنمه خۇش خەۋەر يەتكۈزۈشكەن ئۇ!؟—
دەپ توۋلىدى.

ئۆز پىلانىنىڭ بۇزۇلۇشىدىن ئەنسىرەپ
قالغان سېكرېتار ھەممە ئاچچىغىنى بارات
ئاخۇندىن ئالماقچى بولۇپ:

— ئىشنى بۇزماقچى بولغانلارنىڭ بېشى
سەنكەنسەن - دە! سېنىڭ قۇتراتقۇلۇغۇڭ
بىلەن پىلانىمىز بۇزۇلسا، ھەممە ھساپنى
سەن بېرىسەن، پۈتۈن تەئەللۇقاتىڭ جېرى-
مانىگە چىقىشماي قالارمىكىن، بۇنىڭغا تەي-
يارلىق قىلىپ قوي! — دېدى.

— سېكرېتار، نىيىتىمىزنى چۈشەنسىلە، —
دەپ سۆزىنى داۋام قىلدى بارات ئاخۇن، —
بىر ئادەم ئاتامنىڭ ۋاقتىدىن تارتىپ بۇغ-
داي، قوناق تېرىپ كەلگەن كىشلەرنىڭ
ئەۋلادى. ئۆزىمىزگە زىيان بولىدىغان ئىشنى
ئەسلا قىلمايمىز. ئۆتكەن يىلى، سىلى بىر
ئوبدان ئۆسۈپ قوچقىراق① بولغان قوناقنى
بىمەھەل سۇغىرىشقا بۇيرۇدىلا. ئەزالارنىڭ
نارازىلىقىغا قارىماي سۇغىرىلغان يۈز مودىن
ئارتۇق يەردىكى قوناق ئازغىنا شامالدا
يېتىپ كەتتى، بېشى كۆن نۇرى كۆرمىگەچ
ئالاۋاش بولۇپ ئەزاغىمۇ، كوللېكتىپقىمۇ
زىيان بولدى. بەزى ئەزالارنىڭ ھۆپۈپ
قىچقارغان چاغدا يەيدىغان ئېشى تۈگەپ
كېتىپ «ناسۋال قاپاقتا نان بارمۇ؟» دەپ
خۇرجۇن كۆتىرىپ چىققىلى تاس قالدى. شۇ
ئىشلار ئېسىمىزدە تۇرۇپ يەنە خامانىنى
تاشلىۋېتىپ، مايسا پەرۋىشىگە چۈشۈپ كەت-
سەك زىيان كۆرۈلسە كىم ئىگە؟!

شۇ ئەسنادا، 18 - 19 ياشلاردىكى بىر
يىگىت گەپ قىستۇردى:

— سېكرېتار، سىلىنىڭ دېگەنلىرىچە ئىش
قىلساق، يەردىن ئەمدىلا بېشىنى چىقارغان
مايسىنىڭ ئىككى تۈپىنى بىر يۇلىمىز، قالغى-
نىنى قۇرۇت كېسىدۇ. ئەنجى بولسا خاماندا
ئۈنگەچ تۇرىدۇ. بىز «قۇم ئېرىق دادۇي
كۈزلۈك مايسا پەرۋىشىنى شەرەپ بىلەن
مۇددەتتىن بۇرۇن ئورۇنلىدى» دېگەن ئاڭ-
لىشتىن ھوزۇرلىنىپ ياتىمىز، شۇنداقمۇ؟...

يىگىتنىڭ بۇ تەنىسى ئاچچىقتىن يېرى-
لاي دەپ تۇرغان سېكرېتارغا خۇددى كۆ-
يۈۋاتقان ئوت ئۈستىگە ياغ چاچقاندەك
تەسىر قىلدى. ئۇ، ھەممە ئىشنى قىلغان
مۇشۇ باراتقۇ، دەپ بىلىپ بۇ ئادەمنىڭ
ئەدىۋىنى كېلىشتۈرۈپ بەرمەكچى بولدى - دە،
ئالىلقاچان ئورنىدا ئولتۇرۇپ بولغان بارات
ئاخۇنغا قولىنى شىلتىپ تۇرۇپ:

— سەن بارات داجەي! بىزنىڭ ياخ-
شىلىقىمىزدىن ئىككى ناننىڭ ئىگىسى بولۇپلا
ئۆتكەن كۈنۈڭنى ئۇنتۇپ قالدىڭ. ھە دېسىلا
گېپىمىزنىڭ بېلىگە تېپىپ، ئەزالار ئىچىدە
قۇتراتقۇلۇق قىلىسەن. بىلىپ قويغىنكى، يەر
كوللېكتىپنىڭ! ئەگەر يەنە خۇرجۇن يۈدۈپ
چىقىپ كېتىشنى خالىمىساڭ، ھوشۇڭنى يىغ-
ۋال!...

بارات ئاخۇننىڭ قان ياش بىلەن
يېزىلغان بىرنەچچە يىللىق تارىخىنىڭ شاھىدى
بولغان «بارات داجەي» دېگەن سۆزنىڭ
يەنە كېلىپ مۇشۇ سېكرېتارنىڭ ئاغزىدىن
چىقىشى ئۇنىڭ تەمكىن، سالماق مىجەزىنى
ئالىلقاياقلارغا چۆرۈۋەتتى. ئۇ، ئورنىدىن دەس
تۇرۇپ تەئەددى بىلەن سۆزلەپ كەتتى:

— سىلى ئۇنتۇپ قاللىمۇ؟ مېنىڭ
خۇرجۇن يۈدۈپ تىلەمچىلىككە مېڭىشىمغا
كىم سەۋەپچى؟ شۇ چاغدا سىلى مېنى
ئالدىمىغان بواسلا كالامنى، تۇلۇمدەك سە-
مىرگەن ساغلىقلىرىمنى ھەرقايسىلىرىنىڭ نەپ-
سىگە بىكارلا يۇلۇپ بېرىدىغان سۈپۈر-
گە زىيانكەشمىدىم مەن؟! ناھەق ئىش-
نىڭ ھامان سورىقى بولماي قالمايدۇ. ھا-
زىرچە گەپ سىلىنىڭ بولغاچ تۇرسۇن. كېيىنچە
«غانجۇغىدا كۆرۈشۈپ قالارمىز!...»، —

① قوچقىراق — ئەمدى دان تۈتاي دېگەن قوناق.

بارات ئاخۇن غەزەپ بىلەن يىغىن مەيدا-
نىدىن چىقىپ كەتتى.

ئۇ، ئۆيىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن،
تاماقمۇ نەزەر سالماي ئىچكىرىكى ئۆيگە
كىرىپ كەتتى - دە، گۈللۈك كىگىز ئۈستىگە
ئۆزىنى تاشلاپ ياتتى. ئۇنىڭ كاللىسىدا
ئۆزىنىڭ بايىقى سۆزلىرى بىلەن سېكرېتار-
نىڭ قوپال ھاقارەتلىرى غۇڭۇلدايتتى. ئۇي-
لىغانسېرى ئۆزىدە بىر خىل مەيۈسلۈك،
ئۈمىتسىزلىك ھېس قىلاتتى. ئۇ، قىزى شەر-
ۋان ئېلىپ كىرگەن چىنىدىكى سۇنى ئىچە-
ۋەتكەندىن كېيىن يەنە خىيالغا پاتتى.

«تووۋا! تارتىمىغان خورلۇقلىرىم قالمى-
غان ئادەممەن، شۇمۇ يەتمەيتىكەن - دە، ماڭا.
نىمە ئۈچۈن ‹بارات داجەي› دىگەن نامنى
ئالدىم، مەن مال چارۋامدىن، بىر ئوبدان
كۆكتات يېرىمدىن زېرىككەنمۇ؟ كىمنىڭمۇ
ئۆزىنىڭ ئىسسىق روزىغارىنى تاشلاپ كىشىگە
تەلمۈرگىسى كېلىدۇ؟ ئاشۇ سېكرېتار مېنىڭ
پارتىيىگە بولغان ئىشەنچەمدىن پايدىلىنىپ
مېنى ئالدىمىدىمۇ؟! يەنە كېلىپ ‹داۋاگەر
بوش بولسا، قازى مۇتەھەم› دىگەندەك ...»
ئويلىغانسېرى بارات ئاخۇننىڭ قەلبىدىكى
كونا يارىلار ئېچىشقاندەك، يۈرىگىگە نىمدۇر
سانچىلغاندەك بولاتتى. ئۇ، ھەرقانچە قىلىپمۇ
ئۆزىنى خىيالدىن قاچۇرالمىدى. ئۇنىڭ كۆز
ئالدىدىن سەرسان بولۇپ يۈرگەن كۈنلىرى
بىر بىرلەپ ئۆتۈشكە باشلىدى.

×

لەقەم ئادەتتە كىشىلەردىكى خۇلقى-
مىجەز، خۇسۇسىيەت ياكى جىسمانى جەھەت-
تىكى بىرەر بەلگىگە قاراپ تونۇش - بىلىشلەر
تەرىپىدىن قويۇلىدۇ. لېكىن بارات ئاخۇننىڭ
«داجەي» دىگەن لەقىمى بىرنەچچە يىللار
بۇرۇن ياسىن سېكرېتار تەرىپىدىن يىغىن
سەھنىسىدە مەيدىسىگە گۈل تاقاپ تۇرۇپ
قويۇلغان شەرەپلىك نام ئىدى. ئەمما بۇگۈنكى
كۈندە «بارات داجەي» دىگەن سۆزنى
ئاڭلاش ئۇنىڭ ئۈچۈن ئىنتايىن ئازاپلىق
تۇيۇلاتتى.

1968 - يىلى قىشتا قۇم ئېرىق دادۇ-
يىدە «داجەيدىن ئۆگىنىپ، خۇسۇسىلىققا قارشى
تۇرۇش، شيۇجېڭجۇيىنى پىپەن قىلىش» كۇرسى
ئېچىلدى. ھەر خىل ۋاستىلار بىلەن تەشۋىقى-
تەربىيە ئىشلىرى كۈچەيتىلگەن بولسىمۇ،
ھېچكىم ئۆزلىگىدىن قالدۇرۇق يەر بىلەن
چارۋىلارنى تاپشۇرۇشقا ئۇناشمىدى. بېشى
قاتقان سېكرېتار ئاخىر بارات ئاخۇنغا
ئىشەنچلىك ۋەدىلەر بېرىپ، ئۇنى باشقا
ئەزالارغا ئۈلگە بولۇشقا كۆندۈردى. شۇنىڭ
بىلەن ئۇ چوڭ يىغىندا بايانات ئېلان قىلىپ:

— مەن قەتئىي ھالدا داجەي يولىدا
ماڭىمەن. بىزنىڭ توخۇ، ئۆدەك بېقىشىمىز،
كالا، قوي ساقلىشىمىز كاپىتالىزىمنىڭ قۇي-
رۇغى، شيۇجېڭجۇيىنى تىرىلدۈرىدىغان بىخ.
شۇڭا مەن ئۆيۈمدىكى بىر كالا، ئىككى ساغ-
لىق، ئۈچ ئۆشكە ۋە بىر مو بىر فۇڭ
يېرىمنى كوللىكتىپقا تاپشۇرىمەن، — دىدى.
بارات ئاخۇننىڭ مەرتلىكى باشقا ئەزالارغا
بېسىم بولۇپ، ئاز - تولا نەرسىلىرىنى تاپ-
شۇرۇشقان بولسىمۇ، لېكىن بەزىلەرنىڭ
ئاغزى نەچچە قېتىم قىتىقتا كۆيگەنلىكتىن،
چارۋىلىرىنى ئالدىراپ - تېنەپ سېتىۋېتىشتى.
ياكى ئىشەنچلىك جايلارغا يوشۇرۇشتى.

دىگەندەك، ئاي ئاتلماي بارات ئاخۇن-
نىڭ تاپشۇرغان ماللىرى كۇرسقا رەھبەرلىك
قىلىش گۇرۇپپىسىنىڭ ئاشخانىسىدا ئىشلىتى-
لىپ گۆشى ئۇيان، ئۇستىخىنى بۇيان بولدى.
خوتۇنى ۋە 3 بالا بىلەن سويغان پىيازدەك
داغدا قالغان بارات ئاخۇننىڭ 1978 - يىلى-
غىچە بولغان تىرىكچىلىكى ئۆشنىسىدىكى بوۋد-
سىدىن قالغان تىلەمچىلىك خۇرجۇنىغا چۈش-

كەن نىمەتكە باغلىق بولۇپ قالدى.
ھىلىقى مۇكاپات تەرىقىسىدە تەقدىم
قىلىنغان قەغەزگۈل ئۇنىڭ تاشلىۋېتىلگەن
ئۆيىنىڭ خارابىسىدا ئۆمۈچۈكلەرگە ئۇگا
بولدى. شەرەپ يۈزىسىدىن قويۇلغان «بارات
داجەي» دىگەن نام ئەسلى مەناسىنى يوقى-
تىپ تەنە، زاڭلىق خاراكتىرىنى ئالدى.
چۈنكى كېيىنكى چاغلاردا كىشىلەر «بارات
داجەي» دىسە بالىلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ خوشنا
يېزىلاردا تېنەپ - تەمتىرەپ يۈرگەن بىر
تىلەمچىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرەتتى.
1978 - يىلىنىڭ كۈز ئايلىرىدا قۇم
ئېرىقتىكى ئەھلى جامائەت ھارۋا جابدۇپ
بارات ئاخۇننى تېنەپ يۈرگەن يېرىدىن
خۇددى قىز كۆچۈرگەندەك ئەتىۋالاپ، قاي-
تۇرۇپ كەلدى. ئۇ، ئۆزىنىڭ ئالدىن ياساپ
قويۇلغان ئۆيىگە جايلىشىپ ئازغىنا ۋاقىت
ئىچىدە كوللىكتىپنىڭ ياردىمى بىلەن ئىگىلىك
تىكلەپ، دۆلەتكە تۆھپە ئېشى تاپشۇرغۇدەك
ماغدۇرغا كىرىۋالدى. شۇندىن بۇيان ھىچكىم
ئۇنىڭ «بارات داجەي» دىگەن لەقىمىنى
ئېسىگە سالمىغان ئىدى.

×

بارات ئاخۇن يىغىندىن كەتكەندىن
كېيىن، ئۇنىڭغا ئوخشاش سېكرىتارنىڭ
چىشىغا تېگىپ، جېرىمانىغا تەۋەككۇل قىلىدى-
غانلار چىقمىدى. بەلكى دەرتلىرىنى ئىچىگە
يۇتۇشۇپ ئۆيلىرىگە تارقاشتى.
ياسىن سېكرىتار پاكار، غادىيىپ ماڭى-
دىغان، دائىم چاچ - ساقاللىرىنى پاكىز قىرى-
دۇرۇپ يەكەن دوپپىسىنى سىڭايان كىيىپ
يۈرۈدىغان ئادەم ئىدى. ئۇ تىرىنىشچان،
مەلۇماتى بار دەپ قارىلىپ سېكرىتار بولغان
چاغلاردا ئۇچرىغانلا كىشىلەر بىلەن سالام-
سائەت قىلىشىپ ماڭاتتى. ئەمما كېيىنكى
يىللاردا خىزمەت ئالدىراش بولۇپ قالغان-
لىقتىنمۇ ياكى باشقا سەۋەپ بارمۇ ئاسانلا
چېچىلىدىغان، ئەزالارنىڭ ھال - ئەھۋالىنى
ئاڭلاشقا ۋاقىت چىقىرالمايدىغان بولۇپ قال-
غان ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ گۆشىنىڭ بىر
مۇئاۋىن مۇدىرى ئۇنىڭ ئۆيىگە دائىم كېلىپ
مېھمان بولۇپ تۇرىدىغان بولغاچقا خىزمەتتە
ھەرگىز ئالدى - كەينىگە قاراپ تۇرمايتتى.
شۇڭا يىغىندىن كېيىن دۇيجاڭلارنى ئېلىپ
قېلىپ:
— ئەزالارنىڭ خامان قېتىش ئىشى
بولغاچ 3 كۈن مۆھلەت بەردۇق. لېكىن بىز
ئەتە ئەتىگەن گۆشكىغا خۇش خەۋەر يەتى-
كۈزۈشكە بېرىشىمىز. ئەگەر بارات داجەيدەك
بويۇن تولغايدىغانلار يەنە چىقسا ھازىرچە
سانىنى مەلۇم قىلىۋېرىپ، ھىساپ كىتاپىنى
كېيىن قىلىشساقمۇ بولىدۇ. خۇش خەۋەر
يەتكۈزۈش قانچە تېز بولسا شۇنچە ياخشى، —
دىدى - دە، باشقىلارنىڭ سۆز قىلىشقا تەم-
شىلىپ تۇرغىنىنى كۆرمەسكە سېلىپ «خۇش
خەۋەرنامە» ۋە لوزۇنكىلارنى يازدۇرۇش
ئۈچۈن مەكتەپ تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى.

×

شۇ يىغىندىن كېيىن قۇم ئېرىقلىقلار-
نىڭ بېشىدا جېرىمانىنىڭ ۋەھىمىسى ئايلى-
نىپ يۈرسىمۇ، ئانچە جىددىلىشىپ كەتمىدى.
ياسىن سېكرىتار ئالدىغا لوزۇنكا ئېسىل-
غان ھارۋا ئۈستىدە داقا - دۇمباق ياڭرىتىپ
گۆشكىغا خۇش خەۋەر يەتكۈزۈش ئۈچۈن
كېتىۋاتقاندا كۆپچىلىك ئەزالار «ئاق قۇچ-
قاچ، قارا قۇچقاچ، چا بۇغدايغا تويدۇڭمۇ...»
دىگەن ناخشىلارنى ياڭرىتىپ خامان قوشۇ-
ۋاتاتتى.

بارات ئاخۇن ياسىن سېكرىتاردىن
رەنجىپ يىغىندىن چىقىپ كەتكەن بولسىمۇ،
ئەل بېشىغا كەلگەن غەمگە سۈكۈت قىلىپ
تۇرىدىغان كىشى ئەمەس ئىدى. شۇڭا ئۇ تۇپ

قالدۇرۇشقا كىرىشكەن ئەزالارغا: «بۇ ئىشنى
هازىر ئىشلەشنىڭ زىيانلىق ئىكەنلىكىنى
ھەممىمىز بىلىمىز، قويۇڭلار، بۇ ئىشنى، ئاۋال
خامىنىمىزنى يۇمشىتىۋالايلى.» دەپ مەسلە-
ھەت بەردى. بىر نەچچەيلەن ئۇنىڭ مەس-
لىھىتىگە كىرىپ، ئېتىزلىقتىن قايتقان بولسىمۇ،
يەنە بىر قىسىم ئەزالار: «ھامىنى سېكرېتار-
نىڭ ئاقىندىكى ئادەممىز، سىگگەن نېنىمىزنى
يەپ، بۇيرۇغاننى قىلايلى» دىگەن ئوي بىلەن
قوناقلىرىنى بىردىن تۈپ قالدۇرۇپ ئوغۇت-
لىندى. ئاندىن قىر، توسمىلارنى تۈزەپ
ئېچىق بېشىدا سۇغا ساقلاپ ئولتۇرۇشتى.
يوق سۇنى كۈتە-كۈتە 3 كۈن بولغاندا
سۇ ياقلاپ كەتكەنلەر: «سەل كېلىپ چىم
توغاندىن يا كېتىپتۇ، كەم دىگەندە، 10 كۈن
هاشار سالمىسا ئۆستەڭگە سۇ چىقمايدى-
كەن....» دىگەن شۇم خەۋەرنى ئېلىپ
كېلىشتى.

چىم توغىنىنىڭ يار ئېلىپ كەتكەنلىكى
توغرىسىدىكى خەۋەر ھەقىقەتەن قوم ئېرىق-
لىقلارنى خېلىلا ئەنسىزچىلىككە سېلىپ
قويدى. ئۆيدە، يوللاردا، ئېتىزلىقلاردىمۇ شۇ
پاراڭ ئىدى، ئىشنىڭ ئاقىۋىتى توغرىسىدا
ئەندىشە بىلەن ئۆز مۆلچەرلىرىنى ئوتتۇرىغا
قويۇشاتتى. مايسىسى قۇرۇشقا باشلىغان بىر
پارچە ئېتىزدا بىرنەچچە كىشى قوللىرىدىكى
قۇرۇق مايسىلارنى پۇلاڭلىتىشىپ تۇرۇپ:
«گۇڭشېغا بۇ شۇم خەۋەرنىمۇ يەتكۈزۈش
كېرەك»، «ياسىندىن زىياننى چوقۇم تۆلىتى-
ۋالىمىز»، «جېرىمانىنى ئەمدى ئۇنىڭ ئۆزى
تۆلىسۇن» دىيىشىپ غۇلغۇلا قىلىشىۋاتاتتى.
ئېرىراقتا — ئېتىزنىڭ قىرىدا تامامەن تو-
گەشكەن 6 مو قونىقىغا ھەسرەتلىنىپ قاراپ
ئولتۇرغان 45 ياشلاردىكى كىشى قۇرۇپ
كەتكەن مايسا تۈۋىگە چۆگۈندىن سۇ قويە-
ۋاتقان ئايالىغا:

— ئۆلۈككە ياسىن سۈيى ئىچۈرگەند-
ەك ئىش قىلىدىكەنسەن. تۆگىشىپ بولغان
نەرسىگە سېنىڭ تۆت تامچە سۈيىڭ دال
بولامتى! — دەپ كايىۋاتاتتى.

ئاردىن بىرنەچچە كۈن ئۆتكەن بول-
سىمۇ ئەزالارنىڭ ياسىن سېكرېتارغا بولغان
غەزىۋى زادىلا بېسىلمىدى. چۈنكى مايىسى
قۇرۇپ كېتىۋاتقان ئېتىزلار ھە-دەپ كۆپە-
يىۋاتاتتى. مۇبادا شۇ كۈنلەردە ئۇنى بىرەر
كىم ئېتىزلىقتا ئۇچرىتىپ قالغۇدەك بولسا
چوقۇم ياقىسىدىن ئالماي قويمايتتى.

×

گۇڭشې پارتكومى قوم ئېرىقتىكى
قۇرغاقچىلىق ئاپىتىگە جىددى مۇئامىلە قىلىپ،
بۇ مەسىلىنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن بىرنەچچە
كادىر ئەۋەتتى. ئۇلار ئاپەت جەريانىدا
كۆرۈلگەن زىيان ۋە ياسىن سېكرېتارنىڭ
خىزمەت ئۇسلۇبى قاتارلىق مەسىلىلەردە
تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغاندىن كېيىن، دادۇي
كادىرلىرى بىلەن ئاكتىپلارنىڭ كېڭەيتىلگەن
يىغىنىنى ئېچىپ ئۇنىڭ مەسىلىسىنى قانداق بىر
تەرەپ قىلىش توغرىسىدا پىكىر ئالدى.

كۆپچىلىك ياسىننى سېكرېتارلىقتىن
قالدۇرۇپ، زىياننى تۆلەتكۈزۈشنى تەلەپ
قىلىشتى. بۇ يىغىنغا بارات ئاخۇنمۇ قاتناشقان
ئىدى. ئۇ، كۆپچىلىك سۆزلەۋاتقاندا بىر هازا-
غىچە چوڭقۇر خىيالغا پېتىپ جىم ئولتۇرغان-
دىن كېيىن، بىر يۆتىلىپ قويۇپ سۆز ئالدى:

— سېكرېتار بۇ قېتىم نام-ئابرويىنى
دەپ ئەزالارغىمۇ، ئۆزىگىمۇ چوڭ زىيان
سالدى. ئەزالار مەھسۇلاتتىن زىيان تارتقان
بولسا، ئۇ ئۆزىنىڭ بىرنەچچە جىڭ گۆشىنى
يوقاتتى. قاراڭلار، ئۇنىڭ نەچچە كۈندىن
بېرى شۇنچە جۇدەپ كەتكىنىنى! بىز قوم
ئېرىقلىقلار قوسىقىمىز كەڭ خەق، پايدىسىمۇ
كۆرگەن، زىيان تارتىپمۇ باققان. كونىلاردا

(داۋامى 111 - بەتتە)



# پوزىتسىيە

(ھېكايە)

غوپۇر قادىر

— ئۆيدىكى ئىشلارغا قارىشىپ بېرەيدىمۇ دەمەيسىز. ئۆي باشقۇرىدىغان قىزنىڭ ئەينەك ئېلىشقا خەت قىلىپ بەرگىنىڭگىمۇ بەش ئاي بولاي دېدى، دەرىزىمىز تېخىچە ئەينەكسىز تۇرىدۇ. تولا سۆزلەپ ئاغزىمنىڭ بىر قات تېرىسىمۇ چۇشۇپ كەتتى....

بۇ خىل تاپا-تەنىنى يەتتىنچى قېتىم ئاڭلاۋاتقان كازىم كوجاڭ خوتۇنىغا ئالايغىنىچە ئورنىدىن تۇردى-دە، ئاۋال سائەتكە، كېيىن سىرتتا يېغىۋاتقان قارغا قاراپ قويدى. ئاندىن شۇمشىيىپ ئولتۇرغان كەنجى بالىسىنىڭ بېشىنى سىلاپ قويۇپ، زور بىر ئىشقا تۇتىنىۋاتقاندەك مەزمۇت قەدەم بىلەن چىقىپ كەتتى.

سىرتتا قار-شىۋىرغان ھۆكۈرىمەكتە ئىدى. ئۇ، ئۆي باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ ماتېرىيال ساقلاش ئورنىغا قاراپ خىيال بىلەن كېتىۋاتاتتى: «دېمىسىمۇ راست، ئالتە كۆز ئەينەكنى ئەنە ئەكىلىمەن، مانا ئەكىلىمەن، دەپ يۈرۈپ يازمۇ ئۆتۈپ كەتتى. ئۇنىڭغا خەت كەستۈرگەندە، تۇنجى كۈزدىلا جۇۋاۋا يېگەن ئىدۇق. مانا ئەمدى پۈتۈن جاھاننى قار قاپلىدى. بولمىسا، ئۆيىمىز بىلەن ئەينەك ئالدىغان يەرنىڭ ئارىلىقى ئىككى بېكەتمۇ چىقمايدۇ. قالغان ئىشقا قار يېغىپتۇ، دىگەن شۇدە!...»

تۇيۇقسىز قاۋىغان ئىتنىڭ ئاۋازى ئۇنى خىيالدىن چۆچىتىۋەتتى، ئۇ، ئۆزىنىڭ ماتېرىيال ساقلاش ئورنىغا كېلىپ قالغانلىقىنى سەزدى ھەمدە قولىغا بىر پارچە خىش ئېلىپ، ئېتىلىپ كېلىۋاتقان ئىتقا ئاتماقچى بولدى.

شۇ چاغدا دەرۋازا تۈۋىدىكى خەۋەرلىشىش بۆلۈمىدىن بىر بوۋاي چىقىپ، ئىتقا شۇنداق ۋاقىرىدىكى، ئۇ ياغاچ قوچاقتەك قېتىپلا قالدى....

— كىمنى ئىزلەيسىز؟

— ئەينەكنى نەدە بېرىدۇ؟

— ئەينەكنىغۇ ئاۋۇ ئۆيدە بېرىدۇ، ئەمما ئۇنى تارقىتىدىغان كىشى مايەردە.

كىرىدىك، هاۋا سوغاق....

كازىم كوجاك بوۋاي كۆرسەتكەن
ئۆيگە كىردى. بۇ مونچىدەكلا ئىسسىپ كەت-
كەن كىچىككىنە بىر ئۆي بولۇپ، چوغدەك
قىزىرىپ كەتكەن مەشىنىڭ يېنىدىكى كارۋات-
تا ئۈچ يىگىت ۋە بىر ئايال هەدەپ
قارت ئويناۋاتاتتى.

ئۇ، ئۆز تەجرىبىسىگە ئاساسەن يېشى
توختىغان ھىلىقى ئايالنى ماتىرىيال تارقىتى-
دىغان كىشى دەپ جەزىم قىلدى-دە، ئۇنىڭ
ئالدىغا ئۆتۈپ ئەينەك ئالىدىغان قەغەزنى
ئۇزاتتى:

— مەن ئەينەك ئالغىلى كېلىۋىدىم....

— ۋاقىت توشسۇن... تۈز... نىچاڭ
بارمۇ؟— ھىلىقى ئايال بېشىنى كۆتىرىپمۇ
قويماي گەپنىڭ بىلىگە تەپتى.

— ۋاقىت توشقاندۇ،— دىدى كازىم
كوجاك ئىلاج بار ئاۋازىنى مۇلايىملاشتۇ-
رۇپ،— مەن ۋاقىت توشقاندا ئۆيدىن چىق-
قانغۇ؟

ئايال يەنە شۇنداق قوپاللىق بىلەن
بوينىنى تولغىدى:

— سىزنىڭ ۋاقتىڭىز توشقان بىلەن
مېنىڭ تېخى توشمىدى!...

ئاددى بىر خىزمەتچىنىڭ ئۆزىگە
مۇنچىۋالا پەرۋاسىزلىق بىلەن مۇئامىلە
قىلىشى ئۇنىڭغا قاتتىق ئەلەم قىلدى، ئۇ
هاجەتمەن ئادەمگە قىلىنغان قوپاللىقنىڭ
قانداق تەسىر قىلىدىغانلىقىنى مانا شۇ تاپتا
تۇنجى قېتىم ھىس قىلدى.... ئەمما ئۆزىنىڭ
سالاھىيىتىنى ئېسىگە ئېلىپ: «ۋاقىت توش-
ماپتىمش، تېخى. بەشتىن ئاشسىمۇ توشماي-
دىغان نەنىڭ ۋاقتى ئىكەن ئۇ؟ مۇنداقمۇ
خىزمەت پوزىتسىيىسى بولامدۇ؟!» دىگەنلەر-
نى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى، بىراق قۇرۇق
قول قايتىپ كېتىشتىن ئەنسىرەپ دەردىنى

ئىچىگە يۇتۇشقا مەجبۇر بولدى.

ۋاقىت ئۆتىۋاتاتتى، قارت بولسا تې-
خىمۇ قىزىۋاتاتتى. كازىم كوجاك چۈشتىن
كېيىن ئېچىلماقچى بولغان مۇكاپات پۇلى
باھالاش يىغىنىنى ئېسىگە ئېلىپ، تېخىمۇ
تىت-تىت بولدى. شۇنىڭ بىلەن زورىغا
كۆلۈپ يەنە ئېغىز ئاچتى:

— سىز....

— ۋاقىت توشسۇن دىدىمغۇ، نىمانچە-
ۋالا ئالدىرىتىسىز... ئادەمنى دەم ئېلىش
ۋاقتىدىمۇ ئارام ئالغۇزمامسىز؟— دىدى ھىلى-
قى ئايال تەرىنى تۈرگەن ھالدا ئۇنىڭ
سۆزىنى چورتلا ئۈزۈپ.

كازىم كوجاكنىڭ غەزىۋى ئۆرلىگىلى
تۇردى. ئۇ: «خەپ توختاپتۇر، ئەينىكىمنى
ئېلىۋالغىنىمدىن كېيىن ساڭا ئۆزەمنى بىر
تونۇتمىسام بولمىدى.... بۈگۈنلا گېزىتكە خەت
يازىمەن. «پوزىتسىيىسى قەبىھ» دىگەن سۆز-
لەر بىلەن رەسۋا قىلىمەن.... ياق، ياق،
بۇ ئىش مۇنداق ئاسان تۈگىمەيدۇ.... ھە،
توغرا، قاسىم دىگەن ھىلىقى ئاداش ساڭا
چۇجاڭ بولسا، ماڭا ئاغىنە بولىدۇ. ئەتە
بېرىپ: ئادىنىشوي، قول ئاستىڭدىكىلەرنى
مۇنداقمۇ گەدەنكەش ئۆگىتىۋېتەمسەن، بۇ
قېتىمقى رەتلەشتە ھىلىقى مۇتىھەمنى...دەپ
كۆرگۈلىگىڭنى كۆزستىمەن» دەپ ئويلىدى.

قارتچىلار يەنە سەككىز-توققۇز قول
ئوينىغاندىن كېيىن تارىدى. ھىلىقى ئايال
سائىتىگە قاراپ قويۇپ سىرتقا ماڭدى. كا-
زىم كوجاكمۇ ئۇنىڭ كەينىدىنلا چىقتى.

— قانچە پارچە ئەينەكتى؟— دەپ سو-
رىدى ھىلىقى ئايال ماتىرىيال بۆلۈمىگە
كىرگەندە.

— ئالتە....

— ئالتە پارچە بولسا ئاسان گەپكەن.
بىردەمدىلا توغرىلايمەن،— دىدى ئايال،

ئاندىن سىرلىق تەلەپپۇزدا، — تالۇنىڭىزدا
ئالتە پارچە دەپ يېزىلىپتۇ. بىرەرسى
تاسادىپىي چىقىلىپ كەتسە قانداق قىلىسىز؟
يەنە كېلەمسىز؟ مۇنداق بولسۇن، سىزگە
يەتتە پارچە كېسىپ بېرەي ....، — دېگەنلەرنى
قوشۇپ قويدى.

— رەھمەت، — دېدى كازىم كوجاك.

ئەرزىمەيدۇ. تايىنلىق مىقدىڭىزمۇ
يوقتۇ؟

— ھەئە، ھەقىقەتەنمۇ يوقتى ....، —
كازىم كوجاكنىڭ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرۈشكە
باشلىدى.

— ئۇنداق بولسا مەن بېرەي. بازارغا
بېرىپ كەچ، يىلىم ئىزلەيمەن دەپمۇ يۈرمەك،
ئۇنى يۇغۇرماقمۇ تەس. مانا ماۋۇ زاماسكى-
نىمۇ ئېلىڭ.

ماتېرىيالچى ئايالنىڭ سېخىلىقى كازىم
كوجاكنى قاتتىق تەسىرلەندۈردى. ئۇ،
ماتېرىيال ساقلاش ئورنىدىن چىقىپ كېتى-
ۋېتىپ قاسىم چۇجاڭغا ئۇچراپ قالدى ۋە
ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەپ كەتتى:

— ئادىشوي، ماتېرىيال تارقىتىدىغان
ئايالنىڭ خىزمەت پوزىتسىيىسى ئەجەپمۇ
ياخشىكەنغۇ، ئۇنى ....

---

(بېشى 108 - بەتتە)

«كۆۋرۈككە بىر قېتىم پۇتى سىيىلغان ئېشەك
ئىككىنچى شۇ جايدىن ئۆتمەيدۇ» دېگەن
تەمسىلى بار. مېنىڭچە، بۇ قېتىمقى زىيانىنىڭ
تەمىنى ئۇمۇ خېلى تېتىدى. بۇنىدىن كېيىن
ئۆزەمچىلىكنى تاشلاپ، ئەزالار بىلەن با
مەسلىھەت ئىش قىلسا، يەنىلا سېكرېتار
بولۇۋەرسە دېمەكچىمەن.

ياسىن بىلەن زادىلا چىقىشالمايدىغان
بىر ئادەمنىڭ ئاغزىدىن چىققان بۇ سەممى
سۆزلەر يىغىن ئەھلىگە خېلىلا تەسىر قىلدى.

يىغىن ئاخىرلاشقاندا ياسىن سېكرېتار ھەم-
مىنى ھەيران قالدۇرۇپ بارات ئاخۇننىڭ
ئالدىغا باردى - دە:

— بارات ئاكا، سىزگە، كۆپچىلىككە
يۈز كېلەلمەيمەن، — دەپ ئۇنىڭ قولىنى
ئۇزاققىچە قىستى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ كىر
پىگىدە توختاپ قالغان ئىككى تامچە ياش
مەگزىنى بويلاپ چۈشۈپ، چېك قىسىلغان
قوللارغا تامچىلىدى.



(داستان)

**ئەمەت جاپپار**

ئۇچىلگەندە قوش توي شارابى
ھاياجاندا سوقتى يۈرەكلەر.
يۈز ئاچقاندەك بولدى ئالدىمدا
ئالتۇن رەڭلىك يېڭى چىچەكلەر.
قەترىسىدىن گۈلگۈن شاراپنىڭ
چاقنار نۇرى ئېسىل خىسلەتنىڭ
سۆزۈكلىگى، بەئەينى ياقۇت،
پۈرىقى يوق ئۇندا ئىللەتنىڭ.
ئاشۇ نۇرلار كىرىپ قەلبىمنى
بىر ئىشتىياق قوزغالدى مەندە.
توي ئەھلىگە يوللاشقا سوغا،
قەلەم ئالدىم قولغا شۇ دەمدە.

×

كىرگەن چېغىم زالنىڭ ئىچىگە
تەئەججۈپتە قالدىم داڭ قېتىپ.
يىغىن دىسەم، توي ئىكەنغۇ بۇ،
داغدۇغىسى شۇنچە ئاجايىپ.
شۇنچە كاتتا بېزەلگەن سەھنە،
چاقنىتىدۇ چىراقلار كۆزنى.
گەر تۇرسىمۇ ئارىلىق يىراق،
كۆردۇم ئېنىق يىگىت ۋە قىزنى.
يىگىت بىلەن قىزنىڭ كۆكسىگە
تاقىلىپتۇ قىزىل گۈل ئەنە.
بىر بىرىگە قارار مەنالىق،
كۈلەر خۇش خۇي تەبەسسۇم بىلە.
بىلىنىدۇ قاراشلىرىدىن
يىگىت - قىزنىڭ ئۆز ئارا مېھرى.
رەڭمۇ-رەڭلىك چىراق نۇرىدا
گويا ئاتەش ئۇلارنىڭ چېھرى.
ئۇرۇلىدۇ چاۋاكلار قىزغىن،
زال ئىچىدە چاقماق چاقناندەك.
سەھنە تامان تىكىلەر كۆزلەر،
نۇر ئېقىمى ئۇندا ئاققاندەك.
ھەيران بولۇپ دىدىم ئىچىمدە:
«تويىنى يىغىن ئېچىپ قىلامدۇ؟
مالال قىلىپ تاماشا ئۈچۈن،
مۇخبىرىنىمۇ چىللاپ كېلەمدۇ؟
ئۇقۇشماسلىق بولدىمۇ بۈگۈن،»
دىگەن ئويلار چىرمىدى مېنى.
«توختا، تەنقىت سوغىسى يوللاي،

ئۇلار يىسۇن ئۆز ئەدىۋىنى.»
شۇ ئوي بىلەن ماڭسام تالاغا،
تۇتىۋالدى يەلكەمنى بىرى.
باقسام ئاڭا كومىسسار ئىكەن،
دىدى: — مۇخبىر مىڭىپسىز نىرى؟
چىرايىمنى تۇرۇپ مەن دىدىم:
— ھە، ئاچتىڭلار قانداق يىغىننى؟
شەخسى تويىنى قىلامدۇ شۇنداق
يىغىۋىلىپ پۈتۈن قىسمنى؟
كۈلۈپ كىتىپ كومىسسار شۇ چاغ،
دىدى ماڭا: — بۈگۈن قوش تويى بۇ.
ئىككى ياشنىڭ شەرىپى ئۈچۈن،
ئوقۇلغان بىر جاراڭلىق كۈي بۇ...»
بۇنى ئاڭلاپ قىزاردى يۈزۈم،
سەھنە تامان تاشلىدىم قەدەم.
ئوقۇلاتتى ئۇندا بىر داستان،
قەھرىمانلىق ھەققىدە شۇدەم.
ھىسسىياتىم ياسىدى ئۆركەش،
جۇشقۇنلىدى قەلبىمدە ئىلھام.
ئۇنى ئەلگە قىلمىسام بايان
تاپماس بەلكىم يۈرىگىم ئارام.

×

قاچان ئۆتكەن ئادەم ئىشقىسىز،
يىگىت ۋە قىز ئۆتەر جۈپلىشىپ.
غەزەپ ياكى خۇشلۇق ئادەمگە
بىر سەۋەپتىن كىلەر توپلىشىپ.
بارغان ئىدى بۈگۈن گۈلباھار،
كۆرۈش ئۈچۈن مانىۋىرنى — جەڭنى.
كەڭ مەيداندا قاينار جەڭچىلەر
جاسارەتتە شمايلاپ يەڭنى.
نىشان يىراق،
ئارىلىق نامەلۇم،
توغرىلاندى توپلار قارىغا.
پەرۋانە بوپ ياش بەنجاڭ يۈسۈپ
چىقسام دەيتتى ئۆزۈپ ئالدىغا.
ھىساپلىدى تەخمىنەن يۈسۈپ،
يىراقتىكى نىشان — تۈچكىنى.
باغلاپ زەرەت، قويۇپ پىرسىلنى،
قارىغا ئىيپ باستى تەپكىنى.
گويا قاڭقىپ كەتتى كەپتەردەك،
ئوقلار چەتنەپ چۈشتى نىرىغا.
گاھى چۈشسە نىشاندىن يىراق،
گاھ چۈشەتتى يىقىن ئارىغا.
ئۆلچىيەلمەي ئارىلىقنى ئىنىق
يۈسۈپ تىت - تىت بولدى ئالدىراپ.
بۇ ئەھۋالدىن ئۇيغا چۆمۈلدى،
ئەتتىقاتچى دولقۇنجان شۇ تاپ....

شۇندىن بىرى، چىرمىدى ئۇنىڭ
ياش دىلىنى ئۇلۇغۋار ئىستەك.
ئويلىغانچە بىر كەشپىياتتىن
ئىچىلاتتى كۆڭلىدە چىچەك.
ئويلايتتى ئۇ: «يىراق نىشاننى
ئاپتوماتىك ئۆلچىسەك ئەگەر؛
تىخنىكىدىن ھەركەت جانلىنىپ،
چىلىشلاردا قۇچامدۇق زەپەر؟
ئىلىم - پەننىڭ ئاچقۇچى بىلەن
يىشىلمەكتە تىلسىملار سىرى،
تىخنىكىدىن ئاچماقتا قۇچاق
مۆجىزىلەر كۆپلەپ كۈنسىرى.
ئىنسانلارنىڭ زىھنى - ئەمرىگە
بويسۇنماقتا كائىنات - دۇنيا.
بىزمۇ يىڭى كەشپىياتلارنى
قىلالمايمىز نىمىشقا بۇندا؟
قىلىپ جۈرئەت كەشپىيات ئۈچۈن،
ياندۇرساق بىر ئەقىل شامىنى؛
تىپىلماسمۇ بۇنىڭغا چارە،
قازساق ئەگەر بىلىم كانىنى؟

مانىۋىر كۈنى،
يەنە شۇ مەيدان،
ئادەمگە لىق كۆرۈش مۇنبىرى.
ئولتۇرىدۇ بىر قىزچاق ئەنە

بىر چېتىدە تۇتۇپ دۇربۇننى.
دولقۇن بىلەن تۇرۇپ يانمۇ - يان
كۆزىتەتتى جەڭ مەيداننى.
بولاتتى ئۇ شۇنچە بىئارام
باسالماستىن هاياجاننى.
توپ ئوقلىرى چەتنىسە بۇندا،
تۇرۇلەتتى ئۇنىڭ يۈزلىرى.
تەگسە ئەگەر نىشانغا ئوقلار
چاقناپ كېتەر ئىدى كۆزلىرى.
قىز كۆڭلىگە قىلغاندا تەسىر
يۈسۈپجاننىڭ تىت - تىت بولۇشى،
كۆكتە ئۇچقان بىر جۈپ كەپتەردەك
قانات قاقتى بىر ئىستەك قۇشى....

ئىسمى ئىدى قىزنىڭ گۈلباهار،
تەتقىقاتچى بولغان يېقىندىن.
ئۆز كەسپىنى شۇنچىلىك قىزغىن
سۆيەتتى ئۇ يۈرەك — دىلىدىن.
دولقۇن بىلەن بىر ئىشخانىدا
ئىشلەيتتى ئۇ بولۇپ ياردەمچى.
مەيداندىكى ئەھۋالنى كۆرۈپ،
تىت - تىت بولدى ئۇنىڭمۇ ئىچى.
ئويلىدى ئۇ: «پەن قۇدرىتىدىن
مارسنىمۇ كەزگىلى بولار.
نەچچە قەۋەت يەر ئاستىدىكى
بايلىقنىمۇ سەزگىلى بولار.
ئاپتۇماتىك ئارىلىق ئۆلچەش
سايمىنىنى ياساپ چىقىشقا،
بولماس نىچۈن ئەقىل - ئىدرەكنى
ۋە جۈرئەتنى سالغاندا ئىشقا!
سەۋەپ قىلساڭ، دەيدۇ ئاتىلار
سۇ توختىتىش مۇمكىن سىۋەتتە.
ئەستايىدىل تەتقىقات قىلساق،
ئىشقا ئاشار بۇ ئىش ئەلۋەتتە.
ئارمىيىمىز زامانىۋىلاشسا
ئاشماس نىچۈن جەڭ ئىقتىدارى؟
كاپالەتكە ئىگە بولمامدۇ،
تېچلىق هايات، ۋەتەن گۈلزارى؟»
ئۇچار كۆكتە ئوقلار بىلەن تەڭ
ئىككى ياشنىڭ خىيال كەپتىرى.
تولار ئىدى ئۇلارنىڭ قىزغىن
ھىسلار بىلەن كۆڭۈل دەپتىرى.

بىر يەكشەنبە كۈنى گۈلباهار
بېرىپ قالدى كۇتۇپخانىغا.
ئىلىم - پەننىڭ شەربەتلىرىنى
تولدۇرۇشقا قەلب جامىغا.
چۈشۈپ قالدى كۆزى تۇيۇقسىز
ئېنگىلىزچە بىر چوڭ كىتاپقا.
بىلگەچكە ئۇ ئېنگىلىزچىنى
كۆز يۈگۈرتتى قۇرلارغا، باپقا.
«نىمە دىگەن ئىسىل كىتاپ بۇ!»
دىدى - دە، ئۇ ئالدى ئارىيەت.
بىر نەچچە كۈن كىرپىك قاقماستىن
ئوقۇپ چىقتى ئۇنى نەچچە رەت.
يېزىلىپتۇ دەل بۇ كىتاپقا
ئېھپىراھەم لازىر نۇرلىرى.
بولىدىكەن نۇردا يىراقنى
ئاپتۇماتىك ئۆلچەپ كۆرگىلى.
خوشاللىقتىن يايراپ گۈلباهار
يەتكەندەكلا بولدى ئارمانغا؛
بىر ھىسسىيات ئۇنىڭ قەلبىدە،
ئۆركەشلىدى زور هاياجاندا.
تەرجىمىگە كىرىشتى قىزچاق
بۇ كىتاپنى بىلىپ بىر گۆھەر.
بولدى گويا سۈزۈك بۇلاقتىن
تەشنا يۈرەك ئىچكەندەك كەۋسەر.
«ئېلېكترونلۇق ئۇسۇل بىلەن
ئۆلچەش كېرەك يىراق نىشاننى.»
نۇر چاقنىدى ئۇنىڭ قەلبىدە،
تۈزگەن چاغدا شۇنداق پىلاننى.
ياساش كېرەك سايماننى ئەمدى،

لېكىن باھار قىلار يالغۇزلۇق.
قىزغىنلىقى شۇنچىلىك ئۈستۈن
بولغان بىلەن تەجرىبىسى يوق.
«تېخى چېرتىۋېتىپ سىزىپ باقمىدىم،
لايىھىلەشمۇ كەلمەس قولۇمدىن.
بولارمىكىن بىرەر نەتىجە
مېنىڭ مۇنداق ئويلىغىنىمدىن؟»
خىيالىنى بۆلدى قىزچاقنىڭ
تاكىلدىتىپ چېكىلگەن ئىشىك.
— كىرىڭ!
كىردى ئەدەپلىك يىگىت،
ئېچىپ شۇندا ئىشىكنى يېنىك.
بۇ كىرگىنى دولقۇنجان ئىدى،
قەلبى ئوتلۇق ئەزىمەت يىگىت،
ئۈچ يىل بۇرۇن داشۆ پۈتتۈرۈپ،
كەلگەن ئىدى قىسمىغا جىمجىت.
كەسپى ئىدى ئۇنىڭ تەتقىقات،
ئۆزى ئىشچان، شۇنچە ئەدەپلىك.
زېھنى ئۆتكۈر، چېچەن، ئەقىللىق،
قولى چېۋەر، ھەممىگە ئەپلىك.
نىمشقەدۇر يېڭى كەلگەن قىز
تارتار ئىدى ئۇنىڭ زوقىنى.
شۇڭا ئىزلەپ كەلگەنتى بۈگۈن
ئۇ قىز بىلەن پاراڭلاشقىلى.
— كېلىپ قاپسىز، — دېدى قىز كۈلۈپ،
— ھەئە، سىزنى كۆرگىلى كەلدىم.
بولسا ئەگەر ياخشىراق كىتاب
ئارىيەتكە ئالغىلى كەلدىم.
كۆرسەتكەندە قىز بىر كىتاپنى،
ئۇ ۋاراقلاپ چايقىدى باشنى.
— ئېنگىلىزچە بىلمەيمەن، — دېدى
ۋە قىزىرىپ تاتىلدى باشنى.
كۆرسەتكەندە گۈلباھار شۇ چاغ،
بۇ كىتاپنىڭ تەرجىمىسىنى.
ئىككى قوللاپ ئالدى دولقۇنجان،
گۈلباھاردىن ئۆزمەي كۆزىنى.

دولقۇنجاننىڭ پىكرى - خىيالى،
تەرجىمىگە يۆتكەلدى بىردىن.
ئىشتىياقتا كۆردى بىرمۇ - بىر،
كۆز يۈگۈرتۈپ قۇرلارغا تېزدىن.
ئوقۇغانچە دولقۇن بەك خوشال
ئۆز ئىشىغا ئامال تاپقاندەك.
قەلبى يايراپ، بولدى گوياكى
كۆز ئالدىدا نۇر چاقنىغاندەك.
گۈلباھارغا قىلدى ئىلتىجا:
— بۇنى ماڭا بېرىپ تۇرسىڭىز.
ياسىماقچى ئىدىم بىر سايمان،



پايدىلانسام ئوقۇپ قالسىڭىز...
بايان قىلدى گۈلباھار خوشال
كۆڭلىدىكى ئارزۇ - ئارمانىنى.
ئىككى ياشنىڭ ئىستەك - ئۈمىدى،
ئوخشاش بولۇپ چىقتى پىلانى.
— تاپشۇرغانتى ماڭا كومىسسار، —
دېدى دولقۇن بىر مۇھىم ئىشنى.
نىشانلارنى ئۆلچەش - ھېساپلاش،
سايمىنىنى ياساپ چىقىشنى.
— مەنمۇ شۇنى ئويلىغان ئىدىم،
نىشانىمىز چىقتى بىر يەردىن،
ئاشۇرايلى غايىنى ئىشقا
بىز يارىتىپ تۆھپە زەپەردىن.
شۇ چاغ ئىككى ياشنىڭ يۈرىكى
بىر رىتىمدا تەپتى دۈپۈلدەپ.
يۈرىكىدە ئوتلۇق بىر سېزىم،
لېكىن سۆزسىز، باقىلىشار ئەدەپ.

×

يېرىم كېچە،
ھەممە ياق تىمتاس،
بارچە كەتكەن جىمجىت ئۇيقىغا.
لېكىن دولقۇن تېخىچە ئويغاق،
چۆمگەن ئىدى شىرىن تۇيغىغا.
بەسلەشكەندەك كۆكتە تولۇن ئاي،
دەرىزىدىن كۈمۈش نۇر سېپەر.
يۈرەكلىرى شۇ تاپ دولقۇننىڭ
ئۇلۇغ ئارزۇ ئىشقىدا تېپەر.
نەچچە ئاخشام ئۆتتى ئاشۇنداق،
تەتقىق قىلىپ يېڭى پىلاننى.
ئۆيدە قويۇق موخۇركا ئىسى
تەسلىتىدۇ گويا تۇماننى.
ئۈستەل ئۈستى تولغان قەغەزگە،
ھەر تەرەپتە چېچىلغان ۋاراق.
دولقۇن كەتكەن چوڭقۇر خىيالغا،
بىر نۇقتىغا تىكىلىپ ئۇزاق.

چىۋەر قولدا تەۋرىنەر يىڭنىك،
ھەركەتلىنىپ سېركول ۋە سىزغۇچ.
قېرىنداشنى ئۈندەيدۇ جەڭگە،
پات-پات قىرىپ ئۆتكۈر ئۇچلىغۇچ.
گاھ تاتىيدۇ ئىنچىكە سىزىق،
گاھ قويىدۇ بىر نەچچە چېكىت.
بەزەن تىرەپ زاڭاققا قولنى
خىيال سۈرۈپ قالىدۇ يىگىت.

شۇ كېچىسى چېرتيوژ نۇسخىسى
پۈتۈپ چىقتى، قەغەزگە تولدى.
گويا قانات كەرگەن تۇز كەبى
ھەرخىل سىزىق ھەر رەڭدە بولدى.
كىردى شۇ چاغ سادىق ئىشىكتىن
مەس ھالەتتە دەلدەڭشىپ، غىڭشىپ.
سالدى نەزەر چىمچىقلىتىپ كۆز
چېرتيوژغا ئۇ ئاستا ئېڭىشىپ.

سادىق ئىدى مۇئاۋىن سوجاڭ،
تەتقىقاتنىڭ مەسئۇل خادىمى.
ئۆتەر ئىدى كەيپى-ساپادا،
ئويناپ كۈلۈپ ئۇنىڭ ھەر دېمى.
يوق ئەمەستى تۆھپىسى ئۇنىڭ،
باشتا خېلى ئىشلارنى قىلغان.
ئالقىشلىنىپ بىرنەچچە قېتىم
تەقدىرلىنىپ تىلغا ئېلىنغان.
بىر چاغلاردا ئۇمۇ تىرىشىپ
كەشپىياتقا بېرىلگەن ئىدى.
لېكىن مەغلۇپ بولۇپ سىناقتا
ئۈمىت يىپى ئۈزۈلگەن ئىدى.
ئۇلپەت ئىدى ھازىر ئۇنىڭغا،
ئەيشى-ئىشرەت، ھاراق ۋە شاراپ.
بەزى ئۆتسە خۇش كەيپ سۈرۈپ،
بەزەن چېكەر ئىدى ئىزتىراپ.
كۆرۈپ بۈگۈن دولقۇننى ئىشتا
يۈرەكلىرى مۇجۇلدى ئۇنىڭ.
ئۆرلەپ دىلدا قايغۇ-ھەسرىتى،
قوشۇمىسى تۈرۈلدى ئۇنىڭ.
«كىم قويۇپتۇ بۇنداق گادۇكقا
چوڭ ئىشلارغا قەدەم قويۇشنى.
سادىقجاننى يەرگە قارىتىپ،
بىر ئىجاتكار ئالىم بولۇشنى؟
بۇ ئىشىمدا قىلسا غەلىبە
يۈزۈم تۆۋەن بولمامدۇ مېنىڭ.
ئېشىپ چۈشسە مېنىڭدىن دولقۇن،
مەنسەپ قولدا تۇرامدۇ مېنىڭ؟»
شۇ ئىشلارنى ئويلىدى سادىق،
بىلدۈرمىدى ئەپتىدىن لېكىن.
يالغان كۈلكە قاپلاپ يۈزىنى،
سۆز باشلىدى مۇلايىم تەمكىن:
—دولقۇن ئۇكا، ئەخمەقسەن تازا،
تۈن يېرىمدا نېمە ئىشىڭ بۇ؟
جېنىڭ كۈندە چىچەكلىمەيدۇ،
بىر ئېقىمدا تۇرماس يېشىڭمۇ.

ئاسرىمساڭ نىرۋاڭنى ئـۆزەڭ،
چۆكمىلەيدۇ بىر كۈن بىشىڭمۇ.
كۆڭـۈل ئاچقىن.
تاماشا ئۈچۈن
يوقمۇ ياكى بىر سىردىشىڭمـۇ؟
ئاخشاملىرى ئايرىلغاچ سەپتىن،
سورۇنلاردا ئورۇن يوق ساڭا.
دولقۇن سارالڭ بولاي دەپ قاپتۇ،
دىيىشىدۇ بەزىلەر ماڭا.
ياش چىغىڭدا ئوينا قانغىچە،
هەي، يوق سەندە ئۈنچىلىكمۇ ئەپ.
چىقالمايمىز سەن، بىز ئەرشكە،
كۈندە ئامان ئۆتۈشمۇ چوڭ گەپ...
بۇرۇن مەنمۇ ساڭا ئوخشاشلا
زور هەۋەستە ئۈگەنگەن ئىدىم.
كەشپ قىلىش ئۈچۈن بىر سايمان
كېچە ـ كۈندۈز يۈگۈرگەن ئىدىم.
لېكىن باشقا چىقمىدى ئىشىم،
قالدىم تېخى تاپا ـ تەنىگە.
شۇ ساۋاقنى چىڭ تۇتۇپ ئەستە،
كىرەەس بولدۇم هەۋەس كەينىگە...
ــ رەهمەت سوجاڭ، ئاق كۆڭلىڭىزگە،
مىڭەم ئېنىق، جايىدا ئىشىم.
گەپلىرىڭىز بەكمـۇ يېقىملىق،
هاياجاندا پېقىردى بېشىم.
مەن بىلمەن ئويناپ كۈلۈشنى،
لېكىن هازىر دەل ۋاقتى ئەمـەس.
يېل قويمايدۇ بۇ ئىشقا زادى
يۈرەكتىكى بىر ئارزۇ ـ هەۋەس.
سۆزلىرىنى ئاڭلاپ دولقـۇننىڭ
مەسخىرىلىك كۈلدى سادىقجان.
نەپرەت بىلەن تىكىلىپ ئۇزاق،
ئۆز يولىغا بولدى ئۇ راۋان.
دولقۇن شۇندا دېدى ئۆزىـگە:
«ئۇنداق ئۆمۈر ئوخشار كۆپۈكـكە.
يەپ ـ ئويناشتىن باشقىنى بىلمەي
ئۆتكەن ئۆمۈر ئوخشار شۆپۈككە.
ئىستىگىمدۇر بىلسەڭ مېنىڭكى
ئىلىم ـ پەندە چوققىغا ئۆرلەش.
ئەجرىم بىلەن مۆجىز يارىتىپ،
ۋەتەن ئۈچۈن شان ـ شەرەپ ئىزلەش!»
دولقۇن بۆلمەي باشقىغا كۆڭۈل،
ئۆز ئىشىنى داۋاملاشتۇردى.
ئىشلەپ يەنە بىرنەچچە كېچە،
پىلانىنى ئىشقا ئاشۇردى.

×

ئىزلەپ بېرىپ بىر كۈنى دولقۇن
گۈلباهارنى ياتاقتىن تاپتى.
بىردىن ئۇنىڭ قىزاردى يۈزى،
ئۇرغان كەبى تونۇرنىڭ تەپتى.
كۆرگەن چاغدا چىرتيۇژنى قىزچاق،
تەبرىكلىدى دولقۇننى ئۇزاق.
بولدى گويا قىزنىڭ قەلبىدە
بىر نازۇك هىس ئاچقاندەك قۇچاق.
ــ كۆرستەيلى باش ئىنجېنېرغا،
يۈرۈڭ، دېدى گۈلباهار خوشال.
قوش مېغىزدەك بولۇپ يانمۇ ـ يان،
مېڭىپ كەتتى ئىككى ياش دەرهال.
باش ئىنجېنېر كۆرۈپ چىرتيۇژنى،
لايىق تاپتى ياساشنى بىردەك.
هاياجاندا دېدى شاتلىنىپ:
ــ كىرىشىڭلار ئىشلەشكە تېزرەك.
ئۇلۇغ ئىستەك بولدى چاتقاندەك
دولقۇن بىلەن باهار قەلبىنى.
كەشپىياتنىڭ مۇقەددىمىسى
تۇتاشتۇردى ئۇلار رىشتىنى.

×

شۇنچە هەيۋەت زاۋۇتنىڭ ئىچى،
ئىستانۇكلار تىزىلغان قاتار.
ئىشچىلارنىڭ چېۋەر قولىدا
پولات ـ تۆمۈر ئۇسۇللار ئوينار.
كەلدى مانا دولقۇن ـ گۈلباهار،

چېرتىيۇزىنى كۆتىرىپ سېخىغا.
قارشى ئالدى خوشال ئىشچىلار،
مەدەت بېرىپ ئۇلار ئىشىغا.
باشلىنىۋەتتى مودىل ياساشنى،
ئىستانوكنى سايرىتىپ دولقۇن.
ۋېنتىلارغا چىقاردى بۇرما،
شاتلىقىدىن قەلبىدە ياققۇن.
سىلىقىدىسا دولقۇن پولاتنى،
گۈلباھار قىز تۆشۈك ئاچاتتى.
چىۋەر قوللار بەسلىشىپ گويا
زاپچاسلارنى بىرگە چاتاتتى.
ئايلانغاندا ئىستانوك ھەر چاغ،
ئىككى يۈرەك ئاڭا جۆر ئىدى.
بازغانلاردىن چاچرىغان ئوتتەك
ئۇلار قەلبى قىزىل نۇر ئىدى.
قىزنىڭ شۇ چاغ چىۋەر ھەركىتى
مەپتۇن قىلىپ يىگىت قەلبىنى،
ماگنىتتەك تارتىپ ئۆزىگە،
ئاشۇراتتى غەيرەت - پەمىنى.
چەبدەسلىگى دولقۇنجاننىڭمۇ،
ياقار ئىدى قىزنىڭ كۆڭلىگە.
قويۇلاتتى ئىللىق بىر سېزىم
شۇ تاپ قىزنىڭ يۈرەك — قەلبىگە.
ئۇچراشقاندا كۆزلەر ئۆزئارا،
يۇلتۇز بولۇپ چاقنايتتى گويا.
ئۆتتۆشكەندەك توكنىڭ ئېقىمى،
يۈرەكلەردە ئاقاتتى گويا.
ھارغىنلىقنى ئۇنتۇشۇپ ئۇلار،
شۇنچە جىددى ئىشلەۋاتاتتى.
ئۆلچەپ باھار ھەر بىر ۋىنتىنى،
تەرتىپچە رەتلەۋاتاتتى.
تۇيۇقسىزلا قاڭقىپ بىر تۆمۈر،
گۈلباھارغا قاراپ چاچرىدى.
ھەركەتلىنىپ چاقماقتەك دولقۇن،
توسىۋالدى، قىزنى ئاسرىدى.
لېكىن تىلىپ كەتتى شۇ تۆمۈر
دولقۇنجاننىڭ بىلەك گۆشىنى.
قورققىنىدىن گۈلباھار قىزچاق
يوقاتقاندەك بولدى ھوشىنى.
دەرھال ئېلىپ بېشىدىن قىزچاق
ئاق ھىلىلە ياغلىقىنى شۇدەم،
ئىزھار قىلىپ مېھرى - شەپقەتنى،
تاڭدى ئۇنىڭ قولىنى مەھكەم.
دوستلار ئارا بۇ كۆيۈمچانلىق
ئەقىل - ئىدرەك بەردى يۈرەككە.
قوش كۆزلەردىن چاقنىغان مېھىر
بەردى چەكسىز قۇۋۋەت بىلەككە.
ئىشنى يەنە باشلاپ قايتىدىن،
ئۇلاپ چىقتى سىملارنى تولۇق.
شۇنچە نازۇك، شۇنچە يىغىنچاق
توك يوللىرى چاچ كەبى قويۇق.
«لازىر نۇرلۇق قارىغا ئېلىش
ئاپاراتى» كەلدى بارلىققا.
ئۆز كەسپىدىن يىگىت ۋە قىزنىڭ
يۈرەكلىرى تولدى شاتلىققا.

×

دەل سىناقنىڭ ھارپا ئاخشىمى،
دولقۇن بىلەن باھار بولدى جەم.
كۆڭۈل قويۇپ تەكشۈرۈپ چىقتى
ئاپاراتنى ئىككىسى ھەمدەم.
كەسپىياتنىڭ پۈتۈشى بىلەن
مۇھەببەتمۇ يەتتى ۋايىغا.
باشلىماقتا ئۇلارنى مانا
ساپ مۇھەببەت ئۇلۇغ غايىگا.
دولقۇنجاننىڭ يۈرەك ساداسى
تۇنجى قېتىم چىقتى - دە، پارتلاپ:
— تويىنى قاچان قىلىمىز؟ — دېدى،
گۈلباھارغا تەلمۈرۈپ قاراپ.
ئالدى جاۋاپ «سىناقتىن كېيىن»
بىر زېمىندا سوقتى قوش يۈرەك.
ھارپىسىدا شۇ كۈن سىناقنىڭ
ئېچىلغاندەك بولدى جۈپ چېچەك.

×

پۈتۈن قىسىم يىغىلغان بۈگۈن
ئاپاراتنى كۆرمەكچى بولۇپ.
دولقۇن شۇ چاغ باشلىدى ئىشنى
بۇيرۇق بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ.
خېلى يىراق نامەلۇم جايغا،
غۇۋاغىنە نەرسە قويۇلدى.
ئاپاراتنى توغرىلاپ دولقۇن،
كونۇپكىنى دەرھال بۇرىدى.
گەر ئاچسىمۇ كەيگۈەننى ئېنىق،
كارغا كەلمەي قالدى ئاپارات.
قىمىر قىلماي ئىستىر بىلكىلار،
جىمجىتلىققا چۆمۈلدى پارات.
هاڭ - تاڭ بولۇپ قالدى گۈلباهار
ۋە دولقۇننىڭ قىزاردى يۈزى.
تۇرۇپ قالدى قاتقاندەك ئۇلار،
ئاپاراتتىن ئۈزۈلمەي كۆزى.
«ئاخشام تېخى ساپ - ساق ئاپارات
بۈگۈن ئاڭا نىمە بولغاندۇ؟
ئۆتكەن ئىدى كىچىك سىناقتىن،
كىمدۇ ئۇنى بۇزۇپ قويغاندۇ؟»
هەيران بولدى باشلىق، جەڭچىلەر،
هىچ يېتەلمەي ئىشنىڭ تېگىگە.
ئىشەنمەيتتى ئۇلار دولقۇننىڭ
بۇنداق ئىشتا سەۋەنلىكىگە.
مەغرۇر تۇتۇپ ئۆزىنى سادىق
تۇرار ئىدى بىر چەتتە قاراپ.
ئارزۇسىغا كەلگەچ بۇ ئىش باپ،
يۈرەكلىرى سالاتتى ئويناپ.
«ئاڭلىماستىن گېپىمنى دولقۇن،
دەسسىگەنتىڭ ئۆزەڭ بىلگەنگە؛
كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا بۈگۈن
قالدىڭ مانا مازاق، ئەلەمگە.
خىيالىڭدا بولۇپ «ئىجاتكار»،
شۆھرەت، ئاتاق ئالماقچى ئىدىڭ.
گۈلباهارنى تارتىپ ئۆزەڭگە
قەلبىگە ئوت سالماقچى ئىدىڭ.
مانا ئەمدى گۈلباهار قىزمۇ
يۈز ئۆرۈمەي قالامدۇ سەندىن؟
ئىشەنمەيدۇ تەشكىلمۇ ساڭا،
ئاشالمايسەن هەرگىزمۇ مەندىن!»
ها...ها...ها...ها...كۈلدى سادىقجان،
شاتلىقىدىن ئۆزىنى تۇتالماي.
دولقۇنجاننىڭ يۈزى قىزىرىپ،
غەزىۋىنى قالدى باسالماي.

×

ئۆز ئىشىڭغا بولغاندا ئىشەنچ،
قەلبىڭ سېنىڭ تىنجىماس زادى.
يېرىم يولدا توختىماس جەڭچى،
هاسىل بولماي مەقسەت - مۇرادى.
شۇ سىناقتىن كېيىن دولقۇننىڭ
گېلىدىن هىچ ئۆتمىدى تاماق.
چىرمىۋالدى كۆڭلىنى خىيال،
كۆزلىرىمۇ ئۇيقىدىن يىراق.
ئويلايتتى ئۇ: «بۇ قانداق ئەھۋال؟
زادى قايسى ئورۇندا چاتاق؟
ئەجرىم مېنىڭ كېتەرمۇ بوشقا،
مۇنداق بولۇش ناتايىن، بىراق....»
ئويلىغانچە ئۇنىڭ قەلبىنى
ئازاپلايتتى بىر ئۆتكۈر پىچاق.
ئىستەكلىرى قىستايتتى ئۇنى
غەلىبىگە يېتىشكە تېزراق.
گەرئاشسىمۇ يېرىم كېچىدىن
كىرپىك قاقماي ئويلاندى ئۇزاق.
بىردىن ئۇنىڭ قەلب تۆرىدە
بولدى يانغان كەبى نۇر چىراق.
يايدى قايتا ئۇستەل ئۈستىگە،
چىرتيوژنى ئاستا ئاۋايلاپ.
تاپالمىغاچ نۇقساننى يەنە
تۇرۇپ قالدى بېشىنى چايقاپ.
كىرىپ كەلدى شۇ چاغ ئىشكتىن
باش ئىنژېنېر خۇش چىراي كۈلۈپ.
گۈلباهارمۇ كەلگەنتى بىللە،
قانداقتۇ بىر سايمان كۆتىرىپ.
— قانداق دولقۇن، — دېدى ئىنژېنېر، —
چىققىنىڭىزمۇ چاتاقنى تېپىپ؟ —
باش چايقىدى دولقۇن جاۋابەن،
ئىنژېنېرغا ئۈمىتلىك بېقىپ.

— مەيۈسلەنمەڭ، — دېدى ئىنژېنېر،
دولقۇنجانغا بېرىپ تەسەللى، —
بىز تاپىمىز چاتاقنى چوقۇم،
كىرىشەيلى ئىشقا ... ھە - بەللى.
بىر قېتىملىق سىناقتا مەغلۇپ
بولۇش ئانچە چوڭ ئىشمۇ ئەمەس.
ئىلىم - پەن ۋە كەشپىيات يولى
ھەم مۇقەددەس،
ھەم جاپالىق - تەس.
قېنى بېرىڭ، ماڭا ئەسۋاپنى،
بىز بىرلىكتە تەكشۈرەيلىچۇ! —
دېدى نەزەر تاشلاپ باھارغا،
دولقۇنجاننى تارتىپ يانغا ئۇ.
باش ئىنژېنېر بولۇپ يېتەكچى،
ئاپاراتنى تەكشۈردى بىر - بىر.
گىرادۇسلۇق ئەينەكتە شۇ چاغ
مەلۇم بولدى ئاپاراتنىڭ سىرى.
ئاپتوماتىك ئۆلچەش ۋىنتىسى
چىڭىتىلماي قالغانكەن تازا.
قىلدەك بىر سىم تۇتاشماي قېلىپ،
ئۆتۈشمەپتۇ توكلار ئۆز ئارا.
ئاپاراتنى قۇراشتۇرغاندا،
بۇ ئاخىرقى مەشغۇلات ئىدى.
مەس قىلغانكەن ئۇلارنى ئەسلى
ھاياجاننىڭ شارابى - ھىدى.
— قېنى ئەمدى، ئوڭشاڭ ئۆزىڭىز، —
دەپ ئىنژېنېر بەردى كۈلۈمچىنى.
غاڭزىسىغا تۇتاشتۇرۇپ ئوت،
چەتتە تۇرۇپ كۆزەتتى ئىشنى.
چاتاقلارنى ئوڭشىدى دولقۇن،
قايتا - قايتا تەكشۈرۈپ ئۆتتى.
تەسۋى سىرىپ ئۆتكەندەك گويا
ۋىنتىلارنى بىر - بىر چىڭىتتى ....

×

بۈگۈن يەنە سىناق مەيدانى
جەڭچىلەرگە تولغان ئىدى لىق.
بېزەلگەنتى كۆرەك سەھنىسى
شۇنچە ھەيۋەت، شۇنچە چىرايلىق.
دولقۇن دەرھال باشلىدى ئىشنى،
ماھارەتنى قىلىپ نامايىش.
غەلىبىگە ياڭرىدى دۇمباق،
كۆتىرىلدى ئەتراپتا ئالقىش.
كۆزگە غۇۋا كۆرۈنەر پەقەت
يىراق يەرگە قويۇلغان قارا.
كۇنۇپكىنى ئاچتى دولقۇنجان
ئاپاراتنى توغرىلاپ ئاڭا.
ئىستىرېلكىلار كېلىپ ھەركەتكە،
لىغىرلىشىپ ئايلاندى بىردەم.
تېخى مىنۇت بولماي تۇرۇپلا،
«3000» ساننى كۆرسەتتى شۇدەم،
«ئۈچ مىڭ مېتىر قارا ئارىلىغى»
دېدى دولقۇن جاراڭلىق بىردىن.
ئارىلىققا توغرىلاپ توپنى،
جەڭچى باستى تەپكىنى تېزدىن.
«گۈمباڭ!» بىلەن توزىدى كۆككە
يىراقتىكى قارا شۇ ھامان.
شۇندا كادىر، جەڭچىنى ئالدى
ئۆز ئىلكىگە خوشلۇق - ھاياجان ....
كىرپىگىدە گۈلباھار قىزنىڭ
يالتىرىدى مارجاندەك يېشى.
ئۆز ئىشىدا قىلغاچ غەلىبە،
كۆككە يەتتى دولقۇننىڭ بېشى.
قولقىسىشتى ئىككى ئامراق دوست،
يۈرىگىدە قايناپ ھاياجان.
تۇرار ئىدى سادىق تەلمۈرۈپ،
رەڭگى ئۇنىڭ گويىكى سامان.

×

ئالتۇن مېدال، گۈللەر تاقالدى
دولقۇن بىلەن باھار كۆكسىگە.
قارشاتتى كىشىلەر تويىماي
ئىككى ياشنىڭ گۈلدەك ھۆسنىگە.
شان - زەپەرگە قىلىپ تەنتەنە،
يىغىن بىردىن قىلغاندا جاكا:
«بۈگۈن بولدى توي ئۈستىگە توي!»
ياڭراپ كەتتى شوخ نەغمە - ناۋا.
كۈلدى ھايات، ئويىندى يۈرەك،
ئېچىلغاندەك گويا قوش پۆرەك.
لەززىتىنى سۈرەر ۋىسالنىڭ
ئۇسسۇل ئويناپ بىر جۈپ كېپىنەك.

# «سىناق مەيدانىدىكى لەتىپە» نىڭ لەززىتى

تادىر سىدىق

كىتاپخانىلار ياخشى يېزىلغان بىرەر پارچە ھېكايىنى ئوقۇغاندا، ئۇنىڭدىن چوقۇم بەلگىلىك ئېستېتىك زوق ئالىدۇ، بۇ خىل زوقنىڭ كۈچلۈك ياكى ئاجىز بولۇشى ھېكايىنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنىنىڭ توغرىلىقىغا، چوڭقۇرلىقىغا ۋە بەدىئىي تەسىرچانلىقىغا باغلىق بولىدۇ.

«تارىم» ژورنىلىنىڭ 1983 - يىللىق 6 - سانىدا ئېلان قىلىنغان يازغۇچى ئەخەت تۇردىنىڭ «سىناق مەيدانىدىكى لەتىپە» ناملىق ھېكايىسى كەڭ كىتاپخانىلارغا كۈچلۈك بەدىئىي زوق بەخش ئەتكەن، ئىجتىمائىي ئۈنۈمى بىرقەدەر زور بولغان ياخشى ھېكايە.

ئاپتور گەرچە بۇ ھېكايىسىدا، تارىختىن بۇيان نۇرغۇن ئەدىپلەر ئورتاق ئىپادىلەپ كېلىۋاتقان ئىلىم - مەرىپەتنى ئۇلۇغلاشنى ئاساسىي تېما قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى ئۆزىگە خاس ئۇسلۇپ بىلەن ئىپادىلەپ بەرگەچكە، بىزدە يېڭىچە بەدىئىي زوق پەيدا قىلالىدى. ئاپتور بۇ ھېكايىسىدا ئىلىم - مەرىپەتنىڭ مۆلچەرلىگۈسىز ھاياتىي كۈچىنى دەۋر رېياللىقى ۋە خەلقنىڭ تەلەپ - تەشنالىقى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈپ، كىچىككىنە بىر سىناق مەيدانىدا يۈز بەرگەن ئاددى ۋەقەلىك ئارقىلىق روشەن يورۇتۇپ بېرىدۇ؛ پارتىيىمىزنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان ئوتتۇرىغا قويۇلغان بىر قاتار دانا فاڭجېن - سىياسەتلىرىنىڭ شانلىق غەلىبىلىرىگە قىزغىن مەدھىيە ئوقۇيدۇ. ئاپتور خەلقنىڭ ھەقىقىي ۋەكىلى سۈپىتىدە چوڭ يۈرەكلىك بىلەن مەيدانغا چىقىپ، كىشىلەر سۆزلەشكە جۈرئەت قىلالمايۋاتقان ناھايىتى مۇھىم بىر تېپىك مەسىلىنى تۇتۇپ تۇرۇپ، 1980 - يىللاردىكى يېڭى تارىخىي شارائىتتىمۇ ئىلىم - مەرىپەتنى كۆزگە ئىلماي، مەيلىنى مەيگە بېرىپ، ھەيۋە كۆرسىتىپ، نوقۇل شەخسىي تەجرىبىسىگە تايىنىپلا قارىغۇلارچە ئىشلەۋاتقان، شۇنداقلا بىلىملىك، قابىل، ياش كادىرلارنى ئۆچ كۆرۈپ، مەنسىتمەي، خەلق ئاممىسىنى ھەيۋەتلىك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا دادىل يېتەكلىيەلمەي، ئىقتىدارسىزلىق قىلىۋاتقان رەھبىرىي كادىر — نۇردۇننىڭ روشەن ئىندىۋىدۇئاللىققا ئىگە تىپىك ئوبرازىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ياراتقان. ئاپتور

ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب بىلەن نۇردۇننىڭ قىياپەت تەسۋىرىنى بەرمەي، ئۇنى كىتابخانىلارغا تاپشۇرۇۋەتكەن ۋە شۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ نۇردۇننى ئۇزۇل - كېسىل نابۇت قىلىۋېتىش نىيىتىدە ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئەس - ھوشىنى يىغىپ، خاتالىقىنى تېزدىن تۈزىتىپ، يېڭىۋاشتىن ياخشى ئادەم بولۇشىنى كۈتۈشتەك ياخشى ئارزۇسىنى، شۇنداقلا، ھەم تەنقىدلەش، ھەم ئاياش ئىدىيىسىنى ئىپادىلىگەن. نۇردۇننىڭ ئىدىيىۋى خاراكتېرىنى ئېچىپ بېرىشتە رېئال تۇرمۇش ئاساسى بولمىغان ئاجايىپ - غارايىپ قۇرۇق تەپسىلات - تەسۋىرلەرگە بېرىلىپ كەتمەي، باي تەسەۋۋۇرىنىڭ ياردىمىگە تايىنىپ، ھېكايە سيۇژىتىنى ئۇستىلىق بىلەن قۇراشتۇرۇپ، ھېكايىنى قىسقا، تەسىرلىك يېزىپ چىققان. قابىلىيەتلىك رەھبىرىي كادىرلارنىڭ بەدىئى تىپى — ياش ھاكىم مەخسۇت بىلەن نۇردۇننى سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكىنى يورۇتۇپ بەرگەن.

ھېكايىنىڭ بېشىدىلا نۇردۇننىڭ شۇنچە ۋاقىتتىن بېرى پۈتۈن ناھىيىنى قاتتىق ساراسىمىگە سېلىۋەتكەن ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئىمتىھانىدىن بىخەۋەر يۈرگەنلىكىنى ئوقۇغىنىمىزدا، بىزدە ئۇنىڭغا نىسبەتەن دەسلەپكى قەدەمدە نارازىلىق ھېسسىياتى قوزغىلىشقا باشلايدۇ.

20 - ئۆكتەبىر يېتىپ كېلىپ، پۈتۈن ئىشچى - خىزمەتچىلەر سىناق مەيدانىغا كىرىپ بولغان، مەيدان شۇنچە سۈرلۈك تۈس ئالغان پەيتتىمۇ نۇردۇن ھاكىم سىناق مەيدانىغا يېتىپ كەلمەيدۇ. پەقەت 2 - قېتىملىق تەييارلىق قوڭغۇرىقى چېلىنغاندىن كېيىنلا، جىپ ماشىنىسى بىلەن زالنىڭ ئىشىگىگە يېتىپ كېلىدۇ، ئۇنى ئاز دىگەندەك داشۆ ئوقۇغۇچىسى ئابلا كاتىپتى ئىمتىھانغا بىللە ئېلىپ كىرمەكچى بولۇپ باشلاپ كېلىدۇ.

«— گۇۋاھنامىڭىزنى كۆرۈپ باقاي.

نۇردۇن ھاكىم گۇۋاھنامىسىنى كۆرسەتتى.

— نومۇرىڭىز 47 ئىكەن، ئورنىڭىز ئاۋۇ يەردە، — نازارەتچى گۇۋاھنامىنى نۇردۇن ھاكىمغا بېرىۋېتىپ ياش يىگىتتىن سورىدى، — سىزنىڭچۇ؟

— مەن ... مېنىڭ ...، — يىگىت دۇدۇقلىغىنىچە نۇردۇن ھاكىمغا قارىدى. نۇردۇن ھاكىم دەرھال نازارەتچىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ چۈشەندۈردى:

— بۇ كىشى ئىشخانىنىڭ كاتىۋى بولىدۇ، ئىسمى ئابلا، ئىككىمىز بىرلىكتە تەييارلىق قىلغان، ئىمتىھاننى بىللە بەرمەكچىمىز ...،

— ھە؟!

نازارەتچى سوغاققىنە كۈلدى:

— تەييارلىقنى بىللە قىلىشقا بولىدۇ، لېكىن ئىمتىھاننى قانداقمۇ بىللە بەرگىلى بولسۇن؟! بۇ ھەر كىمنىڭ ئىقتىدارىنى سىنايدىغان ئىش - تە!»

مانا بۇ دىئالوگلاردىن بىز نۇردۇننىڭ ئىدىيىۋى خاراكتېرى بىلەن يەنىمۇ بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا تونۇشىمىز.

ھېكايىدىكى نازارەتچى — خەلق ئاممىسىنىڭ ۋەكىلى، ئۇنىڭ بۇيرۇغى — خەلقنىڭ ئورتاق ساداسىدۇر. يازغۇچى بۇ يەردە ماھىرلىق بىلەن نۇردۇنغا ئوخشاش قابىلىيەتسىز كادىرلارغا ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز ھالدا يان باسىدىغان ئابلا كاتىپتەك شەخسلەرنى يەڭگىل قامچىلاپ ئۆتۈپ كەتكەن.

ئەمدى سىناق مەيدانىدىكى ئەھۋالغا كېلەيلى:

نازارەتچى ئابلانى قايتۇرىۋەتكەندىن كېيىن، نۇردۇننىڭ كاللىسى كاتىپ بىلەن بىللە كېتىدۇ. شۇندىمۇ ئۇ ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىغا تەن بەرمەي: «نەچچە يىلدىن بېرى ئۇلارنى باشقۇرۇپ كېلىۋاتقان ئادەمنىڭ ئالاقزادە بولۇشى ئۇيات ئەمەسمۇ؟ ئىمتىھان دېگەن نىمىتى؟!» دەپ مەمەدانىلىق قىلىدۇ. لېكىن، ئەمەلىيەتتە بولسا، سىناق سوئالىغا جاۋاپ تاپالماي، ئاخىرى: «نىمانچە باش قاتۇرغۇلۇق!؟ تۆت ئەمەلنى بىلمىگەن ئادەم ناھىيىنى باشقۇرالامدىكەن!؟» دەپ ماتېماتىكا ئىمتىھانىدىن ئۆزىنى - ئۆزى ئازات قىلىۋېتىدۇ. سىياسەت ئىمتىھانىدا تېخىمۇ كۈلكىلىك ئىش باشلىنىدۇ. ئۇ، پارتىيە 7 - قۇرۇلتىيىنى «بېيجىڭدا خەلق قۇرۇلتىيى زالىدا غەلىبىلىك ئېچىلدى» دەپ يېزىپ، ئۆزىنىڭ ئۇلۇغ تارىخي بۇرۇلۇش نۇقتىسى ھىساپلانغان 7 - قۇرۇلتاينىڭ يەنئەندە ئېچىلغانلىقىدىن ئىبارەت مۇشۇ ئاددى سىياسى ساۋاتنىمۇ بىلمەيدىغانلىقىنى ئاشكارىلاپ قويىدۇ. بۇ قۇرلارنى ئوقۇغىنىمىزدا، نۇردۇننىڭ بىلىمسىزلىكىگە ھەم ئېچىنىمىز، ھەم كۈلگىمىز كېلىدۇ. ئاپتور بۇ يەرگە كەلگەندە كىتاپخانلاردا غەيرى بىر تونۇشنىڭ پەيدا بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن، سېلىشتۇرما سۈپىتىدە مەخسۇتنى تەسۋىرلەيدۇ. كىتاپ - ژورنال ئوقۇشقا ھېرىسمەن مەخسۇت نۇردۇننىڭ تامامەن ئەكسىچە سىناق سوئالىغا بىرمۇ - بىر توغرا جاۋاپ بېرىدۇ. مەخسۇتنىڭ باش كۆتەرمەي يېزىۋاتقانلىقىدىن ئوڭايسىزلانغان نۇردۇن ئەمدى نەزىرىنى تارىخ سوئالىغا ئاغدۇرىدۇ. «دۆلىتىمىزدە بارلىققا كەلگەن تۆت چوڭ كەشپىيات قايسىلار؟» نۇردۇن ھاكىم ئىڭىكىنى يۆلەپ، چوڭقۇر ئويلىنىپ «1980 - يىللاردىكى فىبىك جىيامۇنىڭ باغراش كۆلىنى تەكشۈرگەنلىكىنى، قاغىلىق كۆكيار نېفىتلىكىنىڭ تېپىلغانلىقىنى 2 چوڭ كەشپىيات» دەپ ھۆكۈم قىلىدۇ، دەل شۇ ۋاقىتتا تەلىيىگە دەرىزە يېنىغا كېلىپ قالغان ئون ياشلىق ئىككى ئوقۇغۇچىنىڭ شاراپىتى بىلەن «مەتبە»، «قەغەز» دېگەنلەرنى بىلىۋالىدۇ. ئەپسۇسكى، نازارەتچى ئۇلارنى ھەيدىۋېتىدۇ، بولمىسا، ئۇ قالغىنىنىمۇ بىلىۋالغان بولار ئىدى. شۇڭا ئۇ ئاخىرىغا «قەلەم» بىلەن «سىيا» نى قوشۇپ، 4 چوڭ كەشپىياتنى «كەم - كۈتىسىز تېپىۋالغان» لىقىدىن مەمنۇن بولىدۇ ۋە كۆكسىنى كېرىپ ئەتراپقا نەزەر سېلىپ قارايدۇ، دەل شۇ چاغدا مەخسۇت سىناق مەيدانىدىن چىقىپ كېتىدۇ، نۇردۇن بىر ئاز جىددىيلىشىپ قالىدۇ. مەخسۇتنىڭ ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كېتىشى ئۇنىڭغا بىر ئاز ھار كەلدى بولغاي، ئۆزىنىڭ مەخسۇتنى ئۈستۈرگەنلىكىنى ئويلاپ كېتىدۇ. نۇردۇن ھەسەتخورلۇق بىلەن «تۆردە ئولتۇرغان ھىساپ ئەمەس، زەللە ئالغان ھىساپ» دەپ ئۆزىگە ھاي بېرىدۇ، ئۇنى شېرىن خىياللار چۇلغىۋالىدۇ. ئۇ، ئۆزىنىڭ تەجرىبىلىك ئىكەنلىكىدىن، ھىماتىنىڭ چوڭلۇقىدىن، ھاراق بىلەن تاماقتىن تاپقان يۈز - ئابرويىدىن كېرىلىدۇ، بىر ھازادىن كېيىن، ھاراق خۇمارىنى زورغا بېسىپ، چېچىلىپ كەتكەن خىيالىنى يىغىۋالىدۇ. ئاندىن ئۆزى بىلىدىغانلىرىنى يېزىشقا باشلايدۇ. ئەمما ئومۇمى ساۋاتتىن بېرىلگەن «شامال نىمە ئۈچۈن چىقىدۇ؟» دېگەن سوئالغىمۇ جاۋاپ بېرەلمەي تۇرۇپ، ئۆزىنى - ئۆزى ئالداپ: «شامال نىمە ئۈچۈن چىقىدىغانلىقىنى بىلمەيمۇ بىر ناھىيىنى ئوبدان سوراپ كېلىۋاتىمەنغۇ؟ بۇندىن كېيىن بىلمىسەممۇ نىمە بوپتۇ؟! بىر ۋىلايەتنى سوراشقا پۇتلىكاشاڭ بولامدىكەن!...» دەپ ئويلايدۇ. بۇلارنى ئوقۇغىنىمىزدا، نۇردۇننىڭ

ئىلىم - مەرىپەتنى كۆزگە ئىلمايدىغان، ئۆزىنىڭ شەخسى مەنپەئەتىنى دۆلەت ۋە خەلقنىڭ مەنپەئەتىدىن ئەلا كۆرىدىغان خاراكتېر ئالاھىدىلىگى تېخىمۇ روشەنلىشىشكە باشلايدۇ. «كۈن تۇتۇلۇش» توغرىسىدىكى سوئالغا نۇردۇن «مەن قاتناشقان يىغىنلاردا كۈن تۇتۇلۇش توغرىسىدا مۇزاكىرە قىلمايتىكەنمىز، شۇڭا، مەنمۇ بىر نەرسە دېيەلمىدىم» دەپ يازماقچى بولىدۇ - يۇ، لېكىن كۆلكىگە قېلىشنى ئويلاپ (ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكىنى ئۆزىتىش مەزگىلىدىكى سەتچىلىكتىن ئىبرەت ئالغان بولسا كېرەك)، توختاپ قالىدۇ، مەسخىرىلىك كۆلكە ئۇنىڭ باغرىنى ئېچىشتۇرۇپ، ئەقلىنى ئېلىپ قاچىدۇ، ئاڭغىچە سىناق ۋاقتى توشۇپ قالىدۇ، مەيداندا پەقەت بەشلا كىشى قالىدۇ. بۇ ھال ئۇنى گاڭگىرىتىپ قويىدۇ، ھېچ - نەرسىنى يازالماي، «لاياقەت گۇۋانامىسى» ئېلىش خام - خىيالىدا ئىمتىھان قەغىزىنى تاپشۇرۇپ، مەيداندىن چىقىپ كېتىدۇ، ئۇنىڭ ئىمتىھان نەتىجىسى «13.7»، مەخسۇتىنىڭ بولسا، «92.4» بولىدۇ. بۇنى كۆرگەن پۈتۈن ناھىيە خەلقى مەخسۇتنى ئالقىشلايدۇ، نۇردۇندىن ئۈمىتسىزلىنىدۇ، كۈلىدۇ. ھېكايىدا يارىتىلغان بۇ خىل بەدىئى چىنلىق بىزنىڭ تەپەككۇر كەڭرىمىزنى رېئال ھايات ئاسمىنىدا پەرۋاز قىلدۇرىدۇ. چۈنكى، نۇردۇندەك كادىرلاردىن پايدىلىنىپ، ئاممىنى قورۇق ھەيۋە بىلەن باشقۇرۇپ كېلىۋاتقان ئابرويپەرەس، بىلىمسىز، ھوقۇق مەستانىلىرى بىزنىڭ رېئال تۇرمۇشىمىزدا ھېلىمۇ مەۋجۇت. نۇردۇن ئوبرازىدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان بەدىئى چىنلىق چوڭقۇر رېئال ئاساسقا ئىگە. بىز ۋۇنىڭدىن پارتىيىمىزنىڭ ھازىر يولغا قويۇۋاتقان ئورگان ئىسلاھاتى سىياسىتىنىڭ نەقەدەر ئانالىغىنى تولۇق تونۇپ يېتىمىز. ئاپتور ئۆزىنىڭ بۇ ھېكايىسى ئارقىلىق زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىش — بارلىق كىشىلەرنىڭ مەجبۇرىيىتى ئىكەنلىكىنى، پەقەت پۈخرا - لارغا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ قويۇپ، ئىشخانىدا ئولتۇرۇۋالغان بىلەن ئىش پۈتمەيدىغانلىقىنى، زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ ئاساسى بولغان — ئىلىم - مەرىپەت ۋە پەن - تېخنىكىنى ئۆگەنمىسە زادى بولمايدىغانلىغىنى جاكالايدۇ. ئاپتورنىڭ قەلىمى ئاستىدا تەسۋىرلىنىۋاتقان سىناق مەيدانى — ئادەتتىكى بىر كىچىك ئىمتىھان مەيدانى بولماستىن، بەلكى يېڭى ئۇزۇن سەپەر جەريانىدا يۈز مىليونلىغان خەلقنىڭ باھالىشىدىن ئۆتۈدىغان زامانى - ۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ سىناق مەيدانىدۇر. يازغۇچى كادىرلارنى مانا مۇشۇ چوڭ سىناقتىن «لاياقەت گۇۋانامىسى» ئېلىشقا ئىلھاملاندۇرىدۇ، بۇنداق «گۇۋانامە» ئالالمىغان كادىرلارنىڭ دەۋر ئالدىدا ئەيىپكار بولىدىغانلىغىنىمۇ ئۇلارنىڭ سەمىگە سالىدۇ. مەلۇمكى، پارتىيىمىز ھازىر ھەممە كىشىگە ئۆز ماھارىتىنى كۆرسىتىدىغان كەڭ زېمىن ھازىرلاپ بەردى، شۇڭا ھەممە ئادەم ئەقلىنى ئىشقا سېلىشى لازىم. بۇ — دەۋرنىڭ تەلىۋى، خەلقنىڭ ئۈمىدى. چوڭ سىناقتىن ئەلا نەتىجە بىلەن ئۆتۈش — رەھبىرىي كادىرلارنىڭ قىلچە باش تارتقىلى بولمايدىغان شەرەپلىك مەجبۇرىيىتى. ئاپتور ئۆز ھېكايىسىدا بۇ پىكىرنى تولىمۇ جايىدا ئىپادىلەپ بەرگەن ھەمدە رەھبىرىي كادىرلارغا بولغان خەلقنىڭ ياخشى نىيىتىنىمۇ ئوتتۇرىغا قويغان، نۇردۇنغا ئوخشاش ئىقتىدارسىز كىشىلەرنىڭ پارازىتلارچە ياشاپ، چوڭ ھوقۇقنى چاڭگاللىۋېلىپ، يا ئىشلىيەلمەي، يا ئورۇن بوشىتىپ بەرمەي، خەلققە زىيان سېلىۋېرىشىغا بولمايدىغانلىغىنى كۆرسەتكەن. دەۋر، شارائىت ئۆزگىرىدىكەن، كىشى ئىدىيىسىنىمۇ ئۆزگىرىشى كېرەك، ئۆزگەرمەي تۇگۈلۈۋېلىش تارىخىي تەرەققىيات قانۇنىيىتىگە

خىلاپ. ئاپتور نۇردۇندىكى ناچار ئادەتلەرنىڭ پەيدا بولۇش ۋە تەرەققى قىلىش سەۋەپلىرىنىمۇ ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىدۇ، ئاپتور: «ئويۇن - تاماشا، بەزمە - باراۋەت(*) نۇردۇن هاكىمنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىنىڭ مۇهىم مەزمۇنى ئىدى...» دەپ يېزىپ، كىشىلەرنىڭ سىياسى - ئىدىيە جەهەتتىكى زەئىپلىشىشىنىڭ ئەڭ ئاۋال ئىقتىسادىي جەهەتتىن باشلىنىدىغانلىقىنى، بولۇپمۇ چېكىدىن ئاشقان ئەيشى - ئىشرەتلىك تۇرمۇشنىڭ چىرىتىش رولىنى ئوينايدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ تۇرمۇش قانۇنىيىتىگە تامامەن ئۇيغۇن، هەقىقەتەن پارتىيە ئىستىلىگە خىلاپلىق قىلىپ، پارىخورلۇققا بېرىلىدىكەن، خەلقنىڭ ئىشەنچىسىدىن چۈشۈپلا قالماي، بەلكى مۇقەررەر هالدا ئۇلارنىڭ غەزەپ - نەپرىتىگىمۇ ئۇچرايدۇ. يازغۇچى بۇ نۇقتىنى ئېنىق يورۇتۇپ بېرەلىگەن. ئاپتور هېكايىنىڭ خاتىمىسىدە كادىرلاردىكى بۇ خىل بىلىمسىزلىكنى تېزدىن تۈگىتىپ كەتكىلى بولمايدىغانلىقىنى، ئۇنى شۇئارۋازلىق بىلەن يوقىتىشقا بولمايدىغانلىقىنى توغرا خۇلاسىلايدۇ، ئۇ: «نۇردۇن هاكىمدەك كىشىلەر تۈنۈگۈن بولغان، بۈگۈنمۇ بار، ئەمدى، ئەتىچۇ؟!...» دەپ يېزىپ، ئۆتكەندىكى، بۈگۈندىكى ئىشلارغا ۋە كەلگۈسىگە نەزەر تاشلاپ، هەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزلەشتىن ئىبارەت ماركسىزملىق ئۇسۇل بويىچە ئىشلەشنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. دۇرۇس، بۇ خىل بىلىمسىزلىكنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇشنى ئورۇنلاش بىرەر كىشىنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ، بەلكى پۈتكۈل جەمىيەت ۋە خەلق تەڭ هەركەتلىنىش كېرەك. هەرگىزمۇ بىرەر قېتىملىق مەمۇرى بۇيرۇققا يۆلەنگەندىلا ئىش پۈتمەيدۇ. ئۇزۇن مۇددەت تىرىشچانلىق كۆرسىتىش كېرەك. يازغۇچى هېكايىسىدا بۇ خىل بىلىمسىزلىكنىڭ سەۋەبىنى بىرەر شەخسكە ياكى دەۋرگە دۆڭگەپ قويمىغان، بەلكى تارىخىي ماتېرىيالىزملىق نۇقتىئىنەزەر بىلەن توغرا خۇلاسىلىغان. ئاپتور هەرگىزمۇ كەڭ كادىرلار قوشۇنىنى قارىلاش نىيىتىدە بولمىغان، تۇرمۇشنى بۇرمىلىمىغان. يىغىپ ئېيتقاندا، بۇ هېكايە ئىدىيىسىنىڭ ئاكتىۋئاللىقى، بەدىئىلىكىنىڭ يۇقۇرىلىقى بىلەن يازغۇچىنىڭ مۇنەۋۋەر هېكايىلىرى قاتارىدىن ئورۇن ئېلىشقا مۇناسىپ، هەرقانداق يازغۇچى، شائىر ئۆز ئەسىرىنى كىتابخانلار قىزىقىپ ئوقۇسۇن، دەپ ئىجات قىلىدۇ. شۇنداق ئىكەن، ئۇلارنىڭ مانا مۇشۇنداق ياخشى ئەسەرلەرنى يازغىنى تۈزۈك. ئوقۇسا يادىدا قالغۇدەك، قىزىقارلىق بولۇشى، ئۇزۇن، تېتىقسىز بولماسلىقى، قۇرۇق شۇئارۋازلىق قىلماسلىقى لازىم.

مەن ئەخەت تۇردىنىڭ تېخىمۇ تىرىشىپ، مۇشۇنداق ياخشى هېكايىلارنى كۆپلەپ يېزىپ، ئىجادىيەتتىكى بەزىبىر قاتماللىقلارنى بۇزۇپ تاشلاشتا كۈچ چىقىرىشىنى ئۈمىت قىلىمەن.

## دوبروليوبوۋنىڭ ئۆتكۈرلىكى

روسىيىنىڭ ئەدىبىي تەنقىدچىسى دوبروليوبوۋ (1836 ــ 1861 ــ يىللار) ــ ئۆتكۈر نەزەرلىك كىشى ئىدى.

تۇرگېنېۋ «ھارپا» ناملىق پوۋېستىنى يېزىپ پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئارگىنالىنى پېتېربۇرگقا ئېلىپ بېرىپ، دوست ـ ئاغىنىلىرى ئوتتۇرىسىدا بىرنەچچە ئاخشام ئۈنلۈك ئوقۇپ بەرگەن ئىدى.

بۇ ئەسەر ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، كەسكىن مۇنازىرە قوزغالدى. بىرنەچچىلەن بۇ ئەسەرنىڭ ئىدىيىسى بەك رادىكال ئىكەن، روسىيىنىڭ ئەينى زاماندىكى ئىجتىمائىي تۈزۈمىنى بەك سۆكۈۋېتىپتۇ دەپ قاراپ، ئۇ پوۋېستنى ياقتۇرمىدى. دوبروليوبوۋ بولسا، بۇ ئەسەرنىڭ ياخشىلىقى ــ ئۇنىڭ ئىدىيىسىنىڭ ئىلغار بولغانلىقىدا، ئۇنىڭ تىغ ئۇچىدەك ئۆتكۈر، ئوبرازلىرى روشەن بولۇپتۇ، دەپ قارىدى. بەس ـ مۇنازىرە ئىنتايىن كەسكىنلىشىپ كەتتى، ھەتتا تۇرگېنېۋنىڭ ئۆزىمۇ دوبروليوبوۋنىڭ «ھارپا» غا يۈرگۈزگەن تەھلىلى ھەددىدىن ئېشىپ كەتتى، دەپ قارىدى.

«زامانداشلار» ژۇرنىلىنىڭ تەھرىر ۋە ئاپتورلىرىدىن نېكراسوۋ، چېرنىشېۋسكى قاتارلىقلار دوبروليوبوۋنىڭ نۇقتىئىنەزىرىنى قەتئىي قوللاپ، بۇ 20 نەچچە ياشلىق تەنقىدچىنىڭ نەزىرى ئۆتكۈر ئىكەن، تەھلىلى جايىدا بولدى، دەپ قارىدى. ئۇلار دوبروليوبوۋ بىلەن بىرلىكتە «ھارپا»نى جۈملىمۇ ـ جۈملە تەتقىق قىلىپ، ئاخىرى «زامانداشلار» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلدى.

ئەسەر ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، تەرەققىپەرۋەر ياشلارنىڭ قىزغىن ماختىشىغا سازاۋەر بولدى. بىر كۈنى دوبروليوبوۋ بىر قىز ئوقۇغۇچىنىڭ ئۆيىگە دەرس ئۆتكىلى بارغان ئىدى، بۇ ئوقۇغۇچىنىڭ دادىسى دوبروليوبوۋتىن:

— سىز «ھارپا» نى ياخشى كۆرەمسىز؟ — دەپ سورىدى.

— ئۇ قالتىس ياخشى ئەسەر! — دەپ جاۋاپ بەردى دوبروليوبوۋ خۇشاللىق بىلەن.

— ياخشىلىقىغۇ ياخشى ئىكەن، — دېدى قىزنىڭ دادىسى، — بىراق، ئۇ ئەسەردىكى باش قەھرىمان رېئال تۇرمۇشتا كۆپ ئۇچرىمايدۇ.

— يوغسۇ! — دېدى دوبروليوبوۋ، — بۇ دەل ھاياتىي كۈچكە ئىگە بىر خىل يېڭى ئىدىيىنىڭ دۇنياغا كېلىۋاتقانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ! بۇ ئەسەرنىڭ باش قەھرىمانى يېلېنا دەل مۇشۇنداق يېڭى ئىدىيىنىڭ ۋەكىلى!

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇزاق ئۆتمەيلا، دوبروليوبوۋ «ھارپا» ھەققىدە ئوبزور يازدى.

بۇ ئوبزورنىڭ دەسلەپكى ئارگىنالى پۈتكەندە، تۇرگېنېۋ ئۇنى ئوقۇپ، دۇبروليۇبوۋنىڭ كۆزقاراشلىرىغا قوشۇلمىدى، نەتىجىدە ئىككىسى كەسكىن مۇنازىرىلىشىپ قالدى:

— مېنىڭچە، — دېدى دۇبروليۇبوۋ، — «هارپا» نىڭ قىممىتى شۇ يەردىكى، سىز ئۇنىڭدا روسىيىنىڭ رېيال تۇرمۇشىنى، روسىيىنىڭ ئىنقىلاپ هارپىسىدا تۇرۇۋاتقانلىقىنى يازدىڭىز!

— ياق! مەن ئۇنداق قارىمايمەن! — دېدى تۇرگېنېۋ.

— ئىنقىلاپنىڭ هارپىسىنى يازدىڭىزلا ئەمەس، بەلكى ئەسىرىڭىز ئىنقىلاپقا خىتاپ قىلىش رولىنى ئويىنىدى!

— ياق، مەن قەتئىي قوشۇلمايمەن، مەن ئىنقىلاپقا خىتاپ قىلمىدىم! مەن دېموكراتىيىنى ئۈمىت قىلىمەن، لېكىن ئىنقىلاپنى ئۈمىت قىلمايمەن!

— سىزنىڭ ئېتىراپ قىلىش - قىلماسلىقىڭىزدىن قەتئىينەزەر، سىزنىڭ ئەسىرىڭىز روسىيىنىڭ رېيال تۇرمۇشىنى ھەققىي، جانلىق ئەكس ئەتتۈرگەنلىگى ئۈچۈن، ئەنە شۇنداق رول ئويىنىدى! — دېدى دۇبروليۇبوۋ كېسىپلا.

تۇرگېنېۋ بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ئارقا - ئارقىدىن باش چايقىدى ھەمدە «زاماندashلار» ژورنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى نېكراسوۋتىن دۇبروليۇبوۋنىڭ بۇ ئوبزورىنى ئېلان قىلماسلىقىنى تەلەپ قىلدى.

نېكراسوۋ دۇبروليۇبوۋنىڭ نۇقتىئىنەزىرىنى توغرا دەپ قارايتتى، شۇڭا ئۇ تۇرگېنېۋنى سۆز بىلەن قايىل قىلىش ئۈچۈن كۈچەپ باققان بولسىمۇ، تۇرگېنېۋ قايىل بولماي، ئۆز پىكرىدە جاھىللىق بىلەن چىڭ تۇرۇۋالدى:

— كىمنى تاللىسىڭىز ئىختىيارىڭىز، يا ماڭا تۇرۇڭ، يا دۇبروليۇبوۋقا! — دېدى تۇرگېنېۋ ئەڭ ئاخىرى. نېكراسوۋ تەڭلىكتە قالدى. ئۇ دۇبروليۇبوۋتىن ئۆز نۇقتىئىنەزىرىنى ئۆزگەرتىشنى خالايدىغان - خالىمايدىغانلىقىنى سوراپ كۆردى. دۇبروليۇبوۋ ھەر قانداق ماقالىنى يېزىشتا ھەقىقەتتە چىڭ تۇرۇش كېرەك، دەپ قاراپ، «هارپا»نى قايتا - قايتا ئوقۇپ چىقىپ، بارغانسېرى ئۆزىنىڭ نۇقتىئىنەزىرىنىڭ توغرا ئىكەنلىگىنى ھىس قىلدى. ئۇ، «تۇرگېنېۋ ‹هارپا›نى يېزىپ چىققاندىن كېيىن، ئىدىيە جەھەتتە دەۋرنىڭ تەرەققىياتىغا يېتىشەلمەي قالدى» دەپ ھىساپلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ يېڭىۋاشتىن قولىغا قەلەم ئېلىپ، ئۆزىنىڭ نۇقتىئىنەزىرىنى يەنىمۇ تولۇقلىدى، پۈۋېستىنىڭ چىنلىقىنى يۇكسەك دەرىجىدە مۇئەييەنلەشتۈردى، باش قەھرىمان ئىنساروۋ بىلەن يېلىنانىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىگىنى ھەم رېيال ئەھمىيىتىنى چوڭقۇر تەھلىل قىلىپ، روسىيە جەمئىيىتى روسىيىنىڭ «ئىچكى دۈشمىنى»نى يوقىتىدىغان ئىنساروۋتەك قورقماس جەڭچىلەرگە ئىنتايىن مۇھتاج، دەپ كۆرسەتتى. ئۇ، ئىنقىلاۋىي دېموكراتلار مەيدانىدا تۇرۇپ: «ئىنقىلاپ پات - ئارىدا يېتىپ كېلىدۇ، ئۇنىڭ يېتىپ كېلىشىگە ئانچە ئۇزاق قالمىدى....شۇ كۈن ئاخىرى يېتىپ كېلىدۇ!» دەپ خىتاپ قىلدى.

«زاماندashلار» ژورنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى نېكراسوۋ دۇبروليۇبوۋنىڭ ھەقىقەتتە چىڭ تۇرغانلىقىغا قايىل بولدى - دە: «دۇبروليۇبوۋ يېزىپ چىققان ھەقىقەت تۇرگېنېۋنىڭ دوستلۇقىدىنمۇ قىممەتلىك!» دەپ، دۇبروليۇبوۋنىڭ «ھەقىقىي كۈن قاچان كېلىدۇ؟» سەرلەۋھىلىك ئوبزورىنى ئېلان قىلدى.

تۇرگېنېۋ ئوبزورنىڭ ئېلان قىلىنغانلىقىنى كۆرۈپ، ئىنتايىن غەزەپلىنىپ، دۇبرولىيۇبوۋ، نىكراسوۋ ۋە «زامانداشلار» ژورنىلىدىن ئالاقىسىنى قەتئىي ئۈزدى. نەتىجىدە، ئۇ، ئىنقىلاۋىي دېموكراتىزىمچى سەپداشلىرىدىن يىراقلىشىپ، لىبېرالىزىم يولىغا ماڭدى. دۇبرولىيۇبوۋ بولسا، تەۋرەنمەس ئىنقىلاۋىي دېموكرات سۈپىتى بىلەن روسىيە ئەدەبىيات مۇنبىرىدە مەغرۇر قەد كۆتەردى.

## بېلىنىسكىنىڭ مۇھەببەت ۋە نەپرىتى

روسىيىنىڭ ئاتاغلىق ئەدەبىي تەنقىتچىسى بېلىنىسكى (1811-، 1848 - يىللار) نىڭ مۇھەببەت - نەپرىتى ناھايىتى ئېنىق ئىدى. ئۇ، ئۆزىنىڭ داڭلىق ئوبزورلىرى بىلەن ئەينى زاماندىكى روسىيە ئەدەبىيات مۇنبىرىدە غايەت زور يېتەكچىلىك رول ئوينىغان ئىدى.

بۇ يەردە بىز ئۇنىڭ گوگولغا تۇتقان پوزىتسىيىسىنىڭ كومېدىيىلىك ئۆزگىرىشىنى ھېكايە قىلىپ بېرىمىز.

دەسلەپتە ئۇ، گوگولنى پۇشكىندىن كېيىنكى «ھەقىقىي خەلق يازغۇچىسى»، «رۇس ئەدەبىياتىنىڭ سەركەردىسى» دېگەن ئىدى. بىراق، كېيىنچە ئۇ كەسكىن ھالدا گوگول «روسىيىنىڭ تەرەققىپەرۋەر ئەدەبىياتىغا داغ چۈشەردى» دەپ كۆرسەتتى.

بۇ نېمە ئۈچۈن؟

ئەسلىدە، گوگولنىڭ «ئۆلۈك جانلار» دېگەن رومانىنىڭ بىرىنچى قىسمى دۇنياغا كەلگەندىن كېيىن، ئەڭ ئاۋۋال بېلىنىسكى بۇ ئەسەرنىڭ رېئال ئەھمىيىتىنى ۋە يۈكسەك قىممىتىنى كۆرسىتىپ، ئۇ ئەسەرنى دەرھال كەڭ كىتابخانلارنىڭ دىققىتىگە ھاۋالە قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، بۇ ئەسەر دەرھال ئەينى زاماندىكى روسىيە تەرەققىپەرۋەر زاتلىرىنىڭ ۋە ياش ئەۋلادلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا سازاۋەر بولدى. شۇنداقلا، ئاقسۆڭەك بيۇروكراتلارمۇ بۇ كىتاپتىكى پېرسوناژلارنىڭ ۋۇجۇدىدىن ئۆزلىرىنىڭ يىرگىنچلىك سايىسىنى كۆرۈپ، گوگولغا ئىنتايىن غەزەپلىنىشتى، يەنە «ئۆلۈك جانلار» ھەققىدە توغرا ھەم چوڭقۇر ئوبزور يازغان بېلىنىسكىغا تېخىمۇ قاتتىق غەزەپلىنىشتى. ئۇلار: «گوگول، بېلىنىسكىلار رۇسلارنىڭ نامىنى بۇلغىدى، ئۇلارنىڭ پۇت - قولىغا كويزا - كىشەن سېلىپ، سىبىرىيىگە سۈرگۈن قىلىش كېرەك» دېيىشتى. قەيسەر بېلىنىسكى چار پادىشا ھۆكۈمىتىنىڭ تەھدىتىگە قىلچە پىسەنت قىلمىدى. گوگول چار پادىشا ھۆكۈمىتىنىڭ مالامىتىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، چەتئەلگە چىقىپ كەتتى.

گوگول چەتئەلگە چىققاندىن كېيىن، چەتئەلدە تۇرۇۋاتقان بىر توپ روسىيە ئەكسىيەتچى ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ قورشاۋىغا چۈشۈپ قالدى. ئۇلار ئۆزلىرىنى گوگولنىڭ «يېقىن دوستى» قىلىپ كۆرسىتىپ، گوگولغا ھەدەپ نەسىھەت قىلىپ، ئۇنى ئېتىقادىنى ئۆزگەرتىشكە، ئاقسۆڭەكلەر، لاگېرىغا يېنىپ كېلىشكە دەۋەت قىلدى. ئۇلار گوگولغا بولغان ساختا «ھۆرمەت» ۋە «كۆيۈنۈش»لىرىنى ئۇستىلىق بىلەن ئىپادىلەپ، ئۇنى ئۆزلىرىگە مايىل قىلىۋالدى. گوگول ئۇلارنىڭ نەسىھەتلىرىنى ۋە تەسىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئۆزىنىڭ خەلق يازغۇچىسىغا خاس شەرەپلىك بۇرچىنى ئۇنتۇپ، كرېپوستنويلۇق تۈزۈمنىڭ قوغدىغۇچىسى ۋە دىنىي ئەقىدىلەرنىڭ تەرغىباتچىسىغا ئايلىنىپ كەتتى ھەم «دوستلار ئارا خەتلەر» دېگەن توپلامنى يېزىپ چىقتى.

بېلىنسكى روسىيەدە نەشر قىلىنغان بۇ كىتاپنى كۆرۈپ ھاڭ-تاڭ بولۇپ قالدى. چۈنكى، گوگول بۇ كىتاپتا ئۆزىنىڭ ئىلگىرى يازغان ھەممە نەرسىنى «قىلچە پايدىسىز» نەرسىلەر دەپ ھىساپلىغان ھەم خىرىستىيان دىنىنىڭ «ئىتائەتمەن ۋە تەقۋادار بولۇش» دېگەن ئەقىدىسىنى جېنىنىڭ بېرىچە تەرغىپ قىلىپ، كىرىپوستنويلۇق تۈزۈمدىكى ھاكىمىيەتنى ھىمايە قىلىپ، چار پادىشاسىنىڭ مۇستەبىت تۈزۈمىنى مەدھىيىلىگەن ئىدى.

بېلىنسكى بۇ كىتاپنى ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن، بېشىدا چاقماق چېقىلغاندەك بولدى. ئۇ دەرغەزەپ بولۇپ، كېچىلەپ ماقالا يېزىپ: گوگول «روسىيىنىڭ تەرەققىپەرۋەر ئەدىبىياتىغا داغ چۈشۈردى» دەپ كۆرسەتتى ۋە «دوستلار ئارا خەتلەر»نىڭ زەھىرىنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى تەھلىل قىلدى. ئۇنىڭ ماقالىسى تېزلا «زامانداشلار» ژورنىلىدا ئېلان قىلىندى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇزاق ئۆتمەيلا، بېلىنسكى قاتتىق ئاغرىپ، ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى.

گوگول بېلىنسكىنىڭ ماقالىسىنى ئوقۇغاندىن كېيىن، دەرھال ئۇنىڭغا خەت يېزىپ، ئۇنى «خاتا تەنقىت قىلىپسەن» دەپ ئەيىپلىدى.

ئېغىر كېسەل بىلەن يېتىپ قالغان بېلىنسكى گوگولنىڭ خېتىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئاران تەسلىكتە ئورنىدىن تۇرۇپ، گوگولغا جاۋاپ خەت يېزىشقا كىرىشتى. بۇ چاغدا، ئۇ، ئۈستەل ئالدىدا ئۇزاقراق ئولتۇرۇپ بىر نەرسە يېزىشقا بەرداشلىق بېرەلمەيتتى. يېزىپ كېتىۋېتىپ ئورنىدىن تۇرۇپ كېتەتتى-دە، يانتۇ يۆلۈك يېزىق ئۈستىلىگە يۆلەنگىنىچە ئۆرە تۇرۇپ يېزىپ كېتەتتى. بۇ ئۇزۇن بىر پارچە خەت ئىدى، شۇنداقلا بىر پارچە مەشھۇر ماقالە ئىدى، بېلىنسكى ئۆپكە كېسىلىگە گىرىپتار بولغان بولۇپ، قان قەي قىلاتتى، مۇشۇ خەتنى يېزىۋاتقاندىمۇ نەچچە قېتىم قان قۇستى، لېكىن ئۇ بىر ئاز دېمىنى ئېلىۋالغاندىن كېيىن، يەنە شارتىلدىتىپ يېزىپ كېتەتتى. بۇ ئۇزۇن خەت ئاخىرى پۈتتى، بۇ بېلىنسكى ئىسسىق قېنى بىلەن يېزىپ چىققان مەشھۇر ماقالا «گوگولغا خەت» ئىدى. بېلىنسكى خەتتە گوگولنى خەلق مەنپەئەتىدىن يۈز ئۆرىدىڭىز، روسىيىنىڭ تۇرمۇشىدىن چەتلىدىڭىز، دەپ غەزەپ بىلەن ئەيىپلىدى ھەم ئەھلى جامائەتكە ۋاكالىتەن مۇنداق جاكالىدى: «كىتاپخانىلارنىڭ نەزىرىدە، سىز ئاشۇ كىتاۋىڭىز تۈپەيلىدىن، يازغۇچىلىق سۈپىتىڭىزدىن، بولۇپمۇ ئادەملىك سۈپىتىڭىزدىن چۈشۈپ كەتتىڭىز.....»

چار پادىشاسى نىكولاي I بېلىنسكىنىڭ گوگولغا يازغان خېتىدىن تېزلا خەۋەر تاپتى. ئۇ دەرھال ژاندارمىغا: «بېلىنسكى كوممۇنىزىملىق ھالاكەت ئىدىيىسىنى تەشۋىق قىلدى، ئۇنى قاتتىق تەقىپ ئاستىغا ئېلىڭلار!» دەپ بۇيرۇق چۈشۈردى.

تۇتقۇن قىلىش، سۈرگۈن قىلىنىش خەۋپى بېلىنسكىغا ۋەھىمە سېلىۋاتاتتى. پېتربۇرگ ژاندارمىسىنىڭ قوماندانى بېلىنسكىغا يۈزتۇرانە تەھدىت سېلىپ:

— سەن بۇ يەرگە قاچان كېلىسەن؟ بىز تەييارلاپ قويغان ئىللىق كامىر سېنى ساقلاپ تۇرۇۋاتىدۇ! — دېگەن ئىدى.

بېلىنسكى ھاياتىنىڭ خېيىم-خەتىرىنى ئالدىقاچان خىيالىدىن چىقىرىۋەتكەن بولغاچقا، بۇ خىل تەھلىكە ۋە قورقىتىشنى قىلچە مەنسىتمەي، مىيىغىدا كۈلۈپ قويغان ئىدى.

## فورمانوۋنىڭ «تىل»دىن ئەقىل تېپىشى

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مەشھۇر يازغۇچىسى فورمانوۋ (1891 — 1926 - يىللار)نىڭ

«چاپايېۋ» ۋە «ئىسيان» ناملىق رومانلىرى نەشردىن چىققاندىن كېيىن، ئاپتور تۇشمۇ-تۇشتىن يېغىۋاتقان ئالقىش سادالىرى ئىچىدە تولىمۇ بىئاراملىق ھېس قىلغان ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ مۇشۇ چاغدىكى بىئاراملىقىنى كۈندىلىك خاتىرىسىگە يېزىپ، ئۆزىگە ئوچۇق كۆڭۈل-لۈك ۋە سەممىيلىك بىلەن بېرىلىدىغان تەنقىتلەرگە نەقەدەر تەشنا ئىكەنلىكىنى، ئۇنداق تەنقىت ھەر قانچە قاتتىق بولسىمۇ قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن ئىدى.

مەلۇم بىر كۈنى، ئۇ يەنە تاپشۇرۇۋالغان بىرمۇنچە خەتلەرنىڭ كونۋېرتىنى يىرتتى، ئۇ خەتلەرمۇ ئوخشاشلا ماختاشلار بىلەن تولغان ئىدى، ئۇ يەلكىسىنى قىسىپ قويۇپ، ئۇنداق خەتلەرنى بىر چەتكە تاشلاپ قويدى. تۇساتتىن، ئۇ بىر تۇتام خەتلەرنىڭ ئاستىدا گوركى دەپ ئىمزا قويۇلغان بىر پارچە خەتنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆردى-دە، خۇددى كىچىك بالىلار-دەك خوشال بولۇپ سەكرەپ كەتتى، ئاندىن ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىپ ئوقۇشقا كىرىشتى ۋە ئۆيدىكىلەرگە 10 مىنۇتقىچە قېشىمغا ھېچكىم كىرمىسۇن، دەپ تاپىلاپ قويدى.

دەسلەپتە ئۇ، گوركىمۇ چوقۇم ماختىغاندۇ دەپ ئويلىغان ئىدى. بىراق، بۇ خەتتە گوركى كىتاپنىڭ قىممىتىنى مۇئەييەنلەشتۈرىدىغان بىر-ئىككى ئېغىز گەپنىلا يېزىپ، ئاساسەن ئۇنى قاتتىق تەنقىت قىلغان ئىدى. گوركى ئۇنى: «سىز سەنئەتكارلىق سۈپىتىڭىز بىلەن تەسۋىرلىمەي، بەلكى گۇۋاچىلىق سۈپىتىڭىز بىلەن بايان قىلىپسىز، ئىككىلا كىتاپنى مېغىزلىق يازماپسىز، قۇرۇق گەپلەرنى كۆپ يېزىۋېتىپسىز، كىتاۋىڭىزدا تەكرار بايانلار ۋە چۈشەندۈ-رۈشلەر بەك كۆپ ئىكەن» دەپ تەنقىت قىلغان ئىدى.

گوركى ئاخىرىدا ئۇنىڭغا: «بۇندىن كېيىن رومان يازسىڭىز، يېزىپ چىققان ئارگىنال-لىرىڭىزنى كۆپرەك يىرتىپ تاشلاپ ۋە كۆيدۈرۈۋېتىپ، يەنە يېڭىۋاشتىن يېزىڭ، ئەگەر بۇنداق قىلالمىسىڭىز، ئەڭ ياخشىسى، ئەسەر ئېلان قىلىمەن دەپ يۈرمەڭ» دەپ مەسلىھەت بەرگەن ئىدى.

فورمانوۋ گوركىنىڭ خېتىنى ئوقۇپ چىقىپ، گوركىنىڭ ئۆزىنى «تىللاپ»لا قالماستىن، بەلكى كېلىشتۈرۈپ ئىككى تەستەك ئۇرغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ بۇنىڭدىن خاپا بولمايلا قالماستىن، ئەكسىچە ناھايىتى خوشال بولۇپ، خوشاللىقىدىن ئۈستەلگە بىر نەچچىنى ئۇرۇۋەتتى.

شۇ خوشاللىقتا ئۇنىڭ كېچىچە ئۇيقىسى كەلمىدى، قەلبىدە گوركىغا بولغان تەشەككۈرى ئۇرغۇپ كەتتى. ئەتىسى دەرھال گوركىغا جاۋاپ خەت يازدى. خېتىدە: «سىز مېنى تازا كېلىشتۈرۈپ ئىككى شاپىلاق ئۇردىڭىز، بەلكى ئۇرغاندىمۇ تازا جايىغا تەككۈزدىڭىز، مەن سىزنىڭ ئاقكۆڭۈللۈك بىلەن بەرگەن تەنقىدىڭىزنى پۈتۈنلەي قوبۇل قىلىمەن، بۇندىن كېيىن ئەسەرنى قايتا-قايتا، يېڭىۋاشتىن يېزىڭ، دېگەن پىكرىڭىزگە تېخىمۇ قوشۇلىمەن، بۇندىن كېيىن، ئاددىسى، بىر پارچە ئوچېركنى يازسامۇ، ئۇنى كەم دېگەندە، 7 - 8 قېتىم يازد-مەن» دېدى.

فورمانوۋ گوركىغا يازغان جاۋاپ خېتىنى سېلىقتەتكەندىن كېيىن، دەرھال «چاپايېۋ» بىلەن «ئىسيان»نى تۈزىتىشكە كىرىشتى.

## ستېندالنىڭ تەنقىتكە تۇتقان پوزىتسىيىسى

فرانسىيە يازغۇچىسى ستېندال (1783 -، 1842 - يىللار)—ئەدەبىيات مۇنبىرىدە خېلى چوڭ شان-شۆھرەت قازانغان چېغىدىمۇ، ئىنتايىن كىچىك پېئىللىق بىلەن باشقىلارنىڭ پىك-

رىنى ئاڭلايتتى، ئۇ، ئۆزىنىڭ ئەسەرلىرىنى دوستلىرىغا ئەۋەتىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ قاتتىق تەنقىت بېرىشىنى تەلەپ قىلاتتى.

ئۇ، بىر نەچچە قېتىم ۋىكتور ياكىمىن كۆرۈپ چىققان ئەسەرلىرىنى يازغۇچى مېرىمىنىڭ كۆرۈپ چىقىشىغا ئەۋەتىپ بەرگەن ئىدى. ۋىكتور ياكىمىن ئۇنىڭ ئەسەرلىرىگە «ئەجەبمۇ بىزار بولدۇم»، «بۇ پۈتۈنلەي بىلجىراش» دېگەندەك تەستىقلارنى يېزىپ قويغان ئىدى.

مېرىمى ستېندالنىڭ بۇنداق تۈز كۆڭۈل، سەمىمى-ساداقەتلىكىگە قايىل بولۇپ مۇنداق دېگەن ئىدى: «مەن تەنقىت قىلىشتا ئۇنىڭدىنمۇ ئۆتەر ئوچۇق كۆڭۈل، دوستلارنىڭ تەنقىدىنى قوبۇل قىلىشتا ئۇنىڭدىنمۇ ئۆتەر مەرت ئادەمنى كۆرمىدىم. باشقىلارنىڭ گېپى ھەرقانچە قاتتىق، نامۇۋاپىق بولسىمۇ، ئۇ زادى رەنجىمەيدۇ. ئۇ مۇنداق بىر سۆزنى ئۆزىگە دەستۇر قىلغان: كىمكى، ئاق قەغەزگە قارا سىيادا خەت يازىدىغان مۇشۇ كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنى-دىكەن، خەق ئۇنى كالۋا دېسىمۇ، ھەيران قالماسلىقى ياكى خاپا بولماسلىقى كېرەك.» ئۇ مۇشۇ دەستۇرگە ھەقىقى تۈردە ئەمەل قىلدى، باشقىلارنىڭ تەنقىدىگە بىپەرۋالىق قىلمى-دى، بەلكى ئۆزىگە بېرىلگەن تەنقىتلەرنى ھەمىشە ئېسىدە ساقلىدى، تەنقىت ئاڭلىسا قىلچە ئاچچىغلانمىدى، بەلكى ئاشۇ تەنقىتلەرنى گويا كى بىر نەچچە ئەسىردىن بۇرۇنقى يازغۇچىلار-نىڭ ئەسەرلىرىنى تەتقىق قىلغاندەك قىزغىن تەتقىق قىلدى.

## مۇپاسساننىڭ كەمتەرلىكى

— ھەي ئىسىت، ئۆتكەن ئۆمرۈمگە ئىسىت! — دېدى مۇپاسسان بىر كۈنى ئۆيىنىڭ ئى-چىدە ئۇياق-بۇياققا مېڭىپ.

— نىمە بولدى سىزگە؟ — دەپ سورىدى دوستى چۆچۈپ.

— ل. تولستوينىڭ «ئىۋان ئىلىئىچنىڭ ئۆلۈمى» دېگەن پوۋېستىنى بايا ئوقۇپ تۈگەت-تىم، — دېدى مۇپاسسان ئۈستەل ئۈستىدىكى كىتاپنى كۆرسىتىپ.

— ئەلۋەتتە، گىراپ (تولستوينى دېمەكچى) نىڭ بۇ پوۋېستى ياخشى يېزىلغان، لېكىن سىزنىڭ ئەسەرلىرىڭىزمۇ ئۇنىڭكىدىن قېلىشمايدىغۇ، — دېدى دوستى مۇپاسسانغا.

دەرۋەقە، مۇپاسسانمۇ بىر مۇنچە رومانلارنى يازغان، بولۇپمۇ يازغان ھېكايىسىنىڭ كۆپلىكى ۋە ئىسىللىقى بىلەن دۇنيادىكى «ھېكايىچىلارنىڭ پادىشاسى» دەپ نام ئالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ، دوستىنىڭ گېپىگە باش چايقاپ:

— بولدى، دېمەيلا قويغىن، مەن بەك ئارقىدا قاپتىمەن، — دېدى، ئاندىن ئۈستەلدى-كى تولستوينىڭ ئەسىرىنى كۆرسىتىپ ھاياجان بىلەن سۆزىنى داۋام قىلدى، — بۈگۈن ئۇنى يەنە بىر نۆۋەت ئوقۇپ، مەن ئۆزەمنىڭ ھەممە پائالىيەتلىرىمنىڭ قىلچە ئەھمىيەتسىز بولغا-نلىقىنى سەزدىم، مېنىڭ ئاۋۇ 10 توم كىتاۋىم پۈتۈنلەي ئەرزىمەس بىر نىمىلەر ئىكەن.

مۇپاسساننىڭ دوستى ھاڭ-تاڭ بولۇپ قالدى، ئۇ، مۇپاسساننىڭ ئۆزىگە بەرگەن باھا-سىنىڭ ئەمىلىيەتكە ئۇيغۇن ئەمەسلىكىنى ھىس قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ بىلەن دەتا-لاش قىلىپ ئولتۇرمىدى. چۈنكى ئۇ، مۇپاسساننىڭ شۇ قەدەر غايەت زور مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىنىڭ سىرى دەل ئۇنىڭ مۇشۇنداق كەمتەرلىكىدە ئىكەن، دېگەن تونۇشقا كەلگەن ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ مۇپاسسانغا بولغان ھۆرمەت-ئىززىتى تېخىمۇ ئاشتى.

**تەييارلىغۇچى: ئىخلاس**

# ئىلى پەرزەنتلىرى

مۇھەممەتجان سادىق

شائىر مۇھەممەتجان سادىقنىڭ «ئىلى پەرزەنتلىرى» ناملىق شېئىرىي رومانى يېقىندا مەركىزىي مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشىردىن چىقىدۇ. شائىرنىڭ بۇ شېئىرىي رومانى 15 باپ بولۇپ، ژورنىلىمىزنىڭ بۇ سانىدا 5 - بابىنى قىسقارتىپ باستۇق.

تەھرىردىن.

بەشىنچى باپ

## كېچىدىكى كۆلكىنىڭ سىرى

ئاسمانغا بىر - بىرلەپ يېقىلماقتىدى
جىمىرلاپ كۆز قىسقان تۈن چىراقلىرى.
قارامتۇل بىر پەردە يايماقتىدى تۈن،
قارىيىپ بارماقتا چۆل شىۋاقلىرى.
غۇقىراپ ئۇچماقتا غولنىڭ شامىلى،
گويا كى يىگىندەك سانجىلار سوغاق.
شۇنچە سۇس ھالبوياق بېرىلگەن غەربىي
ئۇپۇقتا تۇرىدۇ يېڭى ئاي - ئوغاق.
جىن چىراق يورۇتقان ئۆيلەر يېنىدىن
دانىيار كەلمەكتە جىمجىت،
ئىز بېسىپ:
بىر ئېغىر جىملىقنىڭ ئامبۇرى گويا
ئالغاندى مەلىنى شۇنچىلىك قىسىپ.
ئاڭلانماس ئىتلارنىڭ ھاۋشۇغانلىرى،
ھەممىسى قىرىلىپ تۈگىگەندەكلا.
ئاڭلانماس نە ئادەم، نە مال ساداسى،
تۇرىدۇ ھەممە ياق ئۆگدىگەندەكلا.
نىمە گەپ؟
نىمىدۇ جىملىقنىڭ سىرى؟
كۆرۈنمەس كوچىدا مىدىرلىغان جان.
ۋە ياكى يېزىغا چۈشۈرگەنمىدۇ
يەنە بىر پەرمانىنى زالىم ھەيدەرخان؟

ياندىكى ھويلىدىن چىقتى بىر ئادەم،
كۆزىدىن غەزەپنىڭ ئۇچقىنى ئۇچار.
ئورتا بوي،
دوغىلاڭ،
كەڭ غوللۇق گەۋدە،
بولغاندەك قانداقتۇ بىر دەرتكە دۇچار.
«نۇرمۇسەن؟» سورىدى يېقىنلاپ كەلگەن
دانىيار ئورنىدا توختاپ، كۆز تىكىپ.
«دانىيار!» دىدى - دە، يۈگۈرۈپ كېلىپ
كۆرۈشتى نۇر شۇ چاغ شاتلىققا پېتىپ،
ئامانلىق سوراشتى ئىككىسى بىر پەس
بىرىنى بىرى چىڭ قۇچاغلاپ ئېلىپ.
قەدىناس تەڭگە تۇش ئىككى ئاغىنە

يانمۇ - يان ئولتۇردى بىر چەتكە كېلىپ.

— چېكىدىن ئاشماقتا زۇلمى غوجىنىڭ،
دانىيار، سەۋرىمىز تاشتى قاچىدىن.
بىلەمسەن، ئاغىنە، بولدۇق شۇ كۈندە،
بەتتەررەك بىر نەرسە تىلسىز - گاچىدىن.
مەلىگە كىرگەندە سەزگەنسەن بەلكى،
ئاڭلانماس ھېچيەردىن تىرىقلىغان ئۈن.
ئاشتى بىر ھەپتىدىن، مانا شۇ ھالدا
ئۆتمەكتە ئالمىشىپ كۈندۈز بىلە تۈن....
— يېزىغا كىرىپلا سەزدىم ۋە لېكىن،
بۇ جىملىق سىرىغا يېتەلمىدىم ھېچ، —
دوستىنىڭ سۆزىنى بۆلگەن دانىيار
شۇ سۆزنى دېدى - دە، بولدى يەنە تېچ....
— بىلسەن، كەنجىسى — ئىنجىمارۇغى
قاپتۇدەك قان قۇسۇپ،
ئورنىدا يېتىپ.
قاتتىغراق ئاۋازدىن چۆچۈگەندەكمىش
كۆزلىرى ئالىيىپ، ھوشىدىن كېتىپ.
ئەنە شۇ بالىسى ئۈچۈن ھەيدەرخان
ئالايتەن يېزىغا چۈشۈردى پەرمان:
«يېزا جىملىغىنى بۇزسا كىمدە - كىم
كۈتمىسۇن مېنىڭدىن رەھىم ھەر قاچان....»
نۇر ئەلەم - غەزەپتە توختاپ سۆزىدىن،
شۇنداق بىر خورسىندى ئىچىگە تارتىپ.
— ئۆتەمدۇق ئالەمدىن زادى مۇشۇنداق،
رودۇپاي غوجىنى يەلكىگە ئارتىپ؟!...
دانىيار قەلبىدىن كەچتى شۇ زامان
بىر خىيال چاقماقتەك يالت قىلىپ يېنىپ:
«تۈن قانچە قاراڭغۇ بولسا يۇلتۇزلار
ياندۇ شۇنچىلىك پارلاق نۇر سېپىپ!...»
— ناۋادا، بولمىسا ئىش - كۈشۈك، دوستۇم،
..باراپلى شۇ تاپتا بىرنەڭگىگە، نۇر!
مېنىڭمۇ كاللامدا نۇرغۇن خىياللار،
بىر ئۇچىچە ئولتۇرۇپ مۇڭدىشايلى، نۇر!

بىھساپ يۇلتۇزلار چىملىدىتىپ كۆز
بۇلۇتسىز ئاسماندىن قارايتتى شۇ دەم.
ئىككى دوست ئۈن - تىنسىز ئېرىق ياقلاپ
كېلەتتى يانمۇ - يان تېز تاشلاپ قەدەم.
كۆرۈندى دەھشەتلىك غوجا ھويلىسى،
قاپ - قارا دەرۋازا تۇراتتى يېپىق.
ئىچىدىن ئاڭلاندى شۇ چاغ بىر سادا،
ئۇنىڭدا! غەزەپنىڭ مەشئىلى يېنىق....
قاردى ئىككى دوست بىرى بىرىگە،
تىڭىرقاش ئىلكىدە چىقارماستىن ئۈن.
يەنە بىر ئاڭلاندى غەزەپلىك ئاۋاز،
ھەيۋەتلىك جاراڭلاپ كەتتى جىمجىت تۈن....
قۇمغا سۇ سىڭگەندەك سىڭدى بۇ سادا،
بىر ئۇلۇك سۈكۈنات باستى ھويلىنى.
زور غەزەپ كەلكۈنى ئالغان ئىلكىگە
يېزىنىڭ بۇ ئىككى باتۇر ئوغلىنى.
— ئازاپلاپ ھالىدىن كەتكۈزدى ئاخىر....—
دېدى نۇر، چىشلىرى كەتتى غۇچۇرلاپ.
— كىمدۇ بۇ؟
نىمدۇ ئۇنىڭ گۇنايى؟ —
سۆز قاتتى دانىيار ئارقىدىن ئۇلاپ....

بۇ ۋەھشى ھويلىغا لەنەت تېشىنى
ياغدۇردى ئىككىسى بىر پەس جىم قاراپ.
ئىككى مەرت قەلبىدە ئىچىنىش - ھۆرمەت
ئاقاتتى نامەلۇم قەيسەرگە قايناپ.
ئەمدىلا مېڭىشقا تەمشەلگىنىدە،
باياتىن جىمغىنا تۇرغان ئورنىدىن؛
شاراقلاپ ئېچىلىپ ئەجدىھا ئاغزى،
بىر ئادەم تاشلاندى يولغا
قوينىدىن.
يېپىلدى دەرۋازا،
ئۈن - تىنسىز بىھوش
ياتاتتى بىر ئادەم يولنىڭ ئۈستىدە.
قىپ - قىزىل قېنىغا مىلەنگەن ئاپپاق

ساقلى يېيىلىپ تۇرار كۆكسىدە.
ئىككىسى ئېتىلىپ كەلدى يېنىغا،
بىر قاراپ تونۇدى:
بىچارە ئەڭگە.
كۆزلىرى ئوت بولۇپ كەتكەن ئىككى مەرت
قارىدى تاياقتا تىلىنغان تەنگە.
دانىيار بوۋاينىڭ بېشىنى يۆلەپ،
ئاۋايلاپ ئىزىغا ئالدى شۇ زامان.
مويسىپىت كۆزلىرى ئېچىلىپ،
ياندى

يورۇغى كۆچەيگەن چىراقتەك شۇئان.
سورىدى مويسىپىت: — دانىيارمۇ سەن!؟ —
ئۆزىگە تىكىلگەن «ئاۋرال»غا قاراپ.
— سەنچۇ كىم، نۇرمۇسەن؟! — دىدى-دە، بوۋاي،
سۆزىنى باشلىدى كۆزلىرى چاقناپ:
— ئاڭلاڭلار، ئاخىرقى گېپىمنى مېنىڭ!
(ئامال نە، كېچىكىپ سۆزلىدىم بىراق!)
نىمىشقا بۇرۇنراق يانمىغاندۇ-ھە،
كۆكسۇمدە شۇ تاپتا يانغان نۇر-چىراق؟!...
مويسىپىت يۆتەلدى، چۈشتى كۆكسىگە
ئاغزىدىن ئېتىلىپ چىققان لەختە قان.
ئوخشايتتى لەختە قان قىپ-قىزىل گۈلگە،
بوۋاينىڭ كۆكسىدە كۈلۈپ ئېچىلغان....
ئۇ ئاستا تولغاندى، لېكىن چىرايى
شۇنچىلىك مەردانە، نۇر يېغىپ تۇرار.
جۇشقۇناۋۇق بىر تۇيغۇ، غەيىۇرانە روھ
تىتىلغان بويىدا قايناپ جۇش ئۇرار.
يەنە ئۇ سۆزىنى قىلدۇردى داۋام:
— ھاياتىم يەكۈنى چىقار دىلىمدىن:
مىڭ ئەلا غوجىغا ئېسىلغان پەيتىم،
تىز چۆكۈپ ياشىغان يەتمىش يىلىمدىن! —
قاراڭغۇ كېچىدە يانغان چىراقتەك
نۇر چېچىپ چاقنايتتى مويسىپىت كۆزى.
قاينىغان تومۇزنىڭ تەپ-يالقۇنىدەك
لاۋۇلدار ۋۇجۇدى،
قان يۇقى يۈزى.

يەتمىش يىل باش ئېگىپ ياشىغان قۇلغا
ئوخشىماس مويسىپىت زادىلا شۇ دەم.
جۇش ئۇرار تېنىدە غالىپلىق روھى،
مەردانە تۇيغۇلار يۈرىگىدە ھەم.
بىلەمسەن، چوققىلار گۈزەل ۋە نۇرلۇق،
ھاڭلارنىڭ ئىچىدىن كەتمەيدۇ سايە.
مۆمىنىنىڭ ھاياتى كۆيۈپ ئۆچكەن كۈل،
باتۇرنىڭ ھاياتى ئەۋلاتقا غايە!...

كالللامدىن كەتمەيتتى بىر چېكىش خىيال،
ئويلايتتىم، ئويلايتتىم ھەر كۈن تولغىنىپ.
ماغدۇرسىز گەۋدەمنى تۇرغۇزدى ئۆرە،
بىر پىكىر قەلبىمدە ئاخىر ئويغىنىپ....
دەرت تولغان كۆڭلۈمدە چېقىلدى چاقماق.
غەزىۋىم كۈچ بولدى، تۇردۇم ئاياققا.
بايا شام مەزگىلى كەلدىم بۇ يەرگە
تايىنىپ بويۇمدىن ئۇزۇن تاياققا!...
ئىتتىرىپ غوجىنىڭ دەرۋازىسىنى،
پاتقىدەك بىر يوچۇق ئاچالمىدىم ھىچ.
ئۆمرۈمدە نەچچە رەت ئېسىلغان سۆگەت
تېگىدە ئولتۇردۇم ھەر يان قاراپ تىنچ....
بىر كەمدە جاراڭلاپ كەلدى بىر خادىك،
قارىسام، ئۈستىدە ناتونۇش بىرى.
يېنىدا گىدەيگەن ھېكىمخان غوجا،
كۆزىدە يالتىرار شۇماۋۇقنىڭ سىرى....
دەرۋازا ئېچىلدى، خادىك ئىچىگە
شۇنچىلىك ئالدىراپ كىرىپ كەتتى تېز.
مەن كەلدىم دەرۋازا يېنىغا دەرھال،
قەلبىمدە ئوت يانار،
كىرىپكىم بىسگىز.
ئېھتىمال، ئالدىرىشىپ ئۇنتۇغانمىكىن،
قارىسام، سېلىنماي قاپتۇ زەنجىرى.
ئىتتىرىپ قاپقىنى ئېچىپ، ئىچكىرى
كىردىم مەن كىرگەندەك غەزەپ خەنجىرى....
بوۋاينى ئاغرىقنىڭ دەھشەت ئازاۋى
قىينايتتى،

ۋە لېكىن روھى شوخ كۈيدەك.
دەھشەتلىك دوزاقنىڭ يالقۇنلۇق ئوتى
بىلىنمەس شۇ تاپتا ئاڭا ئۇچقۇندەك.
تەندىن جان خوشلىشىپ چىقىۋاتسىمۇ،
كۈلمەكتە بەختتىن ئەڭگە يۈرىگى.
يۈزىدە ئۈيىغان قىپ - قىزىل قانلار
بىلەمسەن،
شاتلىقنىڭ گۈزەل پۈرىگى!
بىلەمسەن، نىمشقا قار لەيلىسى ئۈز،
ئېچىلار ئاپپاق قارقەھرىتاندىلا!
جۈرئەت ۋە ئىرادە،
مەرتلىك - جاسارەت
بولىدۇ تاغ يۈرەك قەھرىمانىدىلا!
ئاھ، بوۋاي قانچىلاپ تۈنلەرنى ئۇزاق
ئوي سۈرۈپ ئۆتكەزگەن
يۇلتۇزغا قاراپ.
«راستىنلا كۆيەرمۇ دوزاق ئوتىدا،
غوجىنى ئۇرغانلار؟...»
يوق ئىدى جاۋاپ.
خىيالىنىڭ ئەڭ ئاچچىق تولغاقلىرىدىن
تۇغۇلدى ئىرادە ئوغلانى بىر كۈن.
دوزاق ۋەھىمىسى يوقالدى باشتىن،
قىساسنىڭ پالۋانى جاراڭلاتتى ئۈن.
بوۋاينى مەرتلىككە دەسسەتكەن قۇدرەت
دىلدىكى تۈگۈننىڭ يېشىلگەنلىگى!
قىساسنىڭ يەپىدا مەرتلىك بەلۋىغى
ئاخىرى چىداملىق ئىشاگەنلىگى!...
يۈرەكنىڭ ھەركىتى تېزلەشمەكتىدى،
ئۈزۈلۈپ - ئۈزۈلۈپ چىقار سۆزلىرى.
تۆكمەكتە ئاخىرقى جېمى نۇرىنى
پىادىرلاپ چاقنىغان ئوتلۇق كۆزلىرى.
مويسىپىت سۆزىنى باشلىدى يەنە:
— ئەمدى مەن دوزاقتا كۆيسەممۇ مەيلى!
قىساسىم تايىغى كېلىپ ھەركەتكە،
كۈلدى بىر ئېچىلىپ پەقىرنىڭ قەلبى!
غوجىدىن ئىنتىقام ئالماستىن ئۆلۈپ،
جەننەتكە كىرسەممۇ يۈرەلمەيتتىم شات!
ھوي، ئۇنداق جەننەتنىڭ كېرىگى نىمە،
بۈگۈن مەن خوشالمەن شۇنچىلىك ھەيھات!...
دىلىمنىڭ ھازىرقى راھەت- پەيزىنى
كۆرۈشۈم ناتايىن مىڭ جەننەتتىمۇ!
تۆزەمنى راھەتتە سېزىمەن ئەمدى
ئورتەنسەم دەھشەتلىك جەھەننەمدىمۇ! —
مويسىپىت سۆزلەيتتى شۇنچە جانلىنىپ،
يالقۇنلۇق ھېسسىياتى قانچىلىك گۈزەل !؟
ھەر بىر سۆز گوياكى بولار بىر داستان،
ھەر بىر سۆز گوياكى جۇشقۇنلۇق غەزەل!
مويسىپىت غوجىنىڭ دەرۋازىسىدىن
ھويلىغا كىرگەنتى خۇددى خەنجەردەك!
كۈيلەيلى مەرتلىكنى داۋاملاشتۇرۇپ،
ياڭرىسۇن ھەر بىر سۆز شان ۋە زەپەردەك.
ھويلىدا كۆرۈنەس ئادەم قارىسى،
غوجىنىڭ سارىيى تۇراتتى يورۇق.
پېشايۋان ئۈستىگە چىقتى مويسىپىت،
مېڭىش - تۇرۇشىدا قىلچە ۋايىم يوق.
قاپ-قارا بۇلۇتنى قىلامدۇ پىسەنت
ۋالىلداپ چاقنىغان يالقۇنلۇق چاقماق؟!
ھالىتى ئوخشايتتى ئوت قىلىچىغا،
ئەمەستى ئەمدى ئۇ، بىچارە-ئەخمەق...
ئۆمرىدە بىر قېتىم كىرەلىگەنمۇ
ھەيدەرخان غوجىنىڭ ھويلا-ئۆيىگە؟!
شۇ تاپتا ھېچنىمە كېلەلمەيتتى تەڭ
ئەڭگەنىڭ مەردانە كۆكسۈل كۈيىگە!
ياسىداق سارايىنىڭ دەل ئوتتۇرىدا
ياتاتتى غوجىنىڭ كېسەل بالىسى.
بېشىدا ئولتۇرار مولۇندەك غوجا
يوقسۇل ھاياتىنىڭ سۈلۈك-كانىسى.
بايۋەچچە تىك تۇرار ئاياق تەرەپتە،
ساپ-سېرىق ئەپتىدىن تاماتتى زەھەر.
بوغۇزلاش قەستىدە ئىنىسىنى ئۇ،
تۇراتتى تۇرغاندەك بىلەپ تىغ-خەنجەر.
خان بىلەن بايۋەچچە ئارىلىغىدا

خام سېمىز ئۇلتۇرار ئۇگدەۋاتقاندەك.
تۇتاتتى بالىنىڭ تومۇرىنى جىم،
يۈزلىرى دوۋساقنى پۈدەۋاتقاندەك.
ئۆمرىدە ئۆزىمۇ بىلمىگەن مەرتلىك،
غەيرەتتە كەلدى ئۇ، ئىشىك يېنىغا!
تىل بىلەن تەسۋىرلەپ بەرگۈسىز بىر كۈچ
يار ئىدى شۇ چاغدا بوۋاي تېنىغا!...
ئۇ، بۆسۈپ كىرگەندە مېھمانخانىغا،
ھەممىسى قورقۇشتى چاقماق چۈشكەندەك.
كۆزلىرى چەكچىيىپ تىترەشتى غال - غال،
ئەقىل چىراقلىرى گويا ئۆچكەندەك.
مەن دىگەن غوجىنىڭ يۈرىگى گويا
چىققاندەك قېپىدىن،
تۇرار داڭقېتىپ.
ھېكىمخان كەينىگە داجىدى ئىتتىك،
چىرايى ئاپپاق تام،
قالدى ھاڭۋېقىپ.
تېۋىپمۇ لاسىدە قالدى ئولتۇرۇپ،
ەزگەكتەك تىترەيتتى،
كۆزلىرى چۈچەك.
جەسۇرلۇق ئالدىدا ھەرقانداق جاللات،
كۆردۈكمۇ، غىڭشىغان چىۋىندەك پۈچەك....
تىك تۇتۇپ قەددىنى مەردانە بوۋاي،
سۆزلىدى غوجىغا تەڭلەپ تاياقنى.
ھۇشىغا كېلەلمەي تۇراتتى زالىم،
كۆزلىسۇن قېچىشقا ئەمدى قاياقنى؟
— ئاللانىڭ ئىلكىدە تۇرغان بىز يەرنى
ئاچسام سەن بېشىمغا سالدىڭ نىمە كۈن!؟
ئايالىم كۆز يۇمدى سېنىڭ زۇلمىڭدىن،
جان - جىگەر بالامنى سەن قىلدىڭ تۇتقۇن.
بارمۇ - يوق كۆز نۇرۇم، بىلمەيمەن بۈگۈن،
ئويلىسام، يىغانىم چىقار پەلەككە!
خۇددى بىز ئەرۋادەك مېنىڭ ئەھۋالىم،
بوزەكمۇ بىز سەندەك بىكار تەلەپكە!؟
مانا مەن، ھەيدەرخان بۈگۈن ئالدىڭغا
مانا شۇ ھىساپنى ئالغىلى كەلدىم!

ئويىنىپ تېنىڭدە مۇنۇ تاياقنى،
بېشىڭغا غۇلىغۇلا سالغىلى كەلدىم! —
سۆزلىدى شۇنچىلىك غەيرەتكە كېلىپ،
ئۇنىدىن چوڭ ساراي كەتتى گۈلدۈرلەپ.
شۇ تاپتا بۇرۇنقى ئەڭگە ئەمەستى
غوجىنىڭ ئالدىدا تۇرغان مۆلدۈرلەپ.
تايىغى ھەركەتكە كەلدى شۇ زامان،
قاچاتتى دات سېلىپ، چىقىراپ بەدبەخ!
تۆت پۇتلۇق ھايۋاندەك ئۆمىلەپ، قاخشاپ
قاچاتتى كۈلكىلىك بىر ھالدا ئەبلەخ!...
زارلىنىپ، تىپىرلاپ ھېكىمخېنىمۇ
قاچاتتى ھەر يانغا ئۆزىنى ئۇرۇپ.
مويسىپىت ئۇراتتى،
كۈلەتتى قاھ - قاھ،
ئۇلارنىڭ بىچارە ھالىنى كۆرۈپ.
— قورقۇڭلار!
قېچىڭلار، ئۇلۇمتۇك نەسلەر!»
ۋاقىراپ كۈلەتتى بوۋاي شاتلىنىپ.
سۈرەتتى مەرتلىكنىڭ راھەت - پەيزىنى
مويسىپىت يەنىمۇ جاسارەتلىنىپ!...
گويا ئۆي ئىچىدە كۈلەتتى كاككۇك،
كۈلەتتى يەتمىش يىل تارتقان قايغۇ - دەرت!
كۈلەتتى يۈرەكتە ساقلانغان قىساس،
كۈلەتتى ئويىنىپ تايىغىنى مەرت!
شۇنچىلىك جانلىنىپ كەتتىكى بوۋاي،
جۇش ئۇرار كەيپىدە جەسۇر ئىرادە،
كۆزلىرى شۇنچىلىك چاقناپ كەتتىكى،
يۇلتۇزلار نۇرىدىن نۇرى زىيادە....
دانىيار بىلەن نۇر تۇراتتى ئاڭا
ھاياجان ئىچىدە كۆزىنى تىكىپ،
تۇراتتى ئۇنتۇشۇپ نەپەسلىنىشنى،
بېشىنى مۇھەببەت - ھۆرمەتتە ئېگىپ:
— پەرۋانە، — دەيتتىمەن چۈشىنەلمەستىن،
نىمىشقا ئۇرۇدۇ ئوتقا ئۆزىنى؟
بىلدىم مەن، ئوتتىكەن ئۇنىڭ راھتى،
بىلدىم مەن سۆيۈشكەن بەخت يۈزىنى!

مەرتلەرچە قىلىنغان ئۇتلۇق كۆرەشتە،
بىلسەڭلار، جېمىكى ھوزۇر - ھالاۋەت!
ئەرنى يەر قىلدۇ ياۋۇرۇش دائىم،
ئەرنى ئەر قىلدۇ غەيرەت - جاسارەت!
قۇل بولۇپ ياشىغان يەتمىش يىلىمدىن
بۈگۈنكى بىر كۈنۈم ئەلا ھەرقاچان!
ناۋادا ئۆلمىگەن بولسا تاھىرىم،
يەتكۈزۈپ قويۇڭلار سۆزۈمنى ئامان!
ھا! ... ھا! ... ھا! ...—

مويسىپىت كۆلدى شاتلىنىپ.
كېچىنى ياڭرىتىپ كۆلمەكتە كاككۇك،
ئۇچماقتا قەيسەر روھ شات قاناتلىنىپ.
ياڭرىغان بۇ كۆلكە چىقار يۈرەكتىن،
تاش يېرىپ چىققان شوخ بۇلاق سۈيىدەك.
قانچىلىك جۇشقۇن - ھە، بوۋاي كۆلكىسى،
مۇقەددەس تۇيغۇنىڭ ناخشا - كۈيىدەك.
ئاخىرقى ئۆمرىدە بىر قېتىم كۆلگەن
مويسىپىت كۆلگەنچە ئۈزدى مانا، جان....
جان ئۈزدى ... ۋە لېكىن نۇرلۇق چىرايى
يەنىلا كۆلگەندەك تۇراتتى شۇئان....

مويسىپىت جەسىدى ياتىدۇ يەردە،
ئىككى دوست يېنىدا چۆككەن ماتەمگە.
يۈلتۈزلار بوۋاينىڭ سىرداش دوستلىرى
ياناماقتا چىدىماي قايغۇ - ئەلەمگە.
غەزەپتە تىكىلدى قانخور ھويلىغا
ئىككى مەرت ئوغلاننىڭ ئۇتلۇق كۆزلىرى.
ئەڭ ئېغىر جىملىقتا چۆككەن كېچىدە،
ياڭرىدى «ئاۋرال»نىڭ يۈرەك سۆزلىرى:
— ئەلۋىدا! مەڭگۈلۈك ئايرىلدىڭ، بىراق
مۇقەددەس چىرىغىڭ قالدى بىز بىلەن!
مەرتلىكىڭ ئويغاتتى دىللاردا ئىسيان:
ماڭىمىز قانلىرىڭ ئاققان ئىز بىلەن! —
دانىيار سۆزلىرى خۇددى ناخشىدەك
تارالدى قاراڭغۇ زۇلمەت كېچىگە.
تارالدى بورانىنى ئويغىتار كۈچتەك
بۇ ئېغىر جىملىقنىڭ ئىچى - ئىچىگە.



# بۇلاق كۆيلىرى

(ھىكايە)

**تۇپان مېنەل (سوۋېت ئىتتىپاقى)**

يازنىڭ جەجىت سالقىن بىر كېچىسى. قاسەن قالىنىڭ ئۆيىنىڭ دەرىزىسى ئالدىدىكى ئىككى تۈپ ئاق قىيىن دەرىخىنىڭ شاخلىرى ئېغاڭلاپ، شىلدىرلىغان ئاۋاز چىقىپ تۇراتتى. سەلكىن شامال بەزىدە ئاق قىيىن دەرىخىنىڭ ئۆزىگە خاس ھىدىنى ئېلىپ كېلەتتى.

بۇ كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان نىمانچىۋالا چىرايلىق كېچە ـ ھە! ئەمما ئۆينىڭ ئىچى ھەقىقەتەنمۇ كىشىنىڭ دېمى سىقىلىپ نەپەس ئالغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە تىنجىق، ئىسسىق ئىدى.

سىم كارۋاتتا ياتقان قاسەن قالى ئۇياققا ئېغىناپ ـ بۇياققا ئېغىناپ پەقەت ئۇخلىيالمىدى. ئۇ، ئورنىدىن تۇرۇپ ئاستاغىنا دەرىزە تۈۋىگە كېلىپ، دەرىزىنىڭ قاناتلىرىنى ئېچىۋەتتى. سالقىن شامال كىشىلەر قەلبىگە ھوزۇر بېغىشلىغۇچى خۇش پۇراقلارنى لەرزانغىنا ئېلىپ كىردى.

قاسەن قالى خېلى ھوزۇرلانغانلىغىنى ھىس قىلدى، ئۇ ئەمدىلا كارۋاتنىڭ يېنىغا كېلىپ ياتاي دەپ تۇرۇشىغا، تۇيۇقسىز سىرتتىن خىرە ـ شىرە سۆزلەشكەن ئاۋاز ئاڭلاندى.

قاسەن قالى ئىتتىك دەرىزىگە بېرىپ

بېشىنى چىقاردى، سىرت ناھايىتى قاراڭغۇ
بولۇپ، ھېچنېمىنى ئېنىق كۆرگىلى بولمايتتى.
ئۇ كۆڭلى غەش بولغان ھالدا بېشىنى تار-
تىپ، ئارقىسىغا يېنىشىغا يەنە كۈسۈلداشقان
بىر ئاۋازنى ئاڭلاپ قالدى.

— ئاننە، ئاڭلىغىنا بۇلاق سۈيى ناخشا
ئېيتىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى بى-
لەمسەن؟ ئۇ، بۇ دۇنيادا بىزدىن بەختلىك
ئادەم يوق دەۋاتىدۇ.

ئۇلار كىمدۇ؟

قاسەن قالى پۈتىنىڭ ئۇچىدا ئاستا
دەسسەپ گۈلجاھاننىڭ كارۋىتى يېنىغا كەل-
دى. ئۇ تاتلىق ئۇيقۇدا ئىدى.

— ئۇيقۇڭنى ئاچساڭچۇ، خوتۇن!

گۈلجاھان چۆچۈپ ئويغاندى ۋە ئۇي-
قۇلۇقتا كۆزىنى ئۇۋۇلاپ ئېسەنكىرىگەن ھالدا
تۆت تەرەپكە قاراپ ئېزىلەڭگۈلۈك بىلەن
كارۋاتتىن چۈشتى.

— ھوي، نېمە ئىش بولدى؟

— ھەي، ما خوتۇننى، ئۆلۈكنەك ئۇخ-
لايدىكىنا، بۇياققا كېلىپ ئاڭلىمامسەن!

— سىرتتا نېمە ئىش بوپتۇ؟

گۈلجاھان دەلدەڭلەپ دېرىزە تۈۋىگە
كېلىپ ئۇن چىقارماي قۇلىقىنى تۇتۇپ
تىڭشىدى.

— ھېچ نېمە يوققۇ، ساڭا جىن كۆرۈن-
گەن ئوخشىمامدۇ؟

— تېچ، ئاۋازىڭنى چىقارما، ئاڭلىغىنا
مانا بۇ... گۈلجاھان ئەمدى ھېلىقى ئىككى
توپ قېيىن دەرىخى تەرىپىدىن كەلگەن پەس
ئاۋازنى ئاڭلىدى. ئۇ، ئېرىنىڭ قۇلىقىغا پى-
چىرلاپ:

— ئۇلار نېمە ئادەملەر؟ — دەپ سو-
رىدى.

— بىر جۈپ ئاشىق - مەشۇقلار.

— ئۇلار بۇ يەرگە كېلىپ نېمە قى-
لىدۇ؟

— ھەي، ئىش ئۇققمايدىغان خوتۇن،
سېنىڭ كىچىك بالىدەك ئەخمەقلىقىڭنى قارا،
ئۇلارنىڭ... گېپى ئاز بولامتى؟

— تازا بىر نېمىكەنسەن، ئوغرىلىقچە
ئاڭلاپ نېمە قىلاتتىڭ؟ ئۇلارنىڭ ئاستا سۆز-
لىشىشى بىلەن نېمە چاتىقىڭ؟ قىلغىلى ئىش
يوقتەك ياشلارنى كوزۇرلىتاي دەمسەن؟ تولا
جاۋۇلدىماي ئۇخلساڭچۇ!

قاسەن قالى خاپا ھالدا سافادا ئوڭ-
دىسىغا ياتتى. گۈلجاھان سىلاپ - سىپاپ
كارۋات بېشىدىكى سەرەڭگىنى تاپتى ھەم ئۇ-
نى ياندۇرۇپ تام سائىتىگە قارىدى. سائەت
12 دىن ئاشقان ئىدى.

— ئۆلمىگۇر قېرى، نېمىشقا ئۇخلىماي-
دىغاندۇ؟ — دەپ غۇڭشۇپ ئورنىغا ياتتى ئۇ،
ئەمما ئۇياققا ئۆرۈلۈپ - بۇياققا ئۆرۈلۈپ ئۇي-
قۇسى كەلمىدى. قاسەن قالىمۇ ئۇياققا ئۆرۈ-
لۈپ - بۇياققا ئۆرۈلۈپ ھامان كۆڭلىدە بىر
نېمە كامدەك خاتىرجەمسىزلىنىپ، ئاخىرى
ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. گۈلجاھان يوتقان-
دىن بېشىنى چىقىرىپ ھەمرىيىنىڭ خۇددى
ئالۋاستىغا ئوخشاش مىدىر - سىدىر قىلماي سىرتقا
قاراپ تۇرغانلىقىنى كۆردى.

گۈلجاھاننىڭ كۆڭلى بىسەرەمجان بولۇپ:
«خۇدايىم، ئۆزەڭ ساقلىغايسەن، ئۇ نېرۋا
كېسەل بولۇپ قالمىغاندۇ يەنە» دەپ پىچىر-
لىدى.

— ھوي دادىسى، يېرىم كېچە بولۇپ
قالدى، سەن...، — ئۇنىڭ ئاۋازى پەسەيمەي
تۇرۇپ، قېيىن دەرىخى تۈۋىدىكى بۇلاق
تەرەپتىن ئېغىز گارمۇننىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى.
گۈلجاھان قۇلاققا يېقىملىق بۇ زىل ئاۋازنى
ئاڭلاپ، دەرھال كارۋاتتىن چۈشۈپ ئېرىنىڭ
يېنىغا كەلدى. ئەمما گارمۇننىڭ ئاۋازى تو-
يۇقسىز توختاپ قالدى، لېكىن يىگىت بىلەن
قىزنىڭ سۆزلەشكەن ئاۋازلىرى بۇلاق سۈيى-
نىڭ شىلدىرلىشىغا ئەگىشىپ بارغانسېرى ئو-
چۇق ئاڭلىنىشقا باشلىدى.

— كېچە نېمە دېگەن گۈزەل - ھە!

شۇنداقمۇ مۇرات؟
— شۇنداق.
— ئېيتقىنا، كېچە نىمىشقا گۈزەل بولىدۇ؟
— چۈنكى سەن گۈزەل بولغاچقا - دە،
ئامىنە.
— قارا، مۇرات، ساغاي-لارمۇ قايىتىپتۇ،
بىزمۇ ئۆيگە قايتايلى.
— ئەتە كېلەمسەن؟
— ھەئە.
سۆزلىشىۋاتقان ئاۋاز بايىقى ئېغىز
گارمۇنىنىڭ ئاۋازىغا ئوخشاش تۇيۇقسىز يو-
قاپ كەتتى.
قاسەن قالى بىرەر نىمىسىنى يوقىتىپ
قويغاندەك كۆڭلى غەش بولۇپ چوڭقۇر بىر
ئۇھ تارتىپ قويدى. گۈلجاھانمۇ بىرەرنىمىنى
ئېسىگە كەلتۈرگەندەك ئېرىگە بىر ئېغىزمۇ گەپ
قىلمىدى. ياشانغان بۇ بىر جۈپ ئەر - خو-
تۇن بىر - بىرىگە - مۇرىدەشكىنىچە دەرىزە
تەكچىسىگە يۆلىنىشىپ پايانسىز كېچە ئاسمى-
نىغا ئۇزاققىچە قاراپ تۇرۇشتى. تاڭ سۈزۈ-
لۈشكە باشلىدى، تۈن پەردىسى ئېچىلىپ كۆك
ئاسمان كۆرۈنۈشكە باشلىدى، تولۇن ئايمۇ
يوشۇرۇندى، تاڭ يۇلتۇزىمۇ ئۆزىنىڭ ئاخىر-
قى ئاجىز نۇرلىرىنى سېپىپ غايىپ بولدى.
ئۇيۇقتىكى تۈنجى تاڭ تۈرى يەڭگىلگىنە
چېچىلىپ قاراڭغۇلۇقتىن ئېتىلىپ. چىقىۋاتقان
بۇلاق سۈيىنى سۆيگەندەك قىلاتتى. ئاسمان
تېخىمۇ سۈزۈلۈپ كەتتى. ئىللىق سەھەر شا-
مىلى كېلىشى بىلەن گۈل - گىياھلارنىڭ يې-
قىملىق پۇرىقى تېخىمۇ كۈچەيگەندەك بولدى.
ئۇلار ئەمدى ئۆزلىرىنى تارتىپ دەرى-
زىنى ياپتى. قاسەن قالى بىر كېرىلىۋېتىپ،
خېلى ئۇزۇن ئەسنەپ، ساپ ھاۋادىن تويـ-
ماي سۈمۈرۈپ تۇرۇپ:
— خوتۇن، بىزمۇ دەم ئالايلى، —
دېدى.
قاسەن قالى ئۇيقۇسىدىن ئويغىنىپ
قوپۇپ، سايمان ساندۇغىدىن پالتا، بولقا، ھە-
رىلەرنى ئېلىپ، ئىككى تۈپ قېيىن دەرىخى
تۆۋىدىكى تۈنۈگۈن كەچ قىز بىلەن يىگىت
سۆزلەشكەن جايغا كەلدى. ئۇ، بۇ يەرنى قە-
دەملەپ، ئۆلچەپ چىقىپ، ئەسلىدە ئىشكاپ
ياساشقا تەييارلاپ قويغان تاختاينى ئېلىپ
چىققىلى ئۆيگە ماڭدى. ئۇ خوتۇنىنىڭ سۆ-
زىگە پەرۋا قىلماستىن غىڭشىپ قويۇپ، قولى-
دىكى ئىشنى قىلىۋەردى.
— ھەي، نىمىگە ئالدىراۋاتىسەن؟ ئىش-
كاپ ياسىماقچىمۇ؟ ئاڭلىدىڭمۇ دەۋاتىمەن!؟
— ھە، ھە! ياق ....
— زادى نىمە ياسىماقچى؟
— يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇق ياسىماقچى.
— ئورۇندۇق؟
— شۇنداق! بۇ ئىككى تۈپ ئاق قې-
يىن دەرىخى تۆۋىگە ھىلىقى بىر جۈپ ياش
ئۈچۈن ئورۇندۇق ياسىماقچى.
— ساراڭ بولدۇڭمۇ - نىمە؟
قاسەن قالى تاختاينى تامغا يۆلەپ قو-
يۇپ، مىق ئېلىپ چىققىلى ئۆيگە ماڭدى.
گۈلجاھانمۇ ئۇنىڭ سايىسىدىن ئايرىلماي كەي-
نىگە كىرىپ‌لىۋالدى.
— ھوي مۇشۇ، بىرلا تاختاي قالغان
ئىدىغۇ، ئۇنىڭدا ئىشكاپ ياسىماقچى بولغان-
غۇ، يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇق ياسىغانىنىڭ نە-
مىگە پايدىسى بار؟
— ھەي، خوتۇن سەنمۇ تۈنۈگۈن
كەچ يىگىتنىڭ قىزچاقنى بۇ يەرگە باشلاپ
كەلگەنلىكىنى كۆردىڭغۇ، ئۇلارنىڭ بۇ يەر-
نى ياقتۇرۇپ قالغانلىقىنى چۈشەنگەنسەن.
ھەقىقەتەنمۇ شۇنداق - تە، قېيىن دەرىخى
شىۋىرلاپ تۇرغان، بۇلاق سۈيى شىلدىرلاپ
ئېقىپ تۇرغان مۇشۇنداق ياخشى يەردە پەقەت
يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇقلا كەم - دە!
ئېرىنىڭ بۇ سۆزلىرى ئۇنىڭغا تەسىر
قىلدى.
ياش ۋاقتىدا ھەممىگە پەرۋاسىز قاراي-
دىغان ئېرىنىڭ ئەمدىلىكتە ھەممە ئىشنى ئەت-

راپلىق ئۇيلىغىنىغا قاراپ چىرايىدا تەبەسسۇم جىلۋە قىلدى. قاسەن قالى ئاق قېيىن تۈۋدە خېلى ئۇزۇن ھەپىلەشتى. گۈلجاھان چاي قاينىتىپ ئېرىنى چايغا چاقىردى. بوۋاي قولىدىكى ئىش بىلەن بولۇپ كەتكەچكە سەۋىرسىزلىك بىلەن:

— چاي قېچىپ كەتمەيدۇ، ئۆزەڭ ئىچىۋەرگىن، — دەپ تووۋلىدى.

بۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇق پۈتتى، قاسەن قالىنىڭ خوشاللىغى ئىچىگە سىغمىغان ھالدا ئۆزى ياسىغان ئورۇندۇققا سەپسالاتتى.

— ھوي خوتۇن، بۇ ياققا كېلىپ قارىغىنا، قانداقراق ياسالدىكىن، كەل، ئىككىمىز ئالدى بىلەن ئولتۇرۇپ سىناپ باقايلى.

— چاقچاق قىلمىساڭچۇ.

گۈلجاھان ئېرىنىڭ قولىنى ئاستا ئىتتىرىپ قويدى. ئېرى ئۇنى يېنىغا تارتىپ ئورۇندۇققا ئولتاردى.

ئۇ مۇرىسىنى ئېرىنىڭ گەۋدىسىگە يۆلەپ، ئاق ياغلىق بىلەن يۈزىنىڭ يېرىمىنى ئېتىۋېلىپ، كۆچىنىڭ بىرىچە ئۇنىڭ يوتىسىنى چىمداشقا باشلىدى. ئۇلار بىر - بىرىگە قارىشىپ كۈلۈشۈپ كەتتى، چاي پورۇقلاپ قايناۋاتاتتى.

چاي ئىچىشۋاتقان ۋاقتتا سۆزنىڭ تېمىسى ئورۇندۇق بىلەن ھىلقى بىر جۈپ ياش ئۈستىدىلا بولدى، خوتۇنى:

— ئۇلار يەنە كېلەرمۇ؟ — دەپ سورىدى. ئېرىمۇ سۆزنىڭ ئايىغىغا ئۇلاپلا:

— ئورۇندۇقنى كۆرسە قانداق قىلىشاركىن، — دىدى.

كېچە، ئاسمان گۈمبىزىنىڭ ھەممە يېرىدە يۇلتۇزلار چاقناپ تۇراتتى، يېڭى تۇققان ئايمۇ كۈلۈمسىرەيتتى. سۈتتەك ئاپپاق ئاي شولىسى بۇ ئىككى تۈپ ئاق قېيىن دەرىخىنىڭ يوپۇرماقلىرى ئارىسىدىن ۋە ئوچۇق تۇرغان دەرىزىدىن ئۆتۈپ، خۇددى بالدۇرلا دەرىزە سىرتىدا قاراپ تۇرغاندەك تۈيدۇرماستىن شولىسىنى ئۆيگە سېپەتتى.

— دەرىزە ئوچۇق تۇرسا ئۇلار كەلمەيدۇ، يېپىۋېتەيلى.

— ئالدىرىما خوتۇن، ئۇلار كەلگەندىن كېيىن ياپايلى.

— ئۇنداقتا ئۇلار كەلمەيدۇ.

بىر ئازدىن كېيىن بوش ئاياق تىۋىشى ئاڭلاندى، ياشلار كەلگەن ئىدى.

بوۋاي دەرىزىنىڭ تۈۋدە قىمىر قىلماي تىك تۇراتتى.

— دەرىزىنى يېپىۋەت.

— ياق، ئازراق ئوچۇق تۇرسۇن.

يىگىت بىلەن قىز ئورۇندۇقنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى.

— مۇرات، قارىغىنا، بۇ ئورۇندۇق تۈنۈگۈن يوق ئىدىغۇ؟

— ھوي، نەدىن پەيدا بولۇپ قالدىكىنە!؟

— بىز كېتەيلى.

— نەگە؟

— ئىگىسى كەلسە بىزنى ھەيدىۋېتىدۇ.

قاسەن قالىنىڭ ئىچى تىت - تىت بولغىنىدىن: قۇشلۇرۇم، بۇنى سىلەر ئۈچۈن مەخسۇس ياسىغان، ئولتۇرۇۋېرىڭلار، ئولتۇرۇۋېرىڭلار، دەپ ۋاقىرىۋەتكىلى تاسلا قالدى. مۇبادا ۋاقىراپ چۆچىتىپ قويۇدىغان بولسا، ياخشى نىيەتلىك بوۋاي بىھۇدە ئاۋارە بولغان بولاتتى.

مۇرات ئالدى بىلەن ئورۇندۇقتا ئولتاردى.

— بۇ بىزنىڭ، چۈنكى بىز ئالدىدا كەلگەن - دە.

قاسەن قالى خوشاللىغىدىن ھەتتا خوتۇنىغا ئۇسسۇۋالغىنىنىمۇ سەزمىدى. ئۇ، دەرىزىنىڭ يوچۇغىدىن بۇ بىر جۈپ ياشنىڭ ئورۇندۇقتا راھەتلىنىپ ئولتۇرۇپ، تۈگىمەس مۇھەببەت پاراڭلىرىغا چۆشۈپ، كۈلۈشۈۋاتقانلىغىنى كۆردى.

— كۆردۈڭمۇ، ھەقىقەتەن خۇدا قوشقان بىر جۈپلەر ئىكەن - دە.

گۈلجاھانمۇ قىستىلىپ كېلىپ يوچۇقتىن قارىدى، بۇ ئىككىسىنىڭ

بېـشى بىر - بىرىـگە چاپلىـشىـپ كەتـكـەنـ
دەك بولدى. دەل مۇشۇ ۋاقىتتا يىگىت قىز-
نى باغرىغا باستى، بۇ مەنزىرىنى كۆرگەن
قاسەن قالى ئىختىيارسىز هالدا قاداق بېسىپ
كەتكەن يوغان قولى بىلەن خوتۇنىنىڭ قولىـ
نى تۇتۇپ قىستى. بىر خىل كۈچلۈك ئىسـ
سىق ئېقىم ئۇلارنىڭ تېنىدىن ئۆتۈشۈپ، خۇدـ
دى ئۇلارمۇ ئۆزلىرىنى بىر - بىرىنىڭ باغرىغا
ئاتقاندەك بولۇشتى.

ئۆيدىكى تام سائىتىنىڭ چىك - چىك
ئاۋازىمۇ ئۇلارنىڭ جىددى ئۇرۇلۇۋاتقان تو-
مۇر ئۇرۇشى بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەن ئىـ
دى. ئۇلار دەرىـزىنى يېپىـپ، دەرىزىنىڭ
ئىككى تەرىپىدە جىمغىنا تۇرۇشتى. گۈلجا-
هانىنىڭ قورۇق بېسىپ كەتكەن چىرايىـنى
قىزىللىق قاپلاپ، بوۋاينىڭ كۆزىگە ئۇنىڭ
قىز ۋاقتىدىكى يېقىملىق گۈزەللىكى قايتا ئەسـ
لىگە كېلىپ قالغاندەك كۆرۈندى.

شۇنداق، ئۇلار توي قىلغاندىن كېيىن،
قانچىلىغان كۆللەرنىڭ سۇلىرى قۇرۇپ، قانچە
قېتىملاپ قارا بورانلار چىقىپ بېسىلغاندۇر؟
ئۇلار ئۆي تۇتقان يىلى تىككەن بۇ ئىككى
تۈپ ئاچ يېشىل قېيىن كۈچىيىپ هازىر يو-
غان هەم چوڭ بولۇپ ئۆستى، ئۇنىڭ هەر
بىر يوپۇرمىغى گۈلجاهاننىڭ موماينىڭ چېچىغا
ئوخشاش سېرىق رەڭگە ئۆزگەرگەن ئىدى.

ئاشۇ گۈزەل ياشلىق باهار، بەختلىك
كۈنلەر ۋە تۈنلەر ئەمدى قايتىپ كەلمەسكە
كەتتى، ئەمما بۇ بۇلاق سۈيى يەنىلا سۈپ-
سۈزۈك بولۇپ، يەنىلا شۇنداق توختىماي
ئېقىۋاتىدۇ.

ئۇ چاغلاردا قاسەن قالى مۇشۇ بۇلاق
بويىدا گۈزەل قىز گۈلجاهانغا ئۆزىنىڭ ساپ
مۇهەببىتىنى ئىزهار قىلغان ئىدى. ئۇلار هەر
كۈنى كەچتە مۇشۇ يەردە ئۇچرىشاتتى هەمدە
ئۇ، توختىماي گۈلجاهانغا مۇهەببەت سۆزلىـ
رىنى ئىزهار قىلاتتى.

قاسەن قالى بۇلارنى بۇرۇنلا ئۇنتۇغان
بولۇپ، پەقەت گۈلجاهاننىڭ دادىسىنىڭ ياللىـ
يىۋېلىپ، قاسەن قالىنىڭ دادىسى بىلەن تۈ-
زۈشكەن نىكا توختىمىنى يىرتىپ تاشلىغىنى
تېخىچە ئېسىدە ئىدى. لېكىن قاسەن قالى يې-
رىم كېچىدە قىزنى ئېلىپ قېچىپ، ئاخىرى،
ئۆزىنىڭ سۆيگەن قىزىغا ئۆيلەندى. شۇنىڭـ
دىن كېيىن قاسەن قالى سۆيگـۈنى بىلەن
تۇنجى قېتىم ئۇچراشقان بۇ خالى جايغا ئازا-
دە يېڭى ئۆي سالدى. ئەر - خوتۇنلار بىر -
بىرىنى داۋاملىق ياخشى كـۆرۈشۈپ ئۆتتى،
پەرزەنت كۆردى، بۈگۈنكى كۈنلۈكتە باللار
بىر - بىرلەپ چوڭ بـولۇپ هەممىسى ئۆي -
ئوچاقلىق بولدى.

هازىر پەقەت ئەر - خوتۇن ئىككىسىلا
ئۆيىنى ساقلاپ قالدى. ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى
كۆڭۈللۈك، كۆڭلى ئازادە ئىدى. بوۋاي باغـ
دىكى ئىشلار بىلەن بەنت بولاتتى، موماي
ئۆي ئىشلىرى بىلەن ئاۋارە بولاتتى، ياشلىق
مەزگىلىدىكى ئاشۇ خىل قىزغىنلىقلار ئاللىقا-
چان ئۇنتۇلـغان، ئۆيـنىڭ ئىـچى جىمجىت
بولۇپ قالغاندەك بىلىنەتتى.

شۇنداق، مانا بۇ ئۇلارنىڭ ئۆمرىنىڭ
ئاخىرقى مەزگىللىرى ئىدى.

قىز بىلەن يىگىت بىر - بىرىگە يېپىـ
شىپ تۇراتتى. قېيىن دەرىخىنىڭ شۇۋىرلىغان
ئاۋازى، بۇلاق سۈيىنىڭ شىلدىرلاپ ئېقىشى
بىلەن بىرلىشىپ كىشىنىڭ زوقىنى كەلتۈرگىـ
دەك مۇزىكا ساداسىنى هاسىل قىلاتتى. بۇ
مۇزىكا ساداسى كىشىلەرنى ئۆزىگە مەهلىيا
قىلىپ، ئاينىڭ شولىسىغا چۆمۈلـگەن كىشىلەر
پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئۇنىڭغا بېرىلەتتى.

ياق، ئۇ ناخشا ئېيتىۋاتىدۇ، ئۇنىڭ يې-
قىملىق ئاۋازى ئىستىداتقا تولۇۋاتقان ياشلار-
نىڭ ۋە چېچى ئاپپاق ئاقارغان قېرىلارنىڭ
قەلب تارىسىنى چېكەتتى.

(«سوۋېت ئەدەبىيات - سەنئىتى» ژورنىلىنىڭ 1983 - يىللىق 5 - سانىدىن.)

ئەركىن ئەرشىدىن تەرجىمىسى

# يۇمۇرلار

## ھاڭۋاقتى پۇروفېسسور

مەن ناھايىتى بىلىملىك بىر پۇروفېسسورنى تونۇيمەن، بۇ كىشى ئۆزىنىڭ كەسپىدىن باشقا ئىشلارنىڭ ھەممىسىگە ھاڭۋاقتىلىق قىلىدۇ. بىر كۈنى ئۇ ئەينەككە قاراپ ئۆز ئەكسىنى كۆرۈپتۇ ۋە ئۆزىنى نەدە كۆرگەنلىكىنى ئويلاپ 2 سائەت تۇرۇپتۇ. يەنە بىر كۈنى ئۇ، يا چىقىشنى، يا كىرىشنى ئۇقماي بىر ئايلانما ئىشىكنى 6 سائەت ئايلىنىپتۇ. تۆۋەندە بۇ كىشىنىڭ يەنە بىر نەچچە ھېكايىلىرىنى ئاڭلاڭ:

∆ ئاشپەز: پۇروفېسسور، بىر نەرسىنى ئۇنتۇپ قالدىڭىزغۇ؟

پۇروفېسسور: نىمىنى ئۇنتۇپتىمەن؟ تاماقنىڭ پۇلىنى بەردىمغۇ!

ئاشپەز: شۇنداق، لېكىن تاماقنى يېيىشنى ئۇنتۇپ قالدىڭىز.

∆ بالىسى: دادا، ئۆي ئىجارىسى ئالىدىغان ئادەم كېلىپتىكەن، دادام ئۆيدە يوق دىسەم ئىشەنمەيۋاتىدۇ.

پۇروفېسسور: ئىشەنمەيۋاتامدۇ؟! ئۇنداق بولسا ئۆيدە يوقلۇغىمنى ئۆزەم دەپ قويай.

∆ — ماشىنا قېنى؟ — دەپ سوراپتۇ پۇروفېسسور ئۆيىگە كەلگەندە ئايالى.

— مەن ماشىنىنى ھەيدەپ چىقىپ كەتكەنمىدىم؟

— ھەئە، سىز ئەتىگەندە ماشىنا بىلەن مەكتەپكە كەتكەنغۇ؟

— توغرا، توغرا، قەدىرلىگىم، ئەمدى ئېسىمگە كېلىۋاتىدۇ، مەن ماشىنىدىن چۈشۈپ، يولدا ماشىنىغا چىقىۋالغان ھىلىقى ئادەمگە رەھمەت ئېيتىپ قايتىپ كېلىپتىمەن، لېكىن ئۇ ئادەمنىڭ نەگە كەتكەنلىگىنى بىلمەيمەن.

∆ پۇروفېسسور: ۋاي خۇدايىم، پورتماللىمنى بىرسى ئوغۇرلاپ كېتىپتۇ.

ئايالى: يانچۇغىڭىزنى بىرەرسى ئاختۇرغاندەك قىلمىغانمۇ؟

پۇروفېسسور: ئاختۇرغاندەك قىلغان، مەن تېخى ئۆزەم ئوخشايمەن دەپتىمەن.

∆ — مېنىڭ ئايىغىم قېنىدۇ؟ — دەپتۇ پۇروفېسسور ئۆز-ئۆزىگە.

— پۇتىڭىزدا تۇرىدۇ، — دەپتۇ بىر ئوقۇغۇچى.

— ھە، راست، — دەپتۇ پۇروفېسسور، — ھەر نىمە بولسا سىز كۆرۈپسىز، بولمىسا ئۆيگە يالاڭ ئاياق كېتەركەنمەن.

×  ×

∆ پېتى: مەرىي ماڭا قەلىمىڭىزنى بېرىپ تۇرۇڭا؟
مەردي: نىمىشقا ئۆزىڭىزنىڭكىنى ئىشلەتمەيسىز؟
پېتى: مېنىڭ قەلىمىم بەك تولا خاتا يېزىپ قويۇدىكەن.
∆ قايسى ئايدا كىشىلەر ئەڭ ئاز گەپ قىلىدۇ؟
— فېۋرالدا.
— نىمە ئۈچۈن؟
— چۈنكى فېۋرال ئەڭ قىسقا ئاي - دە!
∆ ئوقۇتقۇچى: تومى، جاۋاپ بەرگىنە، ئامېرىكا نەدە؟
تومى: جۇغراپىيە كىتاپىنىڭ 10 - بېتىدە.

ئېنگىلىزچىدىن: گۈلباھار ھوشۇر تەرجىمىسى.

2 - سانغا تۈزىتىش

| بەت | كالونكا | قۇر: يۇقىرىدىن | قۇر: تۆۋەندىن | پېسىلغىنى | توغرىسى |
|---|---|---|---|---|---|
| - 29 | - 1 | — | - 3 | پەيلىدىن | پەيلىرىن |
| - 31 | - 1 | - 5 | — | سەپەر | سەھەر |
| - 31 | - 1 | — | - 2 | اھەقباغ | راھەتباغ |
| - 33 | - 1 | - 5 | — | ئامارىنىڭ | ئارمانىنىڭ |
| 34 | - 2 | — | - 5 | ئارچىتىن | ئارچىدىن |
| - 42 | - 2 | — | - 2 | ئەكەنلىگىمنى | ئەكەنلىگىنى |
| - 61 | - 1 | 7 - 20 | — | ھاپىز نازىرغا | ھاپىز نازىر |
| - 105 | — | - 17 | — | «دوھى» | «روھى» |



باھار ئەتىگىنى

سۈرەتنى ئابلىز ئابدۇللا تارتقان.



# تارم


塔里木（维吾尔文，文学月刊）

1984 - يىل 3 - سان (277 - سان)، 27 - يىل نەشرى

تۈزگۈچى: «تارىم» ژورنىلى تەھرىر بۆلۈمى

ئۈرۈمچى دېموكراتىيە يولى 32 - قورا، تېلېفون نومۇرى: 24784

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى

شىنجاڭ شىنخۇا 1 - باسما زاۋۇدىدا بېسىلدى

ئۈرۈمچى پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلدۇ. مەملىكەت بويىچە

ھەممە جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتىرى قوبۇل قىلىدۇ.

باسما تاۋاق: 9، ژورنال نومۇرى: 66 - 58، باھاسى: 0.40 يۈەن.

قەزەللىك ژورنال نومۇرى: 024

定价：0.40元